ISSN 1002-9044




1996 12

ISSN 1002-9044
12
9 771002 904009




7-قېتىملىق خانتەڭرى
ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەت-
لىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈش



مۇكاپات ۋە شەرەپ



مۇكاپاتلانغان
ئاپتورلار سەھنىدە



پىچان ناھىيىلىك
پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈ-
مىتىگە خاتىرە بۇيۇم
تەقدىم قىلىش

# تارىم

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

46-يىل نەشرى

12

1996

# بۇ سانىدا

## 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىغا تەبرىكلەر


مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۋەنجاڭى تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەبرىك خېتى........................ 4

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەبرىك خېتى........................ 4


## نەسرىي ئەسەرلەر


ئېزىزجان سادىر........تۇمان (ھېكايە)........................ 5

يارمۇھەممەت تۇرسۇن.....قوشنام (ھېكايە)........................ 24

توختى سابىر........زۆھرەخانىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى (پوۋېست)... 48


## شېئىرلار


ئابلىكىم خېۋىر........ئاسمان نەزمىلىرى........................ 39

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر........بىزنىڭ كارۋان........................ 41

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن........جەنۇبىي باغچا بوستانى........................ 44

ساۋۇتجان تاھىر........غەزەللەر........................ 45

روزى سايىت........بولسام بۇلبۇل ناۋاكەش........................ 47

ئەخمەتجان تۇرۇپ........بۇلدۇقلايدۇ قەلبىمدە شېئىر........................ 87

تۇرغان شاۋۇدۇن........بوراندىن كۆچلۈكلەر........................ 89

ئۆمەر ئوسمان شىپاھى........ئىككى غەزەل........................ 92

مەسئۇد مەرۇپ........يەر تەكتىگە يول ئالدى يىلتىز........................ 93

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت........ئەقىدە ناخشىلىرى........................ 94

ئىبراھىم نىياز........خىلۋەت ماكان........................ 96

ئىسمائىل سابىر........سۆيگۈ تەشناللىقلىرى........................ 97


## خاتىرە ۋە ئەسلىمە


ئەخمەت تۇردىيېۋ........كونا چامدان (ئەسلىمە)........................ 99

# بۇ سانىدا

## ماقالىلەر


مجىت ناسىر............ دادىل ئىزدىنىپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى.............113

قەييۇم تۇردى............ 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز.............. 117

ۋاڭ جۈڭمىڭ............ تەبرىك ۋە تىلەك.................. 122


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


جۇرئەت سەيپۇللا............ ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ 90-يىللاردىكى يېڭى يۈزلىنىشى... 124

ئىسمائىل تۆمۈرى............ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەدەبىي تەنقىتچىلىكنىڭ رولى............129


## تەرمە گۈللەر


ئەسئەت ئابدۇرېشىت............ ئەركەكلەر (ھېكايە)................133


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


پېچاندا جەم بولۇشتى كۆپ قەلەمكەش، دىللاردا لاۋۇلدىدى يېڭى ئاتەش... 143

7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەر ۋە ئاپتورلار....147

روسىيىدە يېسىنىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرلەندى، برودېيسكىنىڭ ۋاپاتى روسىيىدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى، ئۇ شېئىرلىرىدا كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا ئىزدەندى...........................148

1996-يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە ........................150


* * *

مۇقاۋىدا: يۇقىرىقى سۈرەتتە: 7- قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقانلار خاتىرە سۈرىتى.

تۆۋەندىكى سۈرەتتە: پېچان ناھىيە لۈكچۈن يېزا تۇر تۇۋى باشلانغۇچ مەكتىپى «مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» دىكى ئوقۇغۇچىلار ئويۇن كۆرسەتمەكتە.


رەسسام: زۇلپىيە ئابدۇرېھىم

مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

# 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىغا تەبرىكلەر

7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ پىچاندا ئېچىلغانلىقىنى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

يولداشلارنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاي!

**تۆمۈر داۋامەت**

1996-يىل 16-سېنتەبىر

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، ئېچىلىش-سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىي ژۇرناللارنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىجادىيەتنى توغرا يېتەكلەش بىزنىڭ تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى-مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «تارىم» ژۇرنىلى باشقا قېرىنداش ژۇرناللارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق تەسىرى بىرقەدەر چوڭ ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋاتقانلىقى خۇشاللىنارلىق ئىش. ئاممىۋىلىق، يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىلدۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە رولى چوڭ. ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، كوللېكتىۋىزم، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە روھنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىڭلارغا تىلەكداشمەن.

**ئابلەت ئابدۇرېشىت**

1996-يىل 22-سېنتەبىر

ئېزىزجان سادىر

# تۇمان



( ھېكايە )

ناھىيىدە ئېچىلغان « ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش يىغىنى » ئاياغلاشقاندا سائەت ئوندىن ئاشقانىدى. مەن ماشىنىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان شوپۇرۇمنى ئويغىتىپ ئىدارىگە قاراپ يول ئالدىم.

يۈز نەچچە ئىشچى-خىزمەتچىسى، تۆت قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى، ئەتراپى تۆمۈر رېشاتكا، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار بىلەن قورشالغان بۇ بىر پارچە كىچىك زېمىننى ئۆزۈمنىڭ مۇستەقىل « خانلىقىم » دېسەممۇ بولاتتى، چۈنكى بۇ يەردە ھەممە مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئاڭلايتتى. كىشىلەر ئالدىمدىن باشلىرىنى ئېگىشىپ، چىرايلىرىدىن كۈلكە يامراتقان ھالدا يېنىك دەسسەپ ئۆتەتتى، ھەتتا ئائىلە قورۇسىدىكى شوخ باللارمۇ مېنى كۆرگەنلىرىدە چۇرقىراشلىرىدىن توختاپ، كۆزلىرىنى ماڭا ئەيمىنىش بىلەن تىكىپ جىمىپ قالاتتى. مەن ھەر قېتىم پارقىراپ تۇرغان « ئاۋدى » ماركىلىق ماشىنامدا، ھەيۋەت بىلەن ئىدارىگە كىرىپ كەلگىنىمدە كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل ھۇزۇرلىنىش، ياپراش سەزگۈسىنىڭ ئېلېكتر دولقۇنلىرىدەك پۈتۈن بەدىنىمگە تاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

مەن دىجورنى ئۆيى ئالدىدىكى ئوتتۇرا ياش دەرۋازىۋەنىنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرىشىگە جاۋابەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ ماشىنىدىن چۈشۈپ خىزمەت بىناسىغا قاراپ ماڭدىم. شۇ ئارىدا كۆزۈم خىزمەت بىناسى ئىشىكى ئالدىدىكى ئىككىيلەنگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىرى — خېلى ئەپچىل قورساق سالغان، قوش ئېڭەك، كۆزلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان كىشى — ئىدارىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەمەتجان بولۇپ، ئۇ تېخى يېقىندىلا كەلگەنىدى.

ئۇ بۇرۇن ×× يېزىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. مەن شۇ چاغلاردىن بىرى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشاتتىم. بۇ قېتىم ئۇنى ئىدارىمىزگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ يۆتكىگەنىدە مەن ھەر ھالدا خۇشال بولدۇم. چۈنكى تونۇشمايدىغان ئادەمدىن ياخشىراقتە.

يەنە بىرى بېشىغا كونا شىلەپە كىيىۋالغان، چىرايى قارامتۇل، قوپالراق كۆرۈنىدىغان، ئېگىز بويلۇق، ئورۇق كىشى ئىدى. مەن بىرىنچى قارىشىمدىلا ئۇنى دېھقان بولسا كېرەك دەپ جەزملەشتۈردۈم. ئۇ ئادەمنىڭ بىچارىلىك ئەكسىنى تاپقان سولغۇن چىرايى، يېلىنىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىققا بىرەر ھاجەت بىلەن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەمەتجاننىڭ ئادەتتە كۈلكە كەم بولمايدىغان چىرايى تۇرۇلگەن، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئادەمگە بىر نېمىلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئاچچىق بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا ئەمەتجان مېنى كۆرۈپ قالدى. چىرايى چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگىرىپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— يىغىن تۈگەپتۇ-دە، ئاجۇيجاڭ؟

— ھە، — دېدىم مەن پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ قولۇمدىكى خىزمەت سومكامنى دەسسەپ قويۇپ، — مانا بۇنىڭ ھەممىسى يىغىننىڭ روھى.

— دېمەك بىر-ئىككى كۈن بېسىپ ئولتۇرىدىكەنمىز دېسىلە، — ئەمەتجان ھېلىقى شىلەپىلىك ئادەمنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى ئۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ مەن بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى، — بۇ قېتىم يىغىننىڭ ئاچچىقى خېلى يامان ئوخشىمامدۇ؟

مەن جاۋاب بېرەي دېگۈچە ئارقىمىزدىكى كىشى گەپ قىلىپ قالدى:

— ئەي جۇيجاڭ مېنىڭ ئىشىمنى...

ئەمەتجاننىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ھەش-پەش دېگۈچە ئۆچۈپ ئورنىغا ئاچچىق يامرىدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھومايدى.

— قانداق ئادەمسىز!؟ دېدىمغۇ، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ دەپ! ... كېتىڭ، كېتىڭ، ئەمدى كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلماڭ، سىزنىڭ ئىشىڭىزغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلماڭ!

ئۇ ئادەمنىڭ قورۇق باسقان چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، تېخىمۇ غەمكىن تۈسكە كىردى. ئەسلىدىمۇ ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. ئۇ ئەمەتجاننىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ:

— ئا... ھ خۇدا! ئاھ دەردىم، شەرمەندىچىلىكىم... — دېگىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ سەنتىرەكلىگەن ھالدا مېڭىپ كەتتى. مەن بۇ چۈشىنىكسىز ئىشلاردىن ھەيران بولغان ھالدا ئەمەتجانغا سوئال نەزىرىم بىلەن قارىدىم.

— سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا ئاجۇيجاڭ، — دېدى ئەمەتجان يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ ماڭا تەڭلىگەچ، — سىلى، بىز ئۆز ئادەم، گەپ يوشۇرۇشمايمىز. بۇ كىشىنى مەن يېزىدىكى ۋاقتىمدا بىر

كەنتنىڭ باشلىقلىقىغا ئۈستۈرۈپ قويغان، ھازىر ئەمدى يەنە ئۆزىنى باشقا كەنتكە يۆتكەپ قويۇشنى ئېيتىپ كەپتۇ...

— نېمىشقا يۆتكەلگۈسى كەپتۇ؟

— ئۆزىنىڭ دېيىشىچە كەنت خەلقى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۇنى يامان كۆرىدىكەن.

— قىزىق ئىشتە، نېمىشقا ھەممە ئادەم ئۇنى يامان كۆرىدىكەن؟

سوئالىم بىلەن تەڭ ئەمەتجان خۇددى ئۆزىگە يېپىشىۋالغان قانداقتۇر قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنى قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك قولىنى بېشى ئۈستىدە پۇلاڭشىتىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— كىم بىلىدۇ دەيسىز، ئېھتىمال خەقنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغاندۇر... بۇ نامان تېگىدىن ساۋاتسىز ئادەم، بىلىم-مەدەنىيەت دېگەنلەردىن قىلچىلىك خەۋىرى يوق، ئادەم باشقۇرۇشنى بىلمىگەندىن كېيىن بەلكىم، — ئۇ بىردىن ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغىنىنى سېزىپ قىلىپ ھىجايدى، — مەن ئۇنىڭ ئىشچانلىقىنى دەپلا ئۈستۈرگەندە... بولمىسا باشلىق بولغۇدەك بىلىمى يوق.

مەن ئۆز ئىشخانامغا كىرىپ كەتتىم. ئەمەتجانمۇ ئىشخانىسىغا ئالدىراپ كىرىپ كەتتى. ماڭا بۇ ئىشلارنىڭ تېگىدە خۇددى چوڭقۇر بىر سىر باردەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى نامان دېگەن ئادەمنىڭ سولغۇن چىرايى، يېلىنىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى، ئەمەتجاننىڭ چۈشىنىكسىز سۆزلىرى، پەرىشان چىرايى... قۇلىقىم تۈۋىدە ھېلىقى دەردلىك ئاۋاز قايتا ياڭرىغاندەك بولدى: بۇلار بىرلىشىپ كۆز ئالدىمدا قويۇق بىر تۇمان پەيدا بولدى، تۇمان ئارىسىدا خۇددى ھېلىقى ئادەم ۋە ئەمەتجان تۇتۇق كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك ئىدى. مەن ئۆزۈم بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتتى بولمىغان بۇ سىرلىق ئىشتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ قولۇمغا «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» -نى ئالدىم.

كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ قورۇغا كىرگەنىمدە، ئۆيى ئىشىكى ئالدىدا قورچىقىنىڭ ئاغزىغا ئۆرۈك تىقىپ ئولتۇرغان كىچىك قىزىم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— دادا، دادا، چوڭ ئانام كەلدى... چوڭ ئانام بارغۇ... بەك جىق ئۈزۈك ئالغاچ كەپتۇ. قايا، مەن ئۇنى قوچىقىمغا بەردىم...

— ئوھو...ي، ئوماق قىزىم، — مەن قىزىمنى دەس كۆتۈرۈپ قۇچىقىمغا ئالدىم، — چوڭ ئاناڭ قاچان كەلدى؟

— بايا...

مەن قىزىمنى ئامراقلىق بىلەن ئەركىلىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىردىم. ئايالىمنىڭ ئاتا-ئانىسى يېزىدا ئىدى. قېيىن ئانام پات-پات ئۇنى-بۇنى ئالغاچ كىرىپ بىزنى يوقلاپ چىقىپ كېتەتتى. توساتتىن كاللامغا بىر ئىش كەلدى: قېيىن ئانامىلار تۇرۇۋاتقان يېزا دەل ئەمەتجان تۇرغان يېزا ئەمەسمۇ؟ توغرا، بۇ ئىشنى سوراپ بېقىش كېرەك. ھېچبولمىغاندا كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنچىنى يەشكۈدەك گەپ چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

مەن شۇ خىياللار بىلەن ئۆيگە كىرگىنىمدە ئايالىم بىلەن قېيىن ئانام ئاشخانىدا سەۋزە ئاقلىغاچ پاراڭلىشىپ

ئولتۇرۇشقانىكەن، قېيىن ئانام مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى. تاماقتىن كېيىن قېيىن ئانامدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ، ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى سوراپ كېلىپ، ئەمەتجان توغرۇلۇق گەپكە كۆچتۈم:

— خان ئاچا، سىلەرنىڭ يېزىدىن يېقىندا يۆتكىلىپ ناھىيىگە يېنىپ كىرگەن يېزا باشلىقى ئەمەتجان قانداقراق ئادەم ئىدى؟

قېيىن ئانام كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ سەل ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئېسىگە ئالدى:

— ئوغلى ئېچكىرىگە قېچىپ كەتكەن ئەمەتجان شاگجاڭنى دەمسىلا بالام؟

ئەمەتجاننىڭ ئابدۇرېشىت ئىسىملىك بىرلا يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئەمەتجان ئۇنى سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ ئېچكىرىگە كەتتى دەپ يۈرەتتى. قېيىن ئانامنىڭ ئۇنى «ئېچكىرىگە قېچىپ كەت-كەن» دېگىنىگە قىزىقىپ قالدىم:

— ئېچكىرىگە قېچىپ كەتتى دېدىلىما؟ نېمە بولۇپ؟

قېيىن ئانامنىڭ چىرايى غەمكىن تۈس ئېلىپ، كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

— دەپ كەلسەم گەپ تولا بالام... ئۇ ئادەمنى يېزىدىكىلەرنىڭ قايسىبىرى بىلمەيدۇ دەيلا... بولۇپمۇ بۇ دۆرەم يۈز بەرگەن ئىشلاردىن كېيىن ئەمەتجان شاگجاڭنى يېزىمىزنىڭ كىچىك باللىرىمۇ بىلىدىغان بولۇپ كەتتى... ياخشى گەپنى باشتىن دەپ كېلەي... ئۇ...ي خۇدايىم. كۈنلىرىمىز «ياخشىغا كۆرۈم يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەنىكەن. رەھمەتلىك قوشنىمىز تۇنىساخان (خۇدايىم ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن) ئوبدان ئايال ئىدى. ئېرى مەھەممەتئاخۇن، ئۇن نەچچە يىل ئىلگىرى، يېزىمىزدىكى چوڭ سۇ ئامبىرىنىڭ قاشاسىنى يار ئېلىپ كەتكەندە توسما باغلايمەن دەپ سەل ئېقىتىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. تۇنىساخان بىچارە بىر يېرىم ياشلىق ئوغلى بەختىيار بىلەن يىغلاپ-قاق-شاپ قالدى. بىر مەزلۇمغا ياشلا تۇل قىلىش ئاسان دەمىلا بالام... تۇنىساخان بەختىيارنى ئۆگەي قىلمايمەن دەپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇۋېلىش توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرىمىزگە قۇلاق سالمىدى. بەختىيارنىڭ يېتىملىكىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزى يېمىسىمۇ، ئىچمىسىمۇ بەختىيارنى ئوقۇتتى. بەختىيارمۇ دادىسى مەھەممەتئاخۇندەك ئېغىر-بېسىق، ياۋاش، ياخشى ئادەم بولدى. مەكتەپتىن كېلىپلا ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىپ بىچارە تۇنىساخانغا يار-يۆلەك بولدى. تۇنىساخان ئوغلىدىن بەك رازى ئىدى.

ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بىركۈنى قادىراخۇن بىلەن باغدا ئىشلەۋاتاتتۇق. تۇنىساخان بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ، خۇددى كىچىك باللاردەك خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ: «قادىراخۇن تاغا، ئامىنىخان ئاچا، قاراڭلار... بەختىيار، مېنىڭ بەختىيارىم شەھەردىكى سىفەن مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپتۇ!» دېدى. بۇ بىزنىڭ ئۇنى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق خۇشال ھالەتتە كۆرۈشىمىز ئىدى. بىزمۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق. چۈنكى،

يېزىمىزدىن شەھەردىكى چوڭ مەكتەپلەر-
گە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن باللار بەك
ئاز ئىدى. شۇ كۈنى بىز ئىككى ئائىلە
يىغىلىپ بەختىيارنى تەبرىكلىدۇق. ئۇنىڭ
ئىستىقبالىغا دۇئا قىلدۇق. تۇنساخان بېچارە
خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان-
دى. ئەمما بەختىيار خىيالچان ھالدا جىم
ئولتۇراتتى. قادىراخۇن ئۇنىڭدىن: «ئوغلۇم، -
ئەمدى تېخنىكۇمدا ئوقۇيدىغان بوپسەن.
خۇشال بولماي نېمە ئويلارغا چۆكۈپ
كەتتىڭ؟» دەپ سورىدى. بەختىيار قوي
كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكىپ پەس ئاۋازدا:
«تاغا، مەن كەتسەم ئانام قانداق
قىلىدۇ؟» دەپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن ياش ئەگىۋاتاتتى. ئۇ توساتـ-
تىن: «تاغا مەن... ئوقۇمايمىكىن دەي-
مەن» دېدى. بىز ھەممىمىز ھەيران
قالدۇق. تۇنساخانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش
تۆكۈلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى:
«غەم قىلما ئوغلۇم، ئاۋال خۇدايىم،
ئاندىن قالسا مانا قادىراخۇن تاغاڭ،
ئامىنىخان ئاچاڭ بارغۇ، ئۇلار بىزگە سەن
داداڭدىن كىچىك قالغاندىن بېرى ئۇرۇق--
تۇغقانلىرىمىزدەك قاراپ كېلىۋاتىدۇ...
سېنىڭ ئوقۇش خىراجىتىڭنى مەن تەييار
قىلىپ بېرىمەن». بەختىيار كۆزلىرىنى
يەردىن ئالماي تۇرۇپ: «ئانا سەن
مېنى دەپ قوتاندىكى كالىنى ساتماقچى
بولۇۋاتىسەن... كالىنى ساتساق ئېتىز-ئېرىق
ئىشلىرىنى قانداق قىلىمىز؟» دېدى. ئۇنىڭ
گېپىدىن تەسىرلەنگەن قادىراخۇن بەختى-
يارنىڭ بېشىنى سىلىدى: «غەم قىلما
ئوغلۇم، ئاپاڭ كالىنى ساتمايدۇ. يالغۇزمۇ
قالمايدۇ... مانا مەن ھاياتلا بولىدىكەن-
مەن، ئاپاڭ يۆلەكسىز، سەن ئوقۇشسىز
قالمايسەن» دېدى.

شۇنداق قىلىپ بەختىيار شەھەرگە
ئوقۇشقا كەتتى. بەختىياردىن ئاپىسىغا
ئۈزۈلمەي خەت كېلىپ تۇراتتى. تۇنساخان
خەتنى بىزنىڭ ئۆيگە ئېلىپ چىقاتتى.
بەختىيار بىز ئۈچۈنمۇ ئۆز ئوغلىمىزدەك
بولۇپ قالغان، بېچارە بالا ئاپىسى ۋە بىز
غەملەپ ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئازغىنا پۇلنى
يەتكۈزۈپ قىيىنلىپ-قىستىلىپ ئوقۇپ ئۈچ
يىللىق ئوقۇشنى تاماملىدى. ئۇ ھەر قېتىم
تەتىلگە كەلگىنىدە ئەۋەتكەن پۇلىمىزدىن
تېجەپ ئانىسىغا، قادىراخۇنغا، ماڭا ئاتاپ
بىر نېمىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. تاغا، ئاچا
مەن چوقۇم سىلەرنىڭ بىز ئانا-بالىغا
قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى قايتۇرىمەن، دېگەن-
نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

بەختىيار ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ
كېلىپ، يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە
تەقسىم قىلىندى. ئۇ ئۆزگىرىپ چوڭلا ئادەم
بولۇپ قالغانىدى. چىراي-تۇرقى، مېڭىش--
تۇرۇش، ھەتتا مىجەز-خۇلقىدىن تارتىپ
ھەممىسى رەھمەتلىك مەھەممەتئاخۇننى
تارتقانىدى. كېلىشكەن، مۇلايىم، ئوڭلۇق
بۇ بالىنى بىزلا ئەمەس كەنتتىكىلەر ياخشى
كۆرەتتى. ئىشتىن قايتىپ كەلسە تۇنساخانغا
ياردەملىشىپ ئۆينىڭ، ئېتىز-ئېرىقنىڭ
ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئاخشاملىرى كەنتىمىزد-
كى بىكار ياشلارنى يىغىپ دۇنيادىكى ھەر
خىل يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ شاھمات ئوگە-
تەتتى. ئىشقىلىپ كەنتىمىزنىڭ بىكارچىلىقتا
زېرىكىپ ھاراق ئىچىپ جېدەل تېرىيدىغان،

قىمار ئوينايدىغان ياشلىرىنى خۇددى تو-
سۇن ئاتنى ئۇگەتكەندەك ياۋاش قىلىپ
قويدى. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى باللىرىنىڭ
ئۆزگەرگەن ئەھۋالىدىن خۇشال بولۇشۇپ،
خۇدايىم مەھەممەتئاخۇن رەھمەتلىكنىڭ
بۇ ئوغلىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئۇ
باللىرىمىزنى ياخشى يولغا باشلاپ بىزنى
خاتىرجەم قىلدى. ئۇ ھەقىقىي ئەل ئوغلى
بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ، دېيىشەتتى. ئەمما
شۇنداق ياخشى ئوغۇلغا، بىچارە تۇنساخانغا
كەلگۈلۈك تېخى تۈگمەپتىكەن. ئۇلارنى
ئەسلىسەملا خۇدايىم نېمىشقىمۇ ئاجىزلارنى
تېخىمۇ يامان كۈنگە قالدۇرىدىغاندۇ دەپمۇ
ئويلاپ قالىمەن. توۋا قىلدىم...

قېيىن ئانام ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ بەختىيار ئەنە
شۇنداق ياخشى يىگىت بولغان. ھەممە
بەختسىزلىك بىزنىڭ ھازىرقى كەنت
باشلىقىمىز نامان راخماننىڭ قىزى ھۆرنىسا-
دىن باشلاندى... ئۇ چاغدا نامان راخمان
تېخى كەنت باشلىقى ئەمەس ئىدى.
ئۇنىڭ چوڭ قىزى ھۆرنىسا گۈزەل چىرايى،
ئەدەب-ئەخلاقى، مىجەز-خۇلقىنىڭ ياخشىلى-
قى بىلەن كەنتىمىزدىكى قىزلارنىڭ ئالدى
ئىدى. ھۆرنىسا بەختىيار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ
كەلگەن شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى
پۈتتۈرۈپ، يېزا مەدەنىيەت پونكىتىدا
ئىشلەۋاتقانىدى. ئۆرۈم چاچلىرى تېقىمىغا
چۈشكەن، بۇلاق كۆزلىرى شوخ ئويناپ
تۇرىدىغان ئۇ قىز شۇ يىلى ئەمدىلا 17
ياشقا قەدەم قويغان بولۇپ، يېزىمىزنىڭ
ياش يىگىتلىرى ئۇنى ئەگىپ قىرائەتخانىدىن
كېتەلمەيتتى. سىلەرمۇ بىلىسىلەر بالام،
يېزىلاردا قىز بالا 15 ياشتىن ئاشقاندىن
كېيىنلا ئەلچى كېلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ بېشىنى
ئاغرىتقىلى باشلايدۇ. نېمىسى نېمە بولغان،
بەختىيار بىلەن ئۇ قىزنىڭ بىر-بىرىگە
كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. كەنتتە،
مەھەممەتئاخۇننىڭ يېتىمەك ئوغلى بەختى-
يار بىلەن نامان راخماننىڭ قىزى ھۆرنىسا
مۇھەببەتلىشىپ يۈرگۈدەك. جىگدىلىكتە
خۇپىيانە ئۇچرىشىدىكەن، دېگەن گەپلەر
تارقالدى. بۇ توغرۇلۇق، بەختىيار ئوبدان
يىگىت، ھۆرنىسامۇ ياخشى قىز، ئۇلار خۇدا
قوشقان بىر جۈپلەردىن، دېگۈچىلەرمۇ
بولدى. ھۆرنىسا نامان راخماندەك ھاللىق
دېھقاننىڭ قىزى، بەختىيار تۇل خوتۇننىڭ
يېتىمەك ئوغلى تۇرۇپ ھالىغا باقماي
ئېسىلغان يېرىنى كۆرمەمدىغان، دەيدىغان
كۆرەلمەسلەرمۇ بولدى. تۇنساخان بىچارە
بۇ توغرۇلۇق بىزنىڭ ئۆيگە ياش تۆكۈپ
كىردى. قادىراخۇن بىلەن ئۇچىمىز ئولتۇرۇپ
مەسلىھەتلەشتۇق. ئاخىرى ھۆرنىسانىڭ
ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزىدىغان قارارغا
كېلىشتۇق. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەن
كەنتىمىزدىكى بىرنەچچە ئايال بىلەن
بىللە داستىخان قىلىپ نامان راخماننىڭ
ئۆيىگە كىردۇق. ئۇنىڭ خوتۇنى ياۋاش
ئايال ئىدى. ئەمما نامان راخمان ئايالىنىڭ
تەتۈرىسى ئىدى. خۇددى «يېتىمنىڭ
ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى تاشقا تېگىپ-
تۇ» دېگەندەك نامان راخمان گەپنى
شۇ يەردىلا ئۈزۈۋەتتى. «مەن نامان
راخمان قىزىمنى مەمەتنىڭ يېتىمەك ئوغلى
ئۈچۈن چوڭ قىلمىغان. ھەر كىمنىڭ ئۆز

خىلنى تاپقىنى ياخشى، ئۇ يېتىمەك شۇم
ئۆزىگە ئوخشاش ئاغزىغا تايىنىپ جان
باقىدىغان بىرەر ئاق نانچىنى تېپىۋالسۇن! »
بىزمۇ شۇ قاتتىق گەپلەرنى ئاڭلاپ يېنىپ
چىقتۇق. بولغان گەپلەرنى باللارنىڭ
دادىسىغا دېسەم، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى
كەلدى. « بۇ نامان دېگەن جىگدە
كۆتىكى ئۆزىنى چاغلىماي قاپتۇ، بەختىيارنىڭ
دادىسى مەھەممەتئاخۇن كىملەرنى دەپ
ئۆلۈپ كەتتى؟! يەنە شۇ بىزنى، ئاشۇ
نامان راخماندەك جىگدە كۆتىكىنى دەپ
ئەمەسمۇ! ئەگەر ئۇ بىزنى سۇ بېسى-
ۋېلىشتىن ساقلاپ قالمىغىنىغۇ دەپ سۇغا
كىرمىگەن بولسا، بۇ چاقىقا ھايات ياشاپ
نامان راخماندەكتىن نەچچىنى سېتىۋالغۇدەك
بېيىپ كەتكەن بولماسمىدى. بەختىيارنى
‹ ئاغزىغا تايىنىپ جان باقىدىغان ئاق
نانچى › دېگىنىنى قارا بۇ بەچچىغەرنىڭ.
ئۇنىڭ كىچىك بالىسىنىمۇ بەختىيار ئوقۇ-
تۇۋاتامدۇ. بەختىياردەك ئىلىم ئىگىلىرى
بولمىسا نامان راخماندەك قارا تورك
ئادەملەر بىلەن بۇ خەلق جاھاندىن
ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەن بولار ئىدى.
قارا بۇ جىگدە كۆتىكىنىڭ ئازراق پۇل
تېپىپلا خەقنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك بولغىنىنى،
ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن » دەپ
چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان پېتى چىقىپ كەتتى،
ئەمما كەچتە ئاچچىقىدىن بوغۇلغان ھالدا
قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ
نېمە بولغىنىمۇ سورىيالمىدىم. ئۇ بىرەر
سائەتچە قېتىپ ئولتۇرۇپ موخوركا چەكتى،
ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا « ماڭ چىقىپ
تونىساخان بىلەن بەختىيارنى چاقىرىپ
كىر، بۈگۈن تاماقنى بىزنىڭكىدە يېسۇن »
دېدى. ئادەتتە ئاچچىقى بەك كەلگەندە
تاماكىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكىدىغان ئادىتى
بار ئىدى. بۈگۈنمۇ تاماقنى داستىخانغا
ئەكىرگۈچە ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىپ
چىقتى. تاماقتىن كېيىن ئۇ گەپنى تەشتى.
« نادان ئادەمگە گەپ يېگۈزمەك تەس
ئىكەن، مەن دەيدىغاننى دېدىم، بىراق
بۇ جىگدە كۆتىكى زادى ئەيۋەشكە
كەلمىدى. بۇ بەدبەخ، مەھەممەتئاخۇننىڭ
نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكىنىنى، سېنىڭ
نېمىشقا شۇنچە جاپا بىلەن ئوقۇپ ئوقۇتقۇچى
بولغىنىڭنى چۈشەنمىدى. ئوغلۇم جاھاندا
ياخشى قىزلار تۇرغۇن، سەن نامان
راخماننىڭ قىزىنى ئالمىساڭ. مەن ھاياتلا
بولىدىكەنمەن ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى
قىزدىن بىرنى تاپىمەن. ئۇ قىزنى دەپ
ئۆزۈڭنى قويىۋەتمە » دېدى. بەختىيارنىڭ
چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.
ئۇ بىر دەم سۈكۈتتە ئولتۇرغاندىن كېيىن،
بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەممىزگە قاراپ چىقتى.
لېۋىنى چىشلىدى ۋە: « تاغا سىلەر
قىلىدىغاننىڭ ھەممىنى قىلدىڭلار، ئانام
بىلەن مەن بۇ قىلغىنىڭلارنى ئۆمۈر بويى
ياندۇرۇپ بولالمايمىز. رەھمەت تاغا،
دېگىنىڭىز توغرا. مەن بۇ ئىش بىلەن
چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىغان تاۋى نازۇك
ئوغۇللاردىن ئەمەسمەن. خاتىرجەم
بولۇڭلار. مەن ئەمدى پۈتكۈل كۈچۈم ۋە
زېھنىمنى خەلقىمنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا
سەرپ قىلىمەن. ياش مايسىلارنى تەربى-
يىلەپ يارامىلىق بىلىم ئەھلىلىرىدىن قىلىپ
چىقىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىمنى سەرپ

قىلمەن » دېدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن
كېيىن ماڭا: « كۆردۈڭمۇ، ئەل ئوغلى
دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇ يىگىت
كەلگۈسىدە مەيلى نەدە، قانداق ئەھۋال-
دا بولسۇن خار بولمايدۇ. بىزدە پەقەت
مۇشۇنداق پەرزەنتلەر، ئەۋلادلار بولغاندىلا
بۇ نادان خەلقتىن يەنە ئۈمىد كۈتكىلى
بولىدۇ » دېدى. بولغان ئىشلار شۇ.
دېگەندەك شۇنىڭدىن كېيىن بەختىيار ئۆز
خىزمىتىگە تېخىمۇ بەك كىرىشىپ كەتتى.
ھۆرنىسا بىلەن ئۇ توغرىدىكى گەپ-سۆزلەر-
مۇ بېسىقىغا چۈشتى. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن
ئۆتمەي، نامان راخماننىڭ قىزى ھۆرنىسانى
ئەي شاڭجاڭنىڭ ئەتىبارلىق ئوغلى
ئابدۇرېشىت قوغلىشىپ يۈرەرمىش، دېگەن
بىر خەۋەر كەنتكە پۇر كەتتى.

ئابدۇرېشىت بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى
تۇتمىغان بالا ئىدى. ئاڭلىشىمىزچە ئەي
شاڭجاڭ بۇ ئوغلىنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ،
ئۈرۈمچىدىكى بىر تېخنىكوم مەكتەپكە
ئوقۇشقا ئالدۇرغانىكەن. ئەمما ئۇ، ئارىدىن
يېرىم يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا قايتىپ كەلدى.
ئەمەتجان شاڭجاڭ خەققە، بالامنىڭ
تىجارەت قىلغۇسى بولغاچقا ياندۇرۇپ
كېلىۋالدۇق، دەپ گەپ ياسىغىنى بىلەن
بىراق ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىدىغانلارنىڭ
ئېيتىشىچە، ئۇ ئاق چېكىدىغانلار بىلەن
ئىلىنىپ قالغاچقا، جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسىدىن تۇتۇۋېلىنىپ بىر ئايدىن ئوشۇق
سولاقتا تۇرغان، شۇ ئىش سەۋەبى بىلەن
مەكتەپتىن قوغلانغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئەمەتجان شاڭجاڭنىڭ
بۇ ئالىقاپ ئوغلى كەنتىمىزدە پات-پات

موتو بىلەن پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولدى.
بەزى كىشىلەر ئۇنى كوچىدا ھۆرنىسانىڭ
ئالدىنى توسۇپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ
كۆرۈپتۇ. بىز بۇنداق بولىۋەرسە بەختىيار
بىرەر ئىش چىقىرىپ قويارمۇ دەپ ئەنسىرەپ
بەختىيارغا كۆز-قۇلاق بولۇپ يۈردۇق.
ئەمما بەختىيار ئۆز ئىشى بىلەنلا مەشغۇل
ئىدى. پەقەت تېخىمۇ جىمغۇر، تېخىمۇ كەم
سۆز بولۇپ كەتتى. يىگىت ئەمەسمۇ،
بۇ ئىشلار ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەي قالاتتىمۇ،
ئۇنى ئاز دېگەندەك ئەمەتجان شاڭجاڭنىڭ
ھېلىقى ئالىقاپ ئوغلى، بەختىيارنىڭ ھۆرنىسا
بىلەن بولغان ئىشلىرىنى ئاڭلىغانىكەن.
نەچچە قېتىم مەكتەپكە بېرىپ ئۆزىنى
ئەتەي كۆز-كۆز قىلىپ، بەختىيارغا
زەھەردىن ئاچچىق تەنە گەپلەرنى قىلىپ
يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى بەختىيار خاپا ھالدا
ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا
بىرەر ئىش بولغانلىقىنى سەزدۇق. تاغا،
— دېدى ئۇ ئاخىرى، — بۈگۈن ئەي
شاڭجاڭ مېنى يېزىغا چاقىرتىپتۇ. بارسام
مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قارىۋېتىپ:
« سەن ئۆلۈپ كەتكەن مەھەممەتئاخۇن-
نىڭ ئوغلىمۇ؟ » دەپ سورىدى. مەن
« ھە » دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ
« ھىم » دەپ قويۇپ، ئالدىدىكى بىر
پارچە قەغەزگە قاراپ بىر ئۇزۇن ئولتۇر-
غاندىن كېيىن: « سەن شەھەرلىك
سىنىپتا ئوقۇپ، يېزىنىڭ باشلانغۇچ
مەكتىپىگە خىزمەتكە بۆلۈنۈپسەن شۇنداق-
مۇ؟ » دەپ سورىدى. مەن: « ھە »
دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە بىر دەم
جىم ئولتۇرۇپ كېتىپ: « ھازىرقى خىزمەت

ئۇرنىڭدىن رازىمۇ سەن؟» دەپ سورىدى.
مەن يەنىلا: «ھە» دېدىم. ئۇ بىر
تال تاماكا ئۇتاشتۇرۇپ، كۆزۈمنىڭ ئىچكىرىسى-
گە قارىدى: «ناۋادا سېنى ××
يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكەپ
قويسام نېمە دەيسەن؟» مەن ئۇنىڭ
سۆزىنى باشتا ئاڭقىرالمىدىم، كېيىن
ئاستا-ئاستا چۈشەندىم. ئۇ مېنى بۇ
يېزىدىن قوغلىۋەتمەكچىكەن. مەن:
«نېمىشقا يۆتكەلگۈدەكمەن؟» دەپ
سورىدىم. «مەكتەپ مۇدىرىڭدىن
ئاڭلىسام سېنىڭ خېلى سەۋىيەڭ بار
ئىكەن، يۆتكەپ قوياي دېسەم يېزىمىزنىڭ
ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شتاتى تولۇق. سېنى
كۆمۈلۈپ قالمىسۇن دەيمەن. ×× يېزىلىق
ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ياخشى. ئەگەر بارىدىغان-
لا بولساڭ مەكتەپ ئائىلە قورۇسىدىن
ئۆي بېرىدۇ. ئۇ ئۆيلەر تېخى يېقىندا
سېلىنغان. يەنە تېخى يېزا ئەتراپىدىن
تېرىلغۇ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يەردىن
بېرىشنىمۇ تاپىلاپ قويىمەن. ئۇ يېزىنىڭ
باشلىقى مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم» دېدى.
ئۇ مېنى مۇشۇنداق ياغلىق گەپلەر بىلەن
ئالداپ بىزنى ئائىلە بويىچە ×× يېزىسىغا
كۆچۈرۈۋەتمەكچى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى-
نى ئوغلىنىڭ گېپى بويىچە قىلىۋاتقانلىقىنى
سەزدىم. «ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت
شاڭجاڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بۇ زېمىنغا
ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ، مېنىڭ كىندىك قېنىم
تۆكۈلگەن. يېزا خەلقى مېنى ئۆز ئوغلىدەك
كۆرىدۇ. كۆيىندۇ. شۇڭا مەن ئۇلار ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشنى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى
تەربىيىلەشنى ئۆزۈم ئۈچۈن ھەممىدىن
زور ئىستىقبال دەپ قارايمەن. كۆمۈلۈپ
قالدىم دەپ ئويلىمايمەن». ئەمەتجان
شاڭجاڭنىڭ چىرايى قارىداپ كۆزلىرى
قىسىلىپ كەتتى. سوغۇق، تەھدىت ئارىلاش-
قان تەلەپپۇزدا: «سەن تېخى ھېچ ئىش
كۆرمىگەن ماڭقا بالا ئىكەنسەن، ئاغزىڭدىن
سۈت پۇراپ تۇرىدۇ. ئوبدان ئويلان،
كېيىن يەنە پۇشايمان يەپ قالما...
ھازىرچە چىقىپ كېتىپ، ئويلىنىپ جاۋابىنى
كېيىن بەرسەڭمۇ بولىدۇ» دېدى. بولغان
ئىشلار مانا شۇ تاغا، دېدى. قادىراخۇن
بەختىيارغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ
كۈلۈمسىرىدى: «ياخشى، ناھايىتى ياخشى
ئوغلۇم، سەن دەل جايىدا، بەكمۇ توغرا
گەپ قىپسەن. ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئەركەك-
لىكىڭنى كۆرسىتىپ قويۇپسەن. ئۇ سېنى
تونۇپ قويسۇن! ھەممە ئايىغىمغا باش
قويىدۇ دەپ كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي
قالغان بۇ سامان قورساق خۇمپەرنى
ناھايىتى ئوبدان جايلاپسەن. ئۇ بۇ
سادا، قويىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئادەم-
لەرنىڭ ئارىسىدا سەندەك قاپلانلارنىڭمۇ
بارلىقىنى ئويلىمىغان چېغى. ياخشى...
ياخشى!» دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي
ماختاپ كەتتى. مەن بەختىيارنىڭ شاڭجاڭ
بىلەن ئېيتىشىپ بىرەر بالاغا قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ تۇرساممۇ، ئەمما ئۇنىڭ شاڭجاڭ
ئالدىدا خېلى-خېلى ئەركەكلەرمۇ قىلالا-
مايدىغان گەپلەرنى قىلغان قاپ يۈرەكلىكى-
دىن سۆيۈندۈم. بەختىيار بىزنىڭ چىرايىمىزدى-
كى كۈلكىنى كۆرۈپ يەڭگىل تىنىدى. شۇ
كۈنى بىز خۇددى بايرام ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك
خۇشال ئولتۇردۇق. ئەمما، بىرەر كۆڭۈل-

سىزلىكنى سەزگەندەك كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ئازراق تەشۋىش بار ئىدى. كۆڭلۈمنىڭ ئالدىن سېزىشى بىكار ئەمەس-كەن...

شۇ ئىشلار بولۇپ ئارىلىقتىن نەچچە كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى قاش قارايغان چاغدا ئىشىك قېقىلىپ قالدى. مەن تۇنسا-خان بىلەن ئاشخانا ئۆيدە تاماقنىڭ ئاۋارىچىلىكى بىلەن ئىدىم. بەختىيار بىلەن قادىراخۇن ئېتىزغا سۇ ئاچىمىزدەپ چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئالدىراپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچسام ئاپئاق، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى



قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن ھۆرنىسا تۇرىدۇ، بېشىدا دائىم كىيىۋالىدىغان پىستان گۈللۈك دوپپىسىمۇ يوق، ئۆرۈم چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. قورقۇپ ئەرۋاھىم ئۇچتى. چۈنكى ئۇ بۇ قىياپىتى بىلەن خۇددى گۆردىن قېچىپ چىققان مېيىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئېسىمنى يىغىۋېلىپ: «نېمە ئىشىڭىز بار قىزىم؟» دەپ سورىسام، ئۇ بېشىنى يەرگە سېلىپ ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا: «ئامىنەخان ئاچا... مەن... مەن... يىراق بىر جايغا سەپەر-گە چىقىدىغاندەك تۇرىمەن. شۇڭا بەختىيار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشۈۋالاي دەپ كەلگەنىدىم. قارىسام ئۇلارنىڭ ئۆيدە ئادەم يوق» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «قىزىم، بەختىيار ئۆيدە يوق. قادىراخۇن بىلەن چىقىپ كەتكەن، بولغان تەقدىردىمۇ ئىككىڭلارنىڭ ئىشى ئاللىبۇرۇنلا تۈگىگەن. مۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ، بەختىيارغىمۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىسىز، ياخشىسى قايتىپ كېتىڭ، كەچ چۈشۈپ كەتتى» دېدىم. قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن شۈركىنىپ كەتتىم. مەن قىزنىڭ شۇ قارىشىنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈر-سەم تېنىم جۇغۇلدايدۇ... قىز بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى ئاستا يانغا بۇرىدى ۋە ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا: «ئامىنەخان ئاچا بۇ مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىم بولۇپ قالسۇن، بەختىيارغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز: مەن ئۇنى ئاخىرقى تىنىقىم قالغانغا قەدەر ياخشى كۆرىمەن!»

دېدى-دە، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تا قارىسى يوقالغۇچە داڭقېتىپ قاراپ تۇرۇپ ئاران ئېسىمگە كەلدىم. نامان راخمانلار بىر يەرگە سەپەرگە چىقماقچىمىكىنە؟ ياكى ھۆرنىسانى ئوقۇشقا يىراق بىر يەرلەرگە ئەۋەتمەكچىمىدۇ. بەلكىم شۇنداق قىلىسمۇ قىلىدىغاندۇ. بۇ قىز توغرۇلۇق ھېلىمۇ ئاز گەپ چىقمىدى. ئېھتىمال قىزنى يىراق بىر يەرلەرگە يولغا سېلىۋېتىپ گەپ-سۆز-لەردىن بىراقلا قۇتۇلاي دېگەندۇر. ئەمما ھۆرنىسانىڭ قىياپىتى نېمانچە سولغۇن؟ چاچلىرىمۇ چۇۋۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە گەپلىرىمۇ غەلىتە. ھېلىقى قاراشلىرىچۇ؟ بۇ قىزسەۋدا بولۇپ قالدىمۇ-يا؟ «قىز كۆيىكى قىرىق يىل» دېگەن گەپ بار. تۇيۇقسىز قۇلىقىم تۈۋىدە قىزنىڭ ھېلىقى خۇددى غايىبتىن كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان ئاۋازى تەكرار-لانغاندەك بولدى: ئامىنخان ئاچا بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىم بولۇپ قالسۇن، بەختىيارغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، مەن ئۇنى ئاخىرقى تىنىقىم قالغانغا قەدەر ياخشى كۆرىمەن! بۇ گىچ-ماچ ئويلار بىرلىشىپ كاللام ئېلىشىپ كەتتى. مەن ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ ھويلىغا ياندىم، ئەمما كاللام تېخىچىلا غۇڭۇلداپ تۇراتتى. بالىلىرىم ئادەم دېگەن ئەقىلسىز مەخلۇق ئىكەن. مەن نېمىشقىمۇ شۇ چاغدا ئۇنى تۇتۇپ قالمىدىم دەپ ھازىرغىچە ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنى ئېلىپ قالغان بولسام كېيىنكى ئېچىنىشلىق بەختسىزلىكلەر يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئاھ خۇدايىم، مېنى كەچۈرگەيسەن. گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن.

قېيىن ئانام خۇددى ئۆزى-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، تۇۋا-ئىستىغبار ئوقۇپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تال-تال قورۇقلار باسقان ئورۇق مەڭزىدىن ياشلار توختىماس-تىن تۆۋەنگە سىرغىپ چۈشەتتى. ئايالىمۇ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى. مەن ئىلغۇدىن لۆڭگىنى ئېلىپ قېيىن ئانامغا سۇنغىنىمدا ئۇ ئېسىگە كەلگەندەك ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ياشلىرىنى سۈرتتى.

— شۇنداق قىلىپ قىز كېتىپ قالدى. مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق تۇنساخان ياكى بەختىيارغا تىنمىدىم. پەقەت ئۇلار ئۆيگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قادىراخۇنغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ: «قىزنىڭ مۇشۇ كەچتە بەختىيارنى ئىزلەپ كېلىشىدە بىرەر سەۋەب بار. بولمىسا بىر ناتىۋان قىز يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ دادىسىدىن، خەقنىڭ گېپىدىن قورقماي بەختىيارنى ئىزلەپ كەلمىگەن بولاتتى. زادى نېمە ئىشتۇ؟ ھەممىنى قىلغان ئاشۇ نامان، قىزنى قايتۇرىۋەتكىنىڭمۇ بىر ھېسابتا بوپتۇ. بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنما. بالىنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغاپ قويمايلى» دېدى.

كېچە ئۆتۈپ ئەتىسى ئەتىگەندە تۇساتتىن نامان راخمانلار ئائىلىسىدىن يىغا-زار كۆتۈرۈلدى. مەن يولدىكى توپىلىشىپ كۇسۇرلىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن ھۆرنىسانىڭ ئاخشام جىگدىلىكتە ئۆزىنى دەرەخكە ئېسىۋالغىنىنى ئاڭلاپ بېشىم قېيىپ، كۆز ئالدىم خىرەلەشتى. گەپ قىلماستىن ھويلىغا ياندىم. ئۆيگە

كىرىپ بولغان ئىشنى قادىراخۇنغا سۆزلەپ
بېرىۋاتسام، تۇنساخان يىغلىغان ھالدا
كىرىپ كەلدى: « ئاھ! بۇنداق بولارنى
كىم ئويلىغان ئامىنخان پېشانىمىز شورلۇق
ئىكەن... بىچارە بالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
ئەنسىرەپ بىرى خۇدىنى بىلمەي
ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا بىر ئىش بولۇپ قالارمىكىن
دەپ قورقۇپ قالدىم » . قادىراخۇن ئۇنىڭغا
تەسەللى بەردى. چىقىپ كېتىپ بەختىيار-
نى ئېلىپ كىردى. بەختىيارنىڭ چىرايىدا
قان دىدارى قالمىغان بولۇپ، كۆزلىرى
بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا قېتىپ قالغانىدى.
قادىراخۇن ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ بىرمۇنچە
تەسەللى بەردى، نەسىھەت قىلدى.

ھۆرنىسانىڭ جەسىتى قانۇن دوختۇرلىرى
تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن يەرلە-
نگەندە قويۇلۇپ ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى.
بەختىيار شۇنىڭغىچە ئەس-ھوشىنى
يوقاتقان ئادەمدەك خۇدىنى بىلمەي يۈردى.
كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرى
ئۆسۈپ، ئورۇقلاپ كەتتى. يېتىلسە ماڭاتتى.
ئولتۇرغۇزۇپ قويسا ئولتۇراتتى. بەزىدە
توساتتىن « مۇمكىن ئەمەس.... بۇ زادى
مۇمكىن ئەمەس! » دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ
كېتەتتى. تونساخان قورقۇنچقا چۈشۈپ
كۆزلىرىدىن يىغا قۇرۇمايدىغان بولدى.
بىزمۇ ئەندىشە قىلىپ قالدۇق. ئۈچىنچى
كۈنى قادىراخۇن بەختىيارنى ئېلىپ ناھى-
يىلىك دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتتى. دوختۇر-
لار تەكشۈرۈپ « مېڭىسى قاتتىق روھىي
زەربىگە ئۇچراپ بەك ئاجىزلىشىپ كەتكەن،
بىز مەزگىل ياخشى ئارام ئالسا ئوڭشىلىپ
قالىدۇ » دەپ دىئاگنوز قويۇپ، مېڭىنى

تىنچلاندۇرۇپ، ئۇيقۇنى ياخشىلايدىغان
دورىلارنى يېزىپ بېرىپتۇ...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بەختىيار
خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغان بىر كۈنى توسات-
تىن يېزىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئورنىدىن
ئىككى يىگىت بەختىيارنى ئىزدەپ كەلدى.
قادىراخۇن ئۇلار بىلەن چىقىپ كېتىپ بىرەر
سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. بوسۇغى-
دىن پۈتىنى ئېلىپلا تىللاپ كەتتى: « بۇ
تەلۋە، ئادەم ئەمەسكەن! ... پۈتۈن
خاپىلىقنى ئۆزى تېرىپ ئىككى ياشنى
ئايرىۋېتىپ ئەمدى كېلىپ قىزى ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالسا، گۇناھنى بەختىيارغا ئىتتىرىپ
ناھىيىلىك سوتقا ئەرز سۇنغىنىنى قارىمامدى-
غان مۇناپىق تەلۋىنىڭ! » شۇ ئارىدا
باغدىن ئەمدىلا كىرىپ كەلگەن تۇنساخان
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، چىرايى تاتىرىپ
تۇرۇپلا قالدى: « نېمە دېدىلە ئاكا؟
ئۇلار بەختىيارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ-
ما؟ » ، « ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ سىڭلىم،
قورقۇپ كەتمەڭ، — دېدى باللارنىڭ
دادىسى، — سوت ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز
سۆزى بىلەنلا بەختىيارنى گۇناھكار
قىلمايدۇ... ئامانلىق ساقلاش ئورنىغا
بارسام، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسىدىن كەلگەن ئۈچەيلەن بار
ئىكەن... ئەسلى نامان تەلۋە بەختىيارنىڭ
ئۈستىدىن ناھىيىلىك سوتقا: ‹ قىزىمنى
زورلۇق بىلەن ئاياغ-ئاستى قىلغاچقا، ئۇ
خورلۇققا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى
› دەپ ئەرز سۇنغانىكەن. ئۇلار مۇشۇ
ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن چىقىپتۇ. بەختى-
يار ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدى-

كەن، مەن دوختۇرخانىنىڭ ئىسپات قەغەزىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇلار: «ئۇنداق بولسا، كېسىلى ياخشىلانغاندىن كېيىن دەررۇ بارسۇن» دېيىشىپ، مەندىن كېپىللىكنامە ئېلىپ ناھىيەگە ياندى... ئەنسىرىمەڭ، قانۇن بىر ئادەم ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا گۇناھ بېكىتمەيدۇ.» تۇنساخان بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك بولدى: «ئۇلۇغ تەڭرىم، بەختىيارىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئۇنى نىيىتى يامان ئادەملەرنىڭ بەدنام چاپلىشىدىن، قەستىدىن خالىي قىلغايسەن...» دەپ دۇئا قىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم.

لېكىن غەم-ئەندىشىدىن خالىي بولالمىدۇق. بولۇپمۇ تۇنساخانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. بەختىيارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ئارىدىن 15 كۈن ئۆتكەندە ئەسلىگە كەلدى. لېكىن ئۇ تېخىمۇ جىمغۇر، تېخىمۇ مىسكىن بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، قادىراخۇن ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ نامان راخمانىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. بەختىيار چىشلىرىنى مەھكەم چىشلەپ بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن «ئۇ ھۆرنسانىڭ جېنىغا زامىن بولدى. مېنىمۇ ئورنىغا ئىشىرمەكچى ئىكەن-دە. مەن ھېچبىر گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم. ئەگەر خاتا قىلغان بولسام، پەقەت بىر ئىشنىلا خاتا قىلدىم — ھۆرنسانى بۇ زالىم ئادەمنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالمىدىم. بولمىسا ئۇ گۈزەل ياشلىق باھارىدا دۇنيا بىلەن مۇشۇنداق بۇرۇن خوشلاشمىغان بولاتتى» دېدى.

ئەتىسى ئۇ، قادىراخۇن بىلەن بىرلىكتە ناھىيەگە كىرىپ كەتتى. قادىراخۇن شۇ كۈنىلا يېنىپ چىقتى. بەختىيار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن بىر ئايغا يېقىن تۇتۇپ تۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلدى. بۇ ئارىلىقتا قادىراخۇن ئۆي بىلەن ناھىيە ئارىلىقىدا قاتىراپ يۈردى.

ئارىدىن بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندە بىر كۈنى قادىراخۇن: «ئۆگۈنلۈككە بەختىيار ئۈستىدىن ئۇچۇق سوت بولىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ چىقتى. بىز بەختىيارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق.

سوت بولىدىغان كۈنى قادىراخۇن، مەن تۇنساخانىنى ئېلىپ قاق سەھەردە ناھىيەگە ماڭدۇق. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كەنتىمىزدىكىلەرمۇ ناھىيەگە قاراپ كەلكۈندەك ئاقتى...

سوت ئەتىگەن سائەت توققۇزدا باشلاندى. بىز ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. نامان راخمان بىلەن خوتۇنى يەنە بىر قاتاردا ئولتۇراتتى. نامان راخماننىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن. خوتۇنىنىڭ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى.

سوتچىلار چىقىپ مۇنبەرگە جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن باش سوتچى سوتنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى ساقچى بەختىيارنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى. بەختىيارنىڭ چىرايى سەل تاتارغان، ئورۇقلىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىرىدىن

قەيسرانە نۇر چاقنايتتى.

تۇنساخان ھاياجانلنىپ، بالام! دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، بىز ئۇنى ئولتۇرغۇزۇۋالدۇق. ئۇ ئانىسىغا، بىزگە، كەنتتىكىلەرگە ئىللىق قارىغىنىچە «جاۋابكار» دېگەن تاختىنى قويۇلغان مۇنبەرگە چىقتى.

باش سوتچى ئاۋۋال سوت تەرتىپى، ئىنتىزامى توغرۇلۇق بەزىبىر مۇھىم ئەسكەرتىشلەرنى بەرگەندىن كېيىن، ئەرز نامىنى ئوقۇپ ئۆتتى. زال ئىچى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك شاپپىدە جىمىپ تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھەممىنىڭ كۆزى باش سوتچىغا تىكىلدى.

ئاندىن كېيىن، تەرتىب بويىچە ئەيىبلىگۈچى ئوتتۇرىغا چىقىپ سوراقنى باشلىدى.

بەختىيار باشتىن-ئاخىرى ئۆزى بىلەن ھۆرنىسا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورمال بولغانلىقىنى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھەرقانداق ھەرىكەتتە بولمىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ئاخىرى ئەيىبلىگۈچى گۇۋاھچىلارنى تەلەپ قىلدى. زال ئىچى تەۋرىنىپ كەتتى. باش سوتچى كىشىلەرنى تەرتىپكە ئۈندەۋاتقان چاغدا يەنە بىر ئىشىكتىن بىزنىڭ يېزىلىق ئۈچ نەپەر ياش كىرىپ كەلدى. بۇ ئۈچ ياشنىڭ ئابدۇرېشىتنىڭ دائىملىق ئۈلپەتلىرى ئىكەنلىكىنى يېزىدا بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى.

كىشىلەر توۋا! دېيىشىپ ياقا چىشلەشتى. بىزمۇ بۇ تاسادىپىلىقتىن گاڭگىراپ نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي ئولتۇراتتۇق. تۇنساخان تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئايلىنىپ كېتەي دەپ قالدى... دېمى كېسىلىپ چىرايى سارغىيىپ، ھاسىراپ قالدى:

«ياق... خۇدا ئۇستىمىزدە تۇرۇپتۇ... بەختىيار ئۇنداق ئىش قىلىدىغان بالا ئەمەس... ئۇلار ئۇنىڭغا قارا چاپلاۋاتىدۇ»

ئۇنىڭ نۇرسىزلىنىپ قالغان كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى. قادىراخۇن بىلەن مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتۇق...

ئىسمى چاقىرىلغاندىن كېيىن ھېلىقى ئۈچ ياشنىڭ بىرى مۇنبەرگە چىقتى.

يىگىت نامان راخمان بىلەن بەختىيارغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— مۇشۇ يىل ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرى، قاش قارايغان مەھەلدە مەن ئىككى دوستۇم بىلەن سۇ ياقىلىغىلى ماڭغاندۇق. جىگدىلىك يېنىغا كەلگەندە توساتتىن قىز بالىنىڭ ۋارقىرىغان، يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق. دەرھال ئورنىمىزدا توختاپ شەپە چىقارماي تىڭشىساق، جىگدىلىكنىڭ ئىچكىرىسىدىن يەنە يىغلىغان، ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىز پەم بىلەن جىگدىلىك ئىچىگە كىردۇق. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىماقتا ئىدى... بىز ئۈچەيلەن ئاۋاز چىققان يەرگە تەخمىنەن ئون نەچچە مېتىر قالغىچە يېقىنلاپ باردۇق. تىنىق چىقارماستىن جىگدىلەر كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ مارىلىساق بەختىيار (يىگىت شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ بەختىيارنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادالغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىۋالدى) ھۆرنىسانى تېگىگە بېسىۋاپتۇ... بولغان ئىش مۇشۇ... مەن... بىلىدىغىنىم مۇشۇنچىلىك...

ئىككىنچى، ئۈچىنچى گۇۋاھچىلارمۇ ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى.

بەختىيارنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىدا قېتىپ قالغانىدى. خۇددى بايىقى گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك، كۆز ئالدىدىكى ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك قىياپەتتە سوغۇق قىيا تاشتەك مىت قىلماي تۇراتتى.

قادىراخۇن ئېغىر تىنىپ، تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن تاماكا ئوراشقا چۈشتى، تۇنساخان بىر بەختىيارغا، بىر كىشلەرگە قاراپ ياش تۆكەتتى. ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرى خۇدادىن پاناھلىق تىلەپ توختىماستىن پىچىرلايتتى. ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرسىمۇ خۇددى ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تىترەيتتى.

باش سوتچى نەزەرىنى بەختىيارغا ئاغدۇرۇپ سوئال سورىدى:

— ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا قانداق پىكرىڭ بار؟

بەختىيار تۆۋەندە ئولتۇرغانلارغا — ئانىسىغا، بىزگە، نامان راخمانلارغا، پۈتۈن يېزىلىقلارغا بىرقاراپ چىقىپ سەل توختىۋالدى. كېيىن سالماق ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— مەن ھۆرنىسا بىلەن ھېچقانداق قاش قارايغان ۋاقىتتا ئۇچرىشىپ باقمىدىم. بىز ئىككىمىز مۇھەببىتىمىزگە ھەرقانداق شەھۋانىي ھەۋەس ئارىلاشتۇرۇشنى ئۆزىمىز ئۈچۈن نومۇس دەپ قارايتتۇق. ھەتتا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشتىنمۇ ئويۇلاتتۇق. ئۇلارنىڭ كۆردۇق دەپ ئىسپات بەرگەن ئىشلارنى مەن ئويلاشتىنمۇ سەسكىنىمەن. مەيلى سىلەر ئىشىنىڭلار، ئىشەنمەڭلار مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، بۇ زالدا مەن ئۈچۈن پەرىشتىدەك مۇقەددەس، زېمىندەك ئۇلۇغ ئانام ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلىش، ماڭا ئۆلۈشتىن قېيىن، مەن ئۇنىڭغا، يېزىلىقلىرىمغا، ھۆرنىساغا، قىسقىسى مېنى ئىللىق قوينىدا چوڭ قىلغان بۇ ئەزىز تۇپراققا يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش قىلمىدىم. مەن گۇناھسىز...

كىشلەر سوتنىڭ ھۆكۈمىنى كەيپسىز پىچىرلىششلار ئىچىدە كۈتۈشەتتى. ئەھۋال ئېنىق بولۇپ ۋەزىيەت بەختىيار ئۈچۈن بەكلا پايدىسىز ئىدى. قادىراخۇن بىلەن مەن سۆكۈتكە چۆمۈپ ئولتۇراتتۇق. تۇنساخاننىڭ چىرايى بارغانسېرى سارغىيىپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى. شور باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى تىنماستىن پىچىرلايتتى. بەختىيار ئاۋۋالقىدەكلا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ قېتىپ تۇراتتى. كۆپۈپ چىققان چېكە تومۇرلىرى تاتارغان. تارتىشقان مەڭزىلىرى، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتلىرى خوجايىنىنىڭ چېكىگە يەتكەن خورلاشلىرىنى كۆتۈرۈۋېرىشكە زادىلا تاقىتى قالمىغان قۇلنىڭ غالجىرانە غەزەپ ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان، تىپىرلاۋاتقان ئازابلىق قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى...

باش سوتچى كىرىپ كىشلەرنى ساقلاشقا ئۈندەپ، ھۆكۈمنامىنى ئوقۇدى. بەختىيار جىنايەتچى دەپ بېكىتىلىپ، ئۇنىڭغا 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكنى جاكارلىدى.

باش سوتچى ئەڭ ئاخىرقى قۇرلارنى ئوقۇۋاتقاندا تۇنساخان جالاقلاپ تىترەپ

ئەسەبىيلىك بىلەن: «يا...ق!» دەپ ۋارقىراپ ئۆيلىنىپ كەتتى. ئاغزى-بۇرنىدىن ئارقا-ئارقىدىن قان كەلدى. مەن دەرھال ئۇنى قۇچىقىمغا ئالدىم. سوراق مۇنبىرىدە-كى بەختىيار تۇنىساخاننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ «ئانا» دەپ ۋارقىراپ بىز تەرەپكە قاراپ ئېتىلغانىدى، ساقچىلار ئۇنى ھەش-پەش دېگۈچە تۇتۇپ قولىغا كويزا سالدى. بىچارە بالا لاچىننىڭ پەنجىسى ئاستىدىكى كەپتەردەك يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— مەن گۇناھسىز! مەن قەستكە ئۇچراپ كەتتىم! ئاھ خۇدا، بۇ ئىپلاسلىقلار-نى كۆرۈۋاتامدىغانسەن!

مەن يىغلاپ تاشلىدىم. نۇرغۇن يېزىلىق ئاياللارمۇ كۆز يېشى قىلىشاتتى. قادىراخۇن تۇرنىساخاننى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەن ھالدا زال ئالدىغا چىقتى ۋە بىر كىرا ماشىنىسىنى تۇتۇپ دوختۇرخانىغا چاپتۇق.

قۇچىقىمدا ياتقان تۇنىساخان تۇيۇقسىز قاتتىق سىلكىنىپ ئاغزى-بۇرنى، قۇلاقلىرىدىن قان بۇلاق سۇيىدەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. رەڭگى ساپ-سېرىق بولۇپ، كۆزلىرىنىڭ قارىقى لىپىلداپ تارتىشىپ، لاغىلداپ تىترىدى-دە، ئاخىرىدا خارت قىلىپ بىر تىنىپلا بېشى چۈشۈپ كەتتى. مەن قورقۇپ ۋارقىراپ تاشلىدىم:

— ۋاي خۇدايىم... قادىراخۇن!... تۇرنىساخان...

بىز نېمە بولمىسۇن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق، ئەمما كېچىككەن ئىكەن-مىز... تۇنىساخان جان ئۈزۈپ بولغانىكەن... دوختۇرلار تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن دېدى...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قېيىن ئانام ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. باياتىن بىرى ئاۋازىنى چىقارماي ياش تۆكۈۋاتقان ئايالىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاشقا چۈشتى.

قېيىن ئانام يىغىسىنى توختىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز تۇنىساخاننى يۇيۇپ تاراپ يەرلىكىدە قويدۇق. رەھمەتلىكنىڭ ئوچۇق كۆزلىرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يۇمدۇرالمى-دىم... بىچارە تۇنىساخان ياش تۇرۇپلا ئېرىدىن تۇل قالغان. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ بىردىنبىر خۇشلۇقى، تۈۋرۈكى بەختىيار ئىدى... بەختىيارنىڭ توساتتىنلا تۈرمىگە كىرىپ قېلىشى ئۇنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ، بىر ئۆمۈر جاپا-مۇشەققەت... دەرد ئىچىدە ئۆتكەن بۇ مەزلۇمنى ھاياتىدىن ئايرىدى...

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي نامان راخمان كەنت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئەمەتجان شاڭجاڭنىڭ ئوغلىنى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. توساتتىن بولغان بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كەنتتە خېلى غۇلغۇلا بولدى... ئەمما ئىسپاتسىز گەپلەرگە كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن. ئەمەتجان شاڭجاڭمۇ ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەتتى. كەنت خەلقى نامان راخماننى ئۈچ كۆرۈپ قالدى. «ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن قىزىنىڭ جېنىدىن ئايرىلىشقا سەۋەبچى بولدى. بەختىيارنى تۈرمىگە سولاتتى» دېيىشىپ ئۇنى ئارىغا ئالمىدى... گەپ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ «نامان راخماننىڭ قىزىغا ئەسلى

ئابدۇرېشىت باسقۇنچىلىق قىلغانىكەن. نامان
راخمانىنىڭ بۇرۇندىنلا ئەمەل تەمەسى
بار ئىدى. ئەمەتجان شاگىجاگىنىڭ كۆرسەت-
مىسى بويىچە ئىشنى گۇناھسىز بەختىيارغا
ئىتتىرىپ ئابدۇرېشىتنى ساقلاپ قېلىش
ئارقىلىق كەنت باشلىقلىقىنى قولغا كەلتۈر-
دى » دېگەن يەرگىچە يەتتى. بىر
ھەپتە ئىلگىرى نامان راخمان كەنتىمىزدىكى
ھوشۇراخۇننى ھاشارغا ھەيدىگىلى كەپتى-
كەن. ھوشۇراخۇن: « ئايالىم ئاغرىق،
باللىرىم تېخى كىچىك، قارىغىلى ئادەم
يوق، بۇ قېتىم مەندىن كۆتۈرۈۋەتسەڭلار »
دېسە، نامان راخمان قوپال گەپ قىلىپ
تىللاپتۇ. ھوشۇراخۇنمۇ بوش كەلمەي:
« سەن بۇ ئەمەلگە ئۆزۈڭنىڭ بىگىسى
بىلەن ئېرىشتىم دەمسەن! خەقنى كۆزى
كور، ھېچنېمە بىلمەيدۇ دەپ قالما. قىزىڭنى
خەق دەپسەندە قىلسا، ھېسابىنى ئالماقتا
يوق، گۇناھسىز يىگىتنى سېتىۋەتكىنىڭنى
كىم بىلمەيدۇ! » دەپتۇ. نامان راخمان
ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي پىچاق كۆتۈر-
گەنىكەن، باشقىلار تۇتۇۋاپتۇ... ھازىر
نامان راخمانىنىڭ كۈنى تەس. يېزىمىزنىڭ
ئۇششاق باللىرى جېنىدا ئۇنى كۆرسىلا:
« ساتقىن كەلدى، ساتقىن! » دەپ
ۋارقىرىشىپ قېچىپ كېتىشىدىغان بولۇپ
كەتتى. مانا مۇشۇنداق باللىرىم، باشقىلار-
غا قارا سانىغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى
كۈن كۆرمەيدىكەن...

قېيىن ئانامنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىغان-
دى. ئايالىمنىڭمۇ يىغلاۋېرىشتىن قاپاقلىرى
ئىششىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ كۆڭلۈم غەش بولۇپ
ئېزىلىپ كەتكەندىم. مەن ئايالىمنى
قېيىن ئانامغا ئورۇن راسلاشقا بۇيرۇپ،
ئۆزۈم ئېغىرلاشقان بېشىمنى سەگىتىش ئۈچۈن
ئىشىك ئالدىغا چىقتىم.

سائەت بىرلەردىن ئاشقان، جاھان
جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. كېچە ئاسمىنى
بۇلۇتلۇق بولۇپ، ھىلال ئاي بۇلۇتلار
ئارىسىدىن سۇس، سوغۇق نۇر چېچىپ
تۇراتتى. سوغۇق ھاۋادا كاللام سەل
سەگىگەندەك بولدى. تاماكىدىن بىر تال
تۇتاشتۇرغاچ ئويلىنىپ قالدىم. بەختىيار
گۇناھسىز تۈرمىگە كىرىپ قالغانمىدۇ؟ نامان
راخمان راستىنلا ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن
قىزى ھۆرنىسانىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى
بولغان ئابدۇرېشىتنىڭ ئورنىغا بەختىيارنى
تۈرمىگە ئىتتەرگەنمىدۇ؟ ھازىر كىشىلىرىمىز
ئىچىدە مۇنداق ئىشلارنىمۇ يوق دېگىلى
بولمايدۇ. ئېھتىمال مەن كۆپ ئويلىنىپ
كەتكەندىمەن. بەلكىم نامان راخمان
بىلەن ئەمەتجاننىڭ مۇناسىۋىتى ئۇنچىلىك
سىرلىق ئەمەستۇر. ئەمما كۆز ئالدىمغا
ئەتىگەنلىكى كۆرۈنۈشلەر كېلىۋالدى. نامان
راخمانىنىڭ يىلىنىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى،
سۇلغۇن چىرايى... قۇلىقىم تۈۋىدە ئۇنىڭ
ئاۋازى قايتا تەكرارلانغاندەك بولدى:
« ئاھ خۇدايىم! دەردىم، رەسۋاچىلى-
قىم...» ، بۇ گەپلەر زادى نېمىنى
چۈشەندۈرىدۇ؟ ئەمەتجاننىڭ روھىي
ھالىتىچۇ؟

قارىغاندا خەلقنىڭ گۇمانلىنىشىنى
ئاساسسىز دېگىلى بولمايدىغاندەك تۇراتتى.
« پاختىنىڭ ئارىسىدا ئوت ساقلىغىلى
بولمايدۇ» . بۇ ئىشلار ھامان بىر كۈنى
ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ. مەن شۇ خىياللار

بىلەن ئۆيگە يېنىپ كىردىم.

كېچىچە قارا بېسىپ، جۆيلۈپ چىقىپتىمەن. ئايالىم نەچچە قېتىم ئويغىتىۋەتتى. ھەر قېتىم كۆزۈم ئۇيقۇغا ئېلىنغاندا ئالدىمدا، قويۇق، قارا تۇمان، تۇمان ئارىسىدا ئاق كۆڭلەككە ئورالغان، كۆزلىرى ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىر قىز، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، ئورۇق، پۈتۈن چىرايىنى دەرد-ئەلەم قاپلىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال پەيدا بولۇپ كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا ماڭا قاراپ قوللىرىنى سوزىشاتتى...

ئەزەلدىن جىن-ئالۋاستىلارغا ئىشەنمىسەممۇ بۈگۈن كېچە ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتتىم. ئەتىگەندە ھارغىن ھالدا ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا ئايالىم چىرايىمغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى:

— ۋىييەي! نېمە بولدىڭىز؟ ئاغزىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ساپلا قورقاق بېسىپ كېتىپتىغۇ...

ئىدارىغا خاراموش ھالەتتە كېلىپ، ئىشخانىغا كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا مالىيە بۆلۈم باشلىقى ئابدۇكېرىمكام ئىشىكنى چەكمەستىنلا كىرىپ كەلدى. چىرايىدىن مۇھىم گەپ باردەك جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. مەن ئېغىز ئېچىپ بولغىچە، ئۇ گەپ باشلىدى:

— ئۇقتىلىمىكىن، ئاخشام ئەمەتجان جۇيجاڭغا بىرى پىچاق تىقىۋېتىپتۇ، ھازىر جىددىي قۇتقۇزۇشتىكەن...

— نېمە! — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، — كىم ئۇنىڭغا پىچاق سېلىۋېتىپتۇ؟

— پىچاق سالغۇچى بۇرۇن ئەمەتجان جۇيجاڭ يېزىدىكى چاغدا بىر كەنتنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ قويغان نامان دېگەن ئادەم ئىكەن. تۈنۈگۈن شۇ ئادەم ئەمەتجان جۇيجاڭنى ئىزلەپ كەلگەن، ئۆزلىرىمۇ كۆرگەنتىلە.

— ھە.


— شۇ ئادەم ئاخشام ئەمەتجان جۇيجاڭنىڭ ئۆيى ئالدىغا غەرق مەست بېرىپ ئىشىكنى ئۇرۇۋېرىپتۇ. ئەمەتجان جۇيجاڭ باشتا چىققىلى ئۇنىماپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئادەم، ئەگەر ئۆيدىن چىقمايدىغان بولساڭ سەن بىلەن ئوغلۇڭ ئابدۇرېشىت ئۈستىدىن قىزىمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى دەپ ئەرز قىلىپ ھازىرلا ھۆكۈمەتكە بارىمەن! دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمەتجان جۇيجاڭمۇ چىقمىسىغۇ بولغىنى. قارا باسقانمۇ قانداق، چىقىپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئەي جۇيجاڭدا نېمە ئۆچى باركىن، ئەمەتجان چىقىشىغا ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا پىچاق ساپتۇ. ئەمەتجاننىڭ خوتۇنى قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چىقسا ھېلىقى ئادەم قولىدا پىچاق، خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ئەمەتجاننىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ھەدەپ يەرگە نىقتاۋاتقۇدەك، ئەمەتجان بولسا قان ئىچىدە تولغىنىپ ياتقۇدەكمىش. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى ئامانلىق ساقلاش ئورنىغا تېلېفون ئۇرۇپتۇ. ساقچىلار ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا ئۇ خۇددى ئالجىپ قالغاندەك: قىزىم ئاخىرى سېنىڭ ئىنتىقامىڭنى ئالدىم... ئەمدىغۇ نادان داداڭنى كەچۈرەرسەن! ... مەن

ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشنى پاش قىلمەن! »
دەپ ۋارقىراپ ماڭغانمىش، قاراڭ ماۋۇ
كېلىشمەسلىكنى... ئەمەتجان تېخى
تونۇگۇنلا ساپ-ساق يۈرەتتى...

ئابدۇكېرىمكام يەنە بىر نېمىلەرنى
دەپ چىقىپ كەتتى. كۆڭلۈم غىل-پال
يورۇغاندەك بولۇپ يەنە غەشلىككە پاتتى.
بەختىيار گۇناھسىز ئىكەن-دە. ئۇ قويۇپ
بېرىلەر، ئەمما ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
كىشىلىرى ئەمدى بۇ دۇنيادا يوق. بۇنىڭ-
دىن كېيىن ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزەر...

كۆز ئالدىمنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغان-
دەك، تۇمان ئىچىدىن بىرمۇنچە ئادەم
سايىلىرى ئەگىپ ئۆتۈۋاتقاندەك بىر خىل
تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بۇ سايىلار بارغانسې-
رى روشەنلىشىپ ئاخىرىدا ئادەم تۇسكە
كىردى-دە، ئاستا لەيلەپ كېتىۋاتقان
تۇتەك ئىچىدە ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ
ئۆتۈشكە باشلىدى... ئەڭ ئالدىدا
كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقان،
مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلگەن يىگىت؛ ئۇنىڭدىن
كېيىن چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، كۆزلە-
رىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، چېچىغا ئاق ئارىلىغان
ئوتتۇرا ياش ئايال؛ ئاپئاق كۆڭلەككە
ئورالغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرىدە
دەرد-ئەلەم، مۇھەببەت-نەپرەت ئارىلىشىپ
كەتكەن، سولغۇن چىراي قىز، قاپقى
تۈرۈلگەن، قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ
غادىيىپ تۇرغان ئەمەتجان؛ چىرايى
قاپقارا، نۇرسىز كۆزلىرىدىن يىلىنىش
چىقىپ تۇرغان، بېلى پۈكۈلگەن نامان
راخمان؛ ئەڭ ئاخىرىدا زادىلا ئويلىمىغان
يەردىن ئىككى قولۇمنى ئارقىغا تۇتۇپ،
ئۈيىقۇلۇق كۆزلىرىم بىلەن بىلەن جاھانغا
پەرۋاسىز قارىغان ھالەتتە ئۆزۈمنى كېتىپ
باراتتىم...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل



**يارمۇھەممەت تۇرسۇن**

# قوشنام

(ھېكايە)

بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىپ، ئىككىنچى كۈنى ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئۆيدىكى نەرسىلەرنى رەتلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدۇق، تويۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ ئۇدۇل قوشنام ئايالى بىلەن كىرىپ كەلدى. بۇ يىگى قوشنام بىلەن بۇرۇن سورۇنلاردا ئاندا-ساندا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق، لېكىن ئانچە كۆپ تونۇشلۇقىمىز يوق ئىدى. بۈگۈن قوشنام مەندىن بىرىنچى بولۇپ ئەھۋال سوراپ كىرگەچكە، بىز كونا قەدىناسلاردەك قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتۇق. ئايالىم قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، مېھمانلارغا چاي تەييارلاشقا تۇتۇندى.

— ھە، قانداق، ئورۇنلىشىۋالدىڭلارمۇ؟ كۆچۈپ كىرىۋالغاندىن كېيىن قالغان ئىشلارنى ئاستا-ئاستا قىلىۋالىسىلەر، — دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە قاراپ، — ئۆي كۆچمەكمۇ تەس گەپ، كونىلارنىڭ «كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق» دېگىنىدەك، بىرنى قىلسا بىرى، ئادەمنىڭ ھېرىپ ھېچ ھالى قالمايدۇ، — قوشنام تولىمۇ مېھماندوست، چاقچاقچى ئادەم بولسا كېرەك، بىزدىن ناھايىتى تەپسىلىي ئەھۋال سوراپ كەتتى، ھەر ئىككى ئېغىز سۆزىنى بىر ماقال بىلەن خۇلاسىلەپ تۇراتتى. بۈگۈن قانداقلىكىن بولمىسۇن ئۆينىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا بېرىشىم كېرەك. چۈنكى بۆلۈمدە ماڭا قاراشلىق نۇرغۇن ئىشلار مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى. «مېھماننى كەل دېمەك بار، كەت دېمەك يوق» دېگەنىدەك، ئۆيگە كىرگەن مېھماننى كۈتمىسە، خېرىدارلىقىنى قىلمىسا بولمايتتى. مەن لېۋىمنى چىشلەپ مېھماننى كۈتۈشكە باشلىدىم. ئايالىمۇ تەييارلىغان نەرسىلەرنى جوزىغا ئېلىپ كېلىپ، ئايال قوشنامنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز ئۆز جايىدا قېلىپ، قوشنامنىڭ ئاغزىدىن بۇلاق سۈيىدەك ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ھە، دەپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. قوشنام ئايالىم قورۇپ كىرگەن قورۇمىدىن ئىككى چوكا ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپلا:

— پاھ، پاھ، ئوخشاپتۇ بۇ سەي، خۇددى ھاراق ئۈچۈنلا قورۇلغاندەك،

ئادەمنىڭ خۇمارىنى كەلتۈرۈپ، — دەپ تاڭلىيىنى چاكىلدايتتى.

— بىرەر رومكا ئىچەمسىز يا؟ — تەكەللۇپ يۈزىسىدىن سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— شۇنداق بولغان بولسىغۇ، گۈلى گۈلىگە كەلگەندەك قالتىس بولۇپ كېتەتتى. بىراق سىلەر يېڭى كۆچۈپ كېلىپ، ئۆيگە هاراق ئالغۇدەكمۇ بولمىغانسىلەر، — دېدى ئۇ، مەن ئۆزۈمدىن ياشتا خېلىلا چوڭ بولغان بۇ ئادەمنىڭ هاراق ئىچكۈسى بارلىقىنى پەملەپ دەرهال چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا چىقتىم هەم هايال بولمايلا بىر بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ كىرىپ جوزىغا قويدۇم. قوشنام قاقاقلاپ كۈلگىنىچە مېنى ماختاشقا باشلىدى:

— ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە ئەكىرىپ بوپسىز، مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ ئۇكام، مەن مۇشۇنداق سىم تاناپتەك تۈپتۈزلا كەتكەن ساددا ئادەممەن، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قاندىغىراق قوشنىغا ئۇلىشارمەن دەپ كېچە-كۈندۈز ئويلايتتىم، مانا بۈگۈن خۇدايىم تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلىپ سىزدەك بىر ئوبدان قوشنىغا ئۇلاشتۇرۇپتۇ. سىلەر ياشلار بۇ ئىشلارنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيسىلەر، بىزدەك كاداڭلار تازا چۈشىنىمىز، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان ئۇكام، قوشناڭ ياخشى بولمىسا پۈتكۈلۈك شۇدە...

قوشنامنىڭ ئايالى بىر سۆزلىسە بىرنەچچە سائەت سۆزلەيدىغان يولدىشىنىڭ خۇيىنى بىلسە كېرەك، ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى.

ئەر قوشنام ئايالىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— مۇشۇ كۈنىڭ خوتۇنلىرىزە ئەرلىرىنى باشقۇرۇشقا ئۇستا بولۇپ كەتتى. ئەمدى پاراڭ باشلىغاندا گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ قىلىۋاتقان قىلىقىنى بۇنىڭ، ئۆز ئارا پاراڭلاشقاندا، كۆڭۈل سىرلىرىنى بىر-بىرىگە دېگەندە ئاندىن ئادەملەر بىر-بىرىنى چۈشىنىدۇ، بىردەم تاقەت قىلىپ، ئۆپكەڭنى زىغىردەك بېسىپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇڭلار خوتۇن، — دېدى.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، يېڭى كۆچۈپ كەلدى. ئۆينىڭ ئىشلىرىنى ۋاقتىدا جىمىقتۇرۇۋالمىسا بولمايدۇ، ئەتە ئىشقا بارار ھەقىچان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارچاپ كەتكەندە ئۇخشۇقتىن، ئۇشۇق ئاۋارە قىلىپ — ئايالى نارازى بولغان قىياپەتتە يولدىشىغا ئالىيىپ قارىدى.

— بۇلارنى دېمىسەڭمۇ ئوبدان بىلەمەن، — دېدى ئەر قوشنام، — ئەمدى گېپىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالغاچقا بىر دەم يېرىمدەم ئولتۇرۇپ قالدۇق خوتۇن، — ئۇ شۇنداق دەپ ماڭا قارىدى. بىراق بىز بىر جوزىدا ئولتۇرغاندىن بېرى پىكىردە ئورتاقلاشقۇدەك ماڭا بىرەر ئېغىز گەپمۇ تەگمىگەنىدى. ئالاهىدە ئەھۋال سوراپ ئۆيىمىزگە كىرگەن قوشنىلارغا يامان تەسىر بېرىپ قويمايلى دېگەن ئۆي بىلەن ئەر-ئايال ئىككىمىز ئەر قوشنام نېمە دېسە ھە، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغانىدۇق. قوشنامنىڭ گېپىگە يارىشا:

— مەنمۇ پاراڭغا ھېرىسمەن ئادەم، ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى بىر-بىرىگە دەپ كۆڭۈلنى بوشىتىشمۇ

سالامەتلىكىكە پايدىلىقكەن، قوشنا بولغان-
دىن كېيىن تارتىنماي ئولتۇرۇۋىلار، — دەپ
تىلىمنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ئىپادىلەپ
قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىزغىنلىقى
تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ سۆزلەشكە
باشلىدى:

— ھە، مانا دېمىدىممۇ، ئەقىللىق
ئادەم دېگەن باشقىگەپ، ھەممە ئىشلار-
نى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىدۇ. مەنمۇ
مەكتەپتە قالتىس ئوقۇغان دەڭە ئۇكا،
ئەينى يىللىرى مەكتەپنى ئالتۇن مېدال
بىلەن پۈتتۈرگەن. ھازىر بەزى باشلىقلار-
نىڭ ئىچىدە مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم بار،
بىراق ئۇلارنى كۆزۈمگە ئىلىپ قويمايمەن،
ھەممىسى خۇشامەت قىلىپ، داستىخان
كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆسكەن بىر نېمىلەر،
قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ. مەن
دېگەن يېرىم سائەتلا ئولتۇرىدىغان بولسام
بىرماقالىنى پۈتتۈرۈۋېتىمەن، ئىجتىمائىي
پەن بولامدۇ، تەبىئىي پەن بولامدۇ،
ھەممىسىنى سۇدەك ئىچۋالغان ئادەممەن...

— قوشنام سۆزلىگەنسېرى قىزىپ، ئۆزىنىڭ
ئاجايىپ كارامەتلىرى، ئېلان قىلىنغان
ماقالىلىرى، بىلىدىغان چەت ئەل تىللىرى
ئۈستىدە سۆزلەۋاتاتتى، سۆزلىگەنسېرى
ئۇنىڭ گېپى ئۇزىراپ كېتىۋاتقان، تۇرۇپ
ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلىسە، تۇرۇپلا تارىخ،
جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە، فىزىكىلاردىن
سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، ئاياللىم قورۇپ
كىرگەن قورۇمىلارمۇ بىر يەرگە بېرىپ،
تەخسىلەرنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالدى. بىراق
پەتىگە كىرگەن قوشنام ھېچ قوزغىلىدىغان-
دەك ئەمەس، مەن قوشنامنىڭ ئەلپازىغا
قاراپ، ئۇنىڭ بۈگۈن «ئۇزۇنغا سوزۇلىد-
غان ئولتۇرۇش» قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ،
ئاياللىمنى بىرەر قاچىدىن سۇيۇق-سەلەڭ
تاماق ئېتىشكە بۇيرۇدۇم ۋە ئۆزۈم سىرتقا
چىقىپ يەنە ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئەكىردىم.

— ماڭا قاراڭ ئۇكا، — قوشنام
قولۇمدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى، — ئۈچ
ئىدارىغا يۆتكۈلۈپتىمەن، ھازىر سەل نومۇس
قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بولمىسا بارغۇ
ھەرقانداق بىر شىركەتكە بېرىپ، مەيلى
تېخنىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرەي ياكى
ئېنگلىز، خەنزۇ تىللىرىدا تەرجىمانلىق
قىلىپ بېرەي، ئايلىقىغا ئىككى مىڭ يۈەندىن
بېرىپ جان دەپ ئىشلىتىدۇ. خەنزۇچە
يېزىش، ئوقۇش دېگەنلەرنى خەنزۇلاردەكلا
قىلىۋېرىمەن، ئىدارىدىكى بەزى خەنزۇلار
بىلمىگەن خەتلىرىنى مەندىن سوراپ
كىرىدۇ تېخى، — قوشنام سۆزلىگەنسېرى
كۆچىنىپ، ئاۋازى ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ
بېسىپ كەتتى.

ئۇنىڭ چارلاشقان شالاڭ چاچلىرى
ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان دۇغ
سۇدەك تەر تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ
كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى.
مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوشنامغا
لۆڭگىنى سۇندۇم، قوشنام كۆزۈمگە قاراپ
تۇرۇپ:

— مەن بارغۇ ئۇكا، مۇشۇ ھاراق
ئىچكەندە تەر چىقسا بەك خوش بولىمەن.
چۈنكى ھاراق دېگەن تەر ئارقىلىق
سىرتقا چىقىپ كەتسە ئادەم ئوڭاي مەست
بولمايدۇ. ھاراق ئىچكەندە تەر چىقمىسا
تۆگە شىكىنىڭ شۇ، تەر دېگەن ياخشى

نېمە جۇمۇ ئۇكا، ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، تەرنى پەقەت ئېرتقۇم كەلمەيدۇ، خەقلەرنىڭ ماڭا قاراپ ئىچى پۇشۇپ، سىزگە ئوخشاش لۆڭگە، قولياغلىقلارنى تەڭلەپ، تەرىڭنى ئېرتىۋال دېيىشىپ كېتىدۇ. ئەمما مېنىڭ كارىم يوق. شۇڭلاشقا يانچۇقۇمغا ئېزىپ-تېزىپ قولياغلىق سالمىسام، ئادەتتە قولياغلىق سالمايمەن، — دېدى.

مەن قوشنامنىڭ شۇنچىلا كۆپ نەرسىدىن خەۋىرى بار تۇرۇقلۇق، ئادەتتىكى شەخسىي تازىلىققا دىققەت قىلمايدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم، بىراق قوشنام ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايالى يولدىشىنىڭ پېشىنى تولا تارتىپ ھارغان بولسا كېرەك، ئايالىم بىلەن پاراڭغا چۈشتى. ئەر قوشنام قويماقنىڭ خېمىرىدەك، سۆزلىگەنسېرى يېيىلىپ كېتىۋاتاتتى، بىرىنچى بوتۇلكا تۈگەپ، ئىككىنچى بوتۇلكىغا ئۆتكەندە ھاراق مېنىمۇ خېلىلا قىزىتىپ قويدى.

— سىز شۇنچىلا بىلىملىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر بىلىملىك زىيالىيلارنى قەدىرلەپ ئىشلىتىۋاتقان بىر ياخشى شارائىتتا ئەجەپ ئۈچ ئىدارىگە يۆتكىلىپسىز ھە؟— دېدىم ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ. قوشنام ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي ئۇكا، ھەممە ئىشنىڭ بېشى شۇ مېنىڭ بىلىملىك بولغانلىقىمدا، ئەگەر مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش نادان، جوزا كۆزەتچىسى بولغان بولسام بۇ چاغقىچە نازىر بولۇپ كېتىدىغان ئادەممەن دەڭا. ئازراق بىر نەرسىنى بىلگەندىن كېيىن سۆزلەپ قويىدىغان ئىشكەن، سۆزلىگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ئىشكەن، شۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدىكەنسىز. بىلىممۇ خۇددى ھاراققا ئوخشاش قورساققا كىرگەندىن كېيىن جىم تۇرمايدىكەن. شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۈچ ئورۇنغا يۆتكىلىپتىمەن، ھازىرمۇ شۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۈستىدىكى سادىر دېگەنلەرنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق، قورسىقىنى يارسا ئېلىپىنىڭ سىنىقى چىقمايدۇ. خۇددى شەھەردە ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەك، كوچىغا پاتماي ئۆردەكتەك ئېغاڭلاپ مېڭىشى كىشىنىڭ قۇسقىسىنى كەلتۈرىدۇ. پەقەت خۇشامەت، چېقىمچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان يۇندا قورساق بىر نېمىلەر دەڭە ئۇكا، خۇدايىم مۇنداق كىسپۇرۇشلاردىن پاناھ بەرسۇن، دوپپىسىنى ئەكەل دېسە بېشىنى كېسىپ كېلىدىغان بۇنداق مەخلۇقلاردىن خۇددى ئىتتىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ... —

قوشنامنىڭ سۆزى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، خۇددى ئالدىنئالا ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالغان ناتىقنىڭ سۆزىدەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىنىپ چىقىۋاتاتتى. ئايالىم ئىككىمىز ئۆي كۆچىمىز دەپ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكىمۇ ئولتۇرغانسېرى ھاردۇق يېتىپ مۈگدەپ قېلىۋاتاتتۇق. قوشنام بولسا، سۆزلىگەنسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئۈچ بالام بار دەڭە ئۇكا، ھەممىسى ماڭا ئوخشاشلا زېھنى ئوچۇق، ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇپ ئۆستى. ئىككىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئەڭ كىچىكىمۇ ناھايىتى ئوبدان

ئوقۇغانتى، نېمىشكىن بىلەلمەيلا قالدىم،
قارا باسقاندەك ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي
قالدى. ئەمما ئەقىل-ھوشى جايىدا
بولغاچقا ئۆزى يول تېپىپ، ئارىمىزدىن
چىققان بىرتىجارەتچى بولۇپ قالدى دەڭە،
ئۇنىڭ ھازىرقى ئەپتىگە قارىغاندا
كەلگۈسىدە چوڭ پۇلدارلاردىن بولۇپ
قالىدىغىنى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.
باللار كىچىكىدىنلا كىتابلار دۆۋىسىدە چوڭ
بولغاچقىمۇ ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرىنى ھەتتا
سىز، بىزمۇ بىلمەيمىز، ئىشقىلىپ خوتۇن -
باللاردىن تەلەيلىكمەن، خوتۇنۇممۇ
ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم،
بىلىملىك ئايال. مۇشۇ ۋاقىتقىچە سەن-پەن
دېيىشىپ، بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ
باققىنىمىزنى بىلمەيمەن. بىر ئۆيدە ئۇزۇن
تۇرغاچقىمۇ قېرىنداشلاردەك بىر-بىرىگە
مېھرىبان بولۇپ كېتىدىكەن كىشى.

قوشنامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ زوقلانغان
ئايالىم تۇنجى بولۇپ سۆز ئېلىپ:

— چىرايىڭلارمۇ بىر-بىرىڭلارغا ئوخشاپ
كېتىدىكەن، خۇدا قوشقان بىر جۈپ
ئىكەنسىلەر، — دەپ كۈلدى. ئەر قوشنام
ئايالىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ:

— ئۇزۇن يىل بىر ئۆيدە ياشىسا
چىرايى تارتىپ كېتەمدىكىن تاڭ، بۇرۇن
بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان. بارا-بارا ئوخشاپ
قېلىۋاتىمەنغۇ بىلمىدىم. باشقىلارمۇ مېنى
خوتۇنىڭغا ئوخشايسەن، سىلەر بىر نەۋرىمۇ؟
دېيىشىدۇ، — دەپ ئايالىغا قاراپ كۈلدى،
ئايالىمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋال-
دۇرۇز» دەپتىكەن، سىزگە دەپ قوياي،
بۇ قورۇغا يېڭى كۆچۈپ كەلگەچكە قورۇ-
دىكىلەرنى تازا چۈشىنەلمەيسىلەر، بىزنىڭ
بۇ قورۇدا ئاجايىپ ئادەملەر بار، دىققەت
قىلمىسىڭىز ئوڭايلا ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ
قالىسىز، قارىسىڭىز بىرىدىن بىرى كېلىشكەن،
سالاپەتلىك، شېرىن سۆزلۈك كىشىلەر.
ئەمەلىيەتتە سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ
قويىدىغان سۇيىقەستچىلەر، بولۇپمۇ بىزنىڭ
ئۈستىمىزدە ئولتۇرىدىغان كۆمۈرگە ئوخشاش
قاپقارا سادىردىن، ئىككىنچى ئىشكتە
ئولتۇرىدىغان دىلشات دېگەن تايغاندىن
ھەزەر ئەيلەڭ جۇمۇ ئۇكا! ئۇلار خۇددى
ھۇقۇشقا ئوخشاش كۈندۈزى ئۇخلاپ،
كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. سادىر دېگەنغۇ
ئۇچىغا چىققان كۆيدۈرگە بىر نېمە. دادىسى
قانداقمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى سادىر قويۇپ
قويۇۋېدىكىن، سادىر پالۋاننىڭ روھىنى
قورۇندۇرۇپ. دىلشات دېگەن كىم بىر
چىشلەم نان تاشلاپ بەرسە شۇنىڭ
ھويلىسىغا بېرىپ قاۋايدىغان لالما ئىتقا
ئوخشاش بىر نېمە. خۇددى مىراسخوردىكى
ئەسمەتخاننىڭ خرۇستال تايغانلىرىنىڭ
ئۆزى، ماراپ تۇرۇپ چىشلەيدۇ، ئۈچىنچى
ئىشكتىكى ئەمەتقۇ ئېيتقۇسىز تېتىقسىز بىر
نېمە... — قوشنام ھەممە قوشنىلارنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرىنى، باشقىلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتلىرىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ باللىرىغى-
چە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ چىقتى. شۇنداق
قىلىپ چۈشتىن بۇرۇن كىرگەن ئادەم ئىككى
ۋاق تاماقنى يەپ، كەچ سائەت ئونلاردا
ئايالىنىڭ زورلىشى بىلەن نائىلاج چىقىپ
كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ قوشنام بىلەن

ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدۇق. ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىمىزدا ئۇ ئادىتى بويىچە باشتا ۋەزىيەتتىكى يېڭىلىقلار، ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر ھەققىدە ئاندىن، كىمنىڭ كىم ئۈستىدىن قىلىپ بەرگەن غەيۋەتلىرى، ئۆزىنىڭ ئىدارە باشلىقى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېيتقانلىرى، ھەر كۈنى ئۇچراشقان سەن ئىشى ھەققىدە ئۆزۈندىن ئۇزۇن سۆزلەپ كېتەتتى.

بىز ئولتۇرغان قورۇدا ئادەم كۆپ بولغاچقىمۇ پات-پات يېڭى ئىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ يېڭى ئىشلار قوشنامنىڭ ئاغزى ئارقىلىق تەھرىرلىنىپ خۇددى رادىئو دولقۇنلىرىدەك ناھايىتى تېزلا ئەتراپقا تارقىلاتتى. قوشنامنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى-گە قاراپ ھەيران بولغان ھالدا ياقامنى تۇتۇپ قالاتتىم، بارا-بارا ئۇنىڭ گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ، قاچىدىغان بولۇپ قالدىم.

— سادىرنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشتىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟ — بىر كۈنى قوشنام بوراندەك ئۆيگە كىرىپ كەلدى. تېڭىرقىغان ھالدا:

— ياق، بىرەر ئىش بولۇپتىمۇ؟ — دېدىم.

— پۈتۈن شەھەردە بىر بولۇپ كەتكەن بۇ ئىشتىن تېخىچە خەۋەرسىز يۈرۈپسىزدە، ھەقىقەتەنمۇ ئاخبارات سەزگۈر-لىكىڭىز تۆۋەن ئىكەن، جۇمۇ. سادىرنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆزىگە ئوخشاش جەللەكورلەر بىلەن بىرلىشىپ بۇلاڭچىلىق قىلغانىكەن. قارشى تەرەپ خېلى بىگىسى بار نېمە چىقىپ، سادىرنىڭ ئوغلىنى قاتتىق ئۇرۇ-ۋەتكەنمۇ قانداق، كۆزىنى ئاچماي ھوشسىز دوختۇرخانىدا ياتقۇدەك. ھېلىراقتا بىر نەچچە ساقچىلار كېلىپ سادىرنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. مەن سىزگە دېدىمغۇ، بالا دېگەننى ئوبدان تەربىيە-سە ئۆزىگە بالا بولىدىغان گەپ، مەن سادىرنىڭ بۇ بالىسىنى كىچىك چېغىدا بىرلا كۆرۈپ ئۇنىڭ ياخشى ئادەم بولماي-دىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. مانا بۈگۈن مېنىڭ شۇ چاغدىكى چىقارغان ھۆكۈمىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مەنىڭ ئەزەلدىن خاتا ئىش قىلىپ باقمىغان ئادەم، «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دەپ، سادىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىدارىدىكى ھەممە ئادەمگە دېگۈدەك قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بىر نېمە ئىدى. مانا خۇدا ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ كۆرسىتىۋېتىپتۇ، بىر ھېسابتىمۇ ئوبدان بولدى. زىيانىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن.— قوشنامنىڭ ئادىتىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈ-ۋەتمەكچى بولدۇم.

— سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز بەلكىم راستتۇ، — مەن ئەمدىلا گەپ باشلىشىمغا قوشنام گېپىمنى تارتىۋالدى.

— ئۇكا، سىزنىڭ دېگىنىڭىز بەلكىم راستتۇ، دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ مەن مۇشۇ ساقىلىم بىلەن سىزگە يالغان سۆزلەيمەنمۇ، ۋەقەنى باشتىن-ئاياغ كۆرگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ سىزگە دەپ بېرىۋاتىمەن. بىر ھېسابتا ئۇ پوق قورساققا ئوبدان بولدى. بۇرنىغا سۇ كىرمىگۈچە ئادەم بولمايدىغان، كالىغا ئوخشاش ھېسسىياتسىز، ھەيكەلگە ئوخشاش يۈرەكسىز بىر نېمە ئۇ...

— سادىركامغۇ سىزنىڭ ئالدى-كەينىڭىز-

ده گەپ قىلمايدىكەن. ئاۋۇتكا، ئۇتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر، قوشنىنى كوچىلىساڭ كۆچەر دېگەن گەپ بار. بىر-بىرىمىزنى كوچىلاپ، بىر-بىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت-شىكايەت قىلىپ نېمە قىلىمىز. بۇ گەپلەر سادىركامنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالسا سەت بولىدۇ، — دېدىم مەن ئاخىرى تاقەت قىلالماي. قوشنام يەنە بىر مۇنچە سۆزلىگەندىن كېيىن ئاران دېگەندە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كەچتە قىلىشقا پىلانلىغان بىر مۇنچە ئىشلىرىم ئەتىگە قالدى.

ئەتىسى قوشنىلاردىن نەچچىمىز هويلىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئاۋۇتكام پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ كېلىپلا سادىركامنى سۆكۈشكە، ئۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— هەي ئاۋۇت، هەممىمىزنىڭ باللىرى بار، توۋا دەيلى. ساڭا كەلدى، ماڭا كەلمىدى، دەيدىغان جاهان ئەمەس بۇ. «بۇرۇن تاغ ئايلانسا، هازىر باغ ئايلىنىدۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئارىمىزدىن بىرى.

— مەن بارغۇ، ئۇنداق باللىنىڭ پاچىقىنى چېقىپ، ئىتنىڭ ئورنىدا نان تاشلاپ بېرىپ باقمەن. مېنىڭ باللىرىمنى هەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، قويغا ئوخشاش ياۋاش، قىز بالىغا ئوخشاش يۈزى تۆۋەن باللار بولدى. بالا دېگەننى كىچىكىدىن تەربىيىلىمىسە ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ. سادىرغىمۇ ئاز، باللارنى شۇنداق ئەركىن قويۇۋېتەمدۇ. مېنىڭ باللىرىم دېگەن مېنى كۆرسە تىك تۇرىدۇ...

ئاۋۇتكام ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي باللىرىنى ماختاۋاتاتتى. 30 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ساقچى هويلىغا كىرىپ كەلدى ۋە بىزدىن سادىركامنىڭ ئۆيىنى سورىدى.

— ئۇكا، سادىرنىڭ بالىسى نېمىشقا بۇلاڭچىلىق قىپتۇ؟ — دېدى ئاۋۇتكام هەممىدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى ساقچى ئەجەبلەنگەن هالدا، — سىلەر خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشىمامسىلەر؟

ئەسلىدە سادىركامنىڭ ئوغلى كېچىلىك ئىسمىنادىن قايتىپ ئۆيگە كېتىۋاتقىنىدا بىرنەچچە بۇلاڭچىنىڭ بىر ئايالغا پىچاق تەڭلەپ زورلۇق قىلىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن بالا هېچنەرسىنى ئويلىماي بۇلاڭچىلارغا شىردەك تاشلىنىپتۇ، بالا بۇلاڭچىلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا هېلىقى ئايال ئەھۋالنى ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپتۇ. ساقچىلار يېتىپ كېلىپ بۇلاڭچىلارنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، ئاما بالا قاتتىق تاياق زەربىدىن هوشىدىن كەتكەنىكەن، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ.

قوشنام ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشنى ئەپسىز هېس قىلسا كېرەك: — توۋا، غورىلاينىڭ ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل چىققاندەك ئىش بوپتۇ، دە، — دەپ قويۇپ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. قالغانلىرىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پاراققىدە كۈلۈشتۇق. قوشنام ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، بىزگە بىر ئالىيىۋېتىپ بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ قوشنام ماڭا

گەپ قىلمايدىغان بولدى. ئۈچرىشىپ قالساق كۆرمەسكە سالاتتى. ھەتتا قوشنىلار بىر نەچچىمىز تۇرغان يەرگىمۇ كەلمەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك، ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلىپ، كەچلىك مەشغۇلاتىمنى ئىزىغا سېلىۋالدىم. ئەنە شۇنداق خاتىرجەم يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنام ئوغلى ئۆچكەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، سۆزلەپ كەتتى:

— مەن سىلەر كۆچۈپ كەلگەندە، خۇددى ئۇلۇپ كەتكەن ئاتام تىرىلىپ قالغاندەك خوش بولۇپ كەتكەندىم. يېقىنقىياقى قانداقراق ئەھۋالىڭىز دەپمۇ قويمايسىزغۇ؟ باشقىلارنىڭ يالغان-ياۋداق گەپلىرى بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى بىر-بىرىمىزگە بولغان ئەقىدىمىز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ئۇكا؟ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بالا باققانغا تويۇپ كەتتىم. بىر كۈنى بىرى كېلىدۇ، بالىڭىز مال ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئالدىن پۇل ئالغانتى، مالمۇ يوق، پۇلمۇ يوق، خاپا بولماي شۇ پۇلۇمنى بالىڭىزدىن ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، دەپ. بىر كۈنى بىرى كېلىدۇ، بىر نىمە دەپ. ئىش قىلىپ يېقىندىن بۇيان ھېچ ئارامچىلىق يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە لازىم بولار دەپ، يىغىپ قويغان بىر نەچچە مىڭ يۈەن پۇل بارىدى، ئاخشام ئاپىسىدىن سورىسام، شۆھرەت ئېلىپ كەتكەن دەيدۇ. بالا باققانغا تويغۇزىدىغان بولدى بۇ كىسپۇرۇش، بەزىدە بالا باقىقچە ئات-كالا باقسامچۇ، سويۇپ يەر بولغۇيتتۇم، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. نەچچە كۈندىن بېرى بولۇۋاتقان سورۇقچىلىقنى ئاز دەپ ئاخشام يەنە ئىككى ئادەم ئۆيگە كەپتۇ، نىمە دەيدۇ دېمەمسىز، بالاڭ ئالغان پۇللارنى سەن تۆلەيسەن، بولمىسا ئۆيىڭدىكى مال-مۈلكۈڭنى ئېلىپ كېتىمىز، دەيدۇ. قارىماسىز بۇ نومۇسسىزلىقنى، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ھەر قايسىڭنى تونۇمايمەن، پۇلنى كىمگە بەرگەن بولساڭ شۇنىڭدىن ئېلىش، دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم، ئۇلار تالاغا چىقىۋېلىپ مېنى شۇنداق قاتتىق تىللاپ كەتتىكى، ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، كۆك ئىت چىقتى، ئاخىرىدا «سوتقا ئەرز قىلىمىز، قانۇن ئارقىلىق بالاڭنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقتۇرمىساق خەپ توختاپتۇر» دەپ كېتىپ قېلىشتى، ئاخشام شۇنچىلا ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولۇپ كەتسىمۇ نىمە ئىش بولدى، دەپ كىرىپمۇ قويمىدىڭىز، ناۋادا ئۇلۇپ-تارتىپ قالسام، نامىزىمغىمۇ بارمايدىغان ئوخشايسىز... — قوشنام سۆزلىگەنسېرى تاتىرىپ-تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— بالىلىرىم خېلى ئەقىللىق چوڭ بولدى، دەپ سۆزلىگەندەك قىلىۋېدىڭىز، ھەجەپ بولمىغۇر يولغا كىرىپ قاپتۇ ھە؟! — دېدىم مەن قوشنامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. ئۇ بىرەر مىنۇت يەرگە قاراپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاستاغىنە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— تاماكىنى تاشلىغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى، خۇمار قىلىپ قويدىڭىز ئۇكا. تاماكىڭىزنى چىقىرىڭە، — دەپ قولىنى سوندى. مەن دەرھال بىر تال تاماكىنى سۇنۇپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردىم. قوشنام تاماكىنى ئارقىمۇ-ئارقىدىن بىر

نەچچىنى شورۇۋېتىپ قاتتىق ئېچىنغان
تەلەپپۇزدا:
— شۇ ئەمەسمۇ ئۇكا، بۇ ئادەم
بولمايدىغاندىن كۆتكەن ئۈمىدلىرىم قېنى؟
مەن ئۇنى ئۆزۈمگە ئوخشاش بىلىملىك
ئادەم قىلىمەن دەپ شۇنچە ئەجىر قىلسام
ئۇنىڭغا ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك يۇقمىدى.
ئۇنىڭدىن چوڭلىرىغۇ مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن
چىقىپ، يۈزۈمنى يورۇق قىلغانىدى. بۇ
كۆڭلى قارا دوست-دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا
يەر قىلدى-دە، ئۇكا، شۇنىڭغا قارىغاندا
بىر قورساقتىن ئارغامچا-توقۇناقتىن باشقى-
سىنىڭ ھەممىسى چۈشىدۇ، دېگەن گەپمۇ
توغرا ئوخشايدۇ، ئۆزۈمنى ھېچكىمگە تەڭ
قىلمايدىغان ئادەمتىم، بۇ بالىنىڭ ئىشى
بىلەن تەڭلا خۇددى بېلى چىقىپ كەتكەن
توپتەك سولىشىپلا كەتتىم، بىرەر يەرگە
بارغىمۇ كەلمەيدۇ. يوللاردا بىرەر تونۇش-
بىلىش ئۇچراپ سالام قىلسا يۈزۈمگە
دەسسىگەندەك بولۇپ كېتىمەن. ئاڭلىسام
سىزنىڭ خېلى يولىڭىز بار دەيدۇ. ناۋادا
ئاخشامقى كۆكەملەر سوتقا ئەرز قىلىپ
بىرەر ئىش تېرىپ قالسا بىر ياردەم قىلارسىز
جۇمۇ ئۇكا، مەنمۇ ئىنسان بالىسى بولغانىكىن
ئۇنىتۇپ قالماسمەن، — ئۇ سۆزىنى
توختىتىپ ماڭا ئۈمىد بىلەن قارىدى.
بۇنىڭغا مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم.
— بۇ قانۇن ئىشكەن. شۇنداق
بولسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك
ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ بىرنېمە قىلارمىز،
سىزنىڭ بالىڭىز مېنىڭ بالامغا ئوخشاش
ئەمەسمۇ، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى
ياساپ، قوشنام مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ
سەل ئەنسىرىگەندەك قىلىپ ماڭا ئىزاھات
بەردى:
— ئۇكا، قانۇن ئىشكەن دەيسىز،
توغرا، قانۇن دېگەن مۇقەددەس، ئۇنى
ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بىراق شۇ قانۇنلارنى
يەنىلا سىز بىلەن بىزگە ئوخشاش ئىككى
كۆزى، ئىككى قۇلىقى، بېشى بار ئادەملەر
تۈزىدۇ ئەمەسمۇ، ئىنسان قىلغان ھەر
قانداق بىر ئىشتىن يەنىلا يوچۇق چىقىدۇ.
ئاشۇ يوچۇقلاردىن سىز بىلەن بىزدەك
ھاجەتمەنلەر پايدىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز
پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ باشقىلار بىر
نېمە دەپ بولغىچە ... — قوشنامنىڭ سۆزى
ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى كارىدوردا تۇيۇقسىزلا
قىيا-چىيا كۆتۈرۈلگەنىدى. ھەر ئىككىلىمىز
تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈر-
دۇق. قوشنامنىڭ ئايالى: ئۇ قاچتى،
ھەممىنى ئېلىپ قاچتى دەپ چوقان كۆتۈر-
دى. قوشنام كارىدور ئىشىكىدىن غىل-پال
چىقىپ كەتكەن ئادەم كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ
ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. مەنمۇ قوشنامنىڭ
ئارقىسىدىن سىرتقا يۈگۈردۈم. قوشنام
ئازراق يۈگۈرۈپلا دېمى سىقىلىپ توختاپ
قالدى. ئۇ ماڭا: بولۇڭ ئۇكا، تېزراق بېرىپ
ئۇنى تۇتۇۋېلىڭ، دېدى. مەن ئاي
قاراڭغۇسىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. ئالدىم-
دىكى ئادەممۇ شۇنداق تېز يۈگۈرۈۋاتاتتى.
تۇيۇقسىزلا ئۇ خۇددى بىرى پۇتلىشىۋەتكەندەك
ئالدىغا تىك موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.
مەن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ يەردىن
يۆلەپ دېگۈدەك ئالدىم-دە، چىرايىغا
قارىدىم، بۇ دەل قوشنامنىڭ «كىتاب-ژۇرنال-
لار دۆۋىسىدە چوڭ بولغان» كىچىك ئوغلى

شۆھرەت ئىدى. ئۇنىڭغىچە قوشنامنىڭ يېتىپ
كېلىپ ئوغلىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن
ھەدەپ ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرۇشقا
باشلىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يانچۇقىدىن قولياغلىققا
چىگىلگەن بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ ئېچىپ
ئىچىگە قارىغاندىن كېيىن، خاتىرجەم
بولغاندەك بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، يانچۇقىغا
سالدى. ئاندىن ئوغلىنىڭ كۆتىگە تەپكەن-
چە ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. ئۆيگە كىرگەن-
دىن كېيىن مەن شۆھرەتنىڭ چىرايىغا
قارىدىم. ئۇ ئېمىشقىدۇر ئولتۇرغان جايىدا
تولا قىمىرلايتتى. ئېمىدىندۇر ئەنسىرگەندەك
ئەتراپقا قارايتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ تىترەپ
كېتەتتى. ئاغزىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس
شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ
ھالىتىگە قاراپ ھېلىقى ئېلىشقا ئۆگىنىپ
قالغانلىقىنى پەملىدىم. شۇ ئارىلىقتا
قوشنام ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كېتىشى
بىلەن تەڭلا شۆھرەت ئۆزىنى ئۇقتەك
تالاغا ئاتتى.

بىز سىرتقا چىقىپ ئەتراپنى بىر
ھازا ئىزدىدۇق، ئۇ خۇددى قانات چىقىرىپ
ئۇچۇپ كەتكەندەك ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى.

— ئاۋۇتكا، ئوغلىڭىز چوقۇم ئاق
تاماكىغا ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ باشقىلاردىن
ئۇنى ئېلىپ بېرىمەن، بۇنى ئېلىپ بېرىمەن
دەپ پۇل ئېلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولساكې-
رەك. بۇنىڭغا سەل قارىماي ۋاقتىدا
تەدبىر قوللىنىڭ. بولمىسا تېخىمۇ يامان
ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، —
دېدىم، قوشنام خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ
كەتكەندىن كېيىن قاتتىق خورسىنغان
ھالدا:

— نەدىن بىلەي جېنىم ئوكام بۇ
ناكەسنىڭ بۇ يوللاردا مېڭىپ يۈرگىنىنى،
كىچىكىدە باللارنىڭ ھەممىسىدىن ئەقىللىك
بولىدىغان، مەن شۇنىڭغا قاراپلا چوڭ
بولسا خېلى ئوبدان ئادەم بولىدىغان بولدى
دەپ، باشقىلىرىغا بەرمىگەننى بېرىپ،
دېگىنىنى ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتقانىدىم.
باشلانغۇچ، تولۇقسىزلاردىكى ئوقۇش ئەھۋا-
لىغا قاراپ تولۇق ئوتتۇرىدىمۇ چوقۇم ياخشى
ئوقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. ئاقىۋەت
داشۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئۆيدە ئولتۇ-
رۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قاراڭ جېنىم
ئوكام، — قوشنام ھەر قېتىم «جېنىم
ئوكام» دېگەندە ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە
بارغانچە كىچىكلەپ، ئورۇقلاپ كېتىۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى، — يەنە ئاتا-ئانا بولغان
ئادەم قاراپ تۇرغىلى بولامدۇ، يۇقىرى-تۆۋەن
چېپىپ يۈرۈپ بىرنەچچە ئىدارىدىن ئورۇن
تاپقان بولسامۇ بۇ دەيۇز، پوق يەيدىغان
«ئىشچىلىقكەن»، «كادىرلىق بولسا
ئىشلەيتتىم» دەپ تۇرۇۋالدى. ھازىر
داشۇ پۈتتۈرگەنلەرگە خىزمەت يوق،
بۇنىڭغا نەدە دەيسىز. ئاخىرى بار دەسما-
يىمنى چىقىرىپ تىجارەتكە سېلىشقا مەجبۇر
بولدۇم. باشتا خېلى يامان ئەمەس بىر
ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان، ئاخىرى نېمە
پوق يېدى، ماڭا بۇ دەردى بالانى تېپىپ
بەردى. مۇشۇ تۇرقۇم نېمە قىلىشىمنى
بىلمەيمەن. خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن
ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. ھەر ھالدا
ياردىمىڭىزنى ئايىمىغايسىز ئوكا، مەنمۇ
ئادەم بالىسى بولغاندىن كېيىن قىلغىنىڭىزنى
ئۇنتۇپ قالماسمەن، — دېدى، قوشنامنىڭ

بېشىغا كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرگەچكىمۇ ئۇنىڭغا ئىچىم
ئاغرىپ قالدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شۆھرەتنىڭ
يول توساپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقاندا ساقچىلار
تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدا
خەۋەر تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن قوشنامنىڭ
دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. توۋا،
ئۆتنە جاھان، دېگەن شۇ دە.

بۇرۇن ئۇ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن
مازاق قىلىپ كۈلۈپ، سۆز-چۆچەك قىلغان
بولسا، ئەمدى باشقىلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن
كۈلۈۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۆيۈمگە كىرىپ
كەلدى.

— ئۇكام، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان
كۆپ ئويلاندىم، نېملا بولسا مېنىڭ بالام-
كەن، ياخشى بالىسىنى خەق بەرمەيدى-
كەن، يامان بالىنى سېتىۋەتكىلى بولمايدى-
كەن، ئاكىلىرى «بولدى ئۇنداق قېرىن-
دىشىمىز يوق، ئۆچمىزدىن بىرنى چوتۇغا
بېرىۋەت» دېيىشىۋاتىدۇ. چوتۇغا بېرىۋەتكىلى
بولامدىكەن ئۇكام، باللارمۇ باللىق
بولغاندا ئاندىن بالىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.
مۇشۇ كۈندە ھەدىڭىزنىڭ نالىسىگە چىدىماي
كېتىۋاتىمەن، ھەر ھالدا ئىنگىسى يوق
قەبرىدەك تاشلىۋەتمەي بىر يول مېڭىپ
باقساق، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ
توختايدۇ» دېگەن گەپ بار. خۇدا
ھەققىدە بىر ياردەم قىلسىڭىز، — دېدى
ئۇ يالۋۇرغان قىياپەتتە.

— بولىدۇ. قانۇن بىلەن ئوينىشىدىغانغۇ
ئىش ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ سىزنىڭ
كۆڭلىڭىز ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر
بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەيلى، — دېدىم.
قوشنام سۆزۈمدىن رازى بولغان ھالدا
يېنىش-يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتىپ ئۆيىدىن
چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۈندە دېگۈدەك
مېنى ئۇتىدىغان بولدى.

— ئەلدىن ئەلگە نەپ دەپتىكەن،
ئۇكام بىر يول مېڭىپ قويغان بولسىڭىز
ئالەمچە چوڭ ئىش قىلغان بولاتتىڭىز.
مەنمۇ ئادەم بولغاندىن كېيىن ئۇنتۇپ
قالماسمەن.

مەن قوشنامنىڭ زارىغا چىدىماي
ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا جامائەت خەۋپسىز-
لىك ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىرنەچچە
تونۇشلىرىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى
ئۇلارغا چۈشەندۈردۈم. ئۇلار ماڭا قانۇن
ھەققىدە نۇرغۇنلىغان چۈشەنچىلەرنى
بەرگەندىن كېيىن:

— ئاداش، قانۇن ئالدىدا ھەممە
ئادەم باراۋەر بولىدۇ. سالا قىلسا باھاسى-
نى تۆۋەنلىتىپ سېتىپ بېرىدىغان تىجارەت
ئەمەس بۇ، قانۇننىڭ ھۆكۈمىنى
كۆتۈڭلا، — دەپ يولغا سالدى. دېمە-
سىمۇ توغرا. قانۇن دېگەن قانۇن بولۇشى
كېرەك-تە، ئەگەر ئۇنداق بولماي سۇ
بېشىدىكى مىراپتەك ئادەمگە قاراپ ئىش
قىلىدىغان بولسا، قانۇننىڭ خەلق ئالدىدا
قانچىلىك ئىناۋىتى بولسۇن؟

بۇ ئىش قوشنامغا خېلىلا ئېغىر كەلگە-
نىدى. ئۇ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت
ئىچىدە خۇددى كېزىكتىن يېڭى تۇرغان
ئادەمدەك ياداپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان
بولۇپ قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن

يۇقىرى-تۆۋەن يول ماڭىمەن دەپ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزگەچكە، بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىپ ئەللىككە يېقىنلاپ قالغاندا ئاران ئېرىشكەن گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى، ئۇ دائىم ئەسمەتخاننىڭ تايغىنى دەپ تىللايدىغان دىلشات ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلەنگەنىدى. ئۆزىنىڭ پېتىنى چۈشۈرمەي بۇرۇنقىدەك گىدىيىپ يۈرگىنى بىلەن ھەسەت ئوتى ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئىدارىمىز بىر شىركەت قۇرۇپ، مېنى مەسئۇل قىلىپ قويغاچقا شىركەتنى يولغا سېلىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم، كەچتە ھېرىپ ھالىم قالمىغان ھالدا يېنىپ كېلەتتىم-دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتەتتىم. مېنىڭ كەم دىدار بولۇپ قالغانلىقىمدىن دىلى نازۇك، گۇمانخور قوشنام ئاللىقانداق خىياللاردا بولۇپ يۈرگەن بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئەمدىلا ئۆيگە كىرىشىمگە ئارقامدىنلا كىرىپ كەلدى-دە، ئاتا بالىغا خاپا بولغاندەك خاپا بولۇپلا كەتتى.

— ھە ئۇكام، مۇبارەك جامالىڭىزنى كۆرگىلى بولمايدىغۇ؟ «دوستلۇرۇم مەندىن زېرىكتى، دۈشمەنلىرىم سەنمۇ زېرىك» دەپ، سىزمۇ مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتىسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئاغرىنغان قىياپەتتە. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىراش بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، يېڭى ئىش باشلىغاندا شۇنداق جىددىيچىلىك بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال، بۇ ئىشنى ئوبدان قىپسىز ئۇكا، مەنمۇ پېنسىيىگە چىقىش ئۈچۈن تەشكىلگە ئىلتىماس قىلىپ قويدۇم. ناۋادا تەستىقلىنىپ قالسا، سىزنىڭ پۇتىڭىزغا پۇت، قولىڭىزغا قول بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلىپ، كۆڭلىڭىزدىكىدەك ياردەمچىڭىز بولۇپ قالىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ قانداق كارامەتىم بارلىقىنى بىلىپ قالىسىز، — دېدى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ. ئۇنىڭغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز، دەپ قويدۇم.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى قوشنام مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ كىرىپتۇ. قارىسام ئۈستەل ئالاھىدە راسلىنىپتۇ، مەن بۇ تاسادىپىي ئەھۋالدىن ھەيران بولغان ھالدا، قوشنامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يۇقىرى ئۆتۈپ ئولتۇردۇم. قوشناممۇ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— ھە قانداق، شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈۋالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى قىزغىنلىق بىلەن. مەن شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى بىرەر قۇر دەپ بەرگەندىن كېيىن قوشنامدىن:

— بۈگۈن ئۆيدە مېھمان بار ئوخشىمامدۇ، — دەپ سورىدىم. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغان قوشنام مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۇكام نېمە دەۋاتىسىز، خۇدايىم بۇيرۇسا سىزدىن باشقا مېھمىنىمىز يوق. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىزنىڭ ئائىلىدە يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۈچۈن ئاز جاپا چەكمىدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان شىركەت قۇرىمەن دەپمۇ كۆپ

چارچاپ كەتتىڭىز. ئولتۇرۇپ ھاردۇق چىقىرايلى دەپ سىزنى چاقىرىپ كىرىشىم. قېنى، چاپاننى يېشىۋېتىپ ئازادە ئولتۇرۇڭ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن قوشنامنىڭ ئۆيىدە ئۈنجى قېتىم مېھمان بولۇپ قالدىم. داستىخان پېتىرمانتا، قورداق، توخۇ كاۋپى، قورۇلغان بېلىق ۋە باشقا قورۇملار بىلەن تولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بۇنداق چەبدەسلىكىگە ھەيران قالدىم، چۈنكى بۇ ئايال مېنىڭ نەزىرىمدە قولىدىكى نان يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئېلىشقا ئېرىنىدىغانلاردىن ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ توۋا، دەپ قالدىم. بەزى ئادەملەر ئۆز ئىشىغا شۇنداق پۇختا بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئەر قوشنياممۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك، خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ قورۇملار تولۇق كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئىلى ئالىي سورتلۇق ھارىقىدىن ئىككى بوتۇلكىنى ئېلىپ كېلىپ جوزىغا قويدى. ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلگىنىچە بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ھاراق قويۇشقا باشلىدى.

— ئەستاخپۇرۇللا، — دېدى ئۇ بىر چاغدا ئېڭىكىنى سىلاپ، — ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دەپ، كېلىننى ئۇنتۇپ قاپتۇق ئەمەسمۇ، يالغۇز ئۆيدە زېرىكىپ قالىدۇ، ماڭ، دەرھال چىقىپ چاقىرىپ كىر.

قوشنامنىڭ ئايالى چىقىپ كېتىپ ئايالىمنى سۆرىگەندەك ئۆيگە باشلاپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇشىمىز رەسمىي باشلاندى.

توختىماي ئايلىنىۋاتقان رومكىنىڭ كارامەت كۆرسىتىشى بىلەن خېلىلا قىزىپ قالدۇق. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بارغاندى.

— مېنىڭ مۇنداق بىر ئارزۇيۇم بار ئۇكا، — دېدى قوشنام، — ئەھۋالىم سىزگە بەش قولدەك ئايان، ھېلىقى بالىنىڭ ئىشى بىلەن بىر مۇنچە چىقىمدار بولدۇم. ئون نەچچە مىڭ يۈەن پۇل گەدىنىمدە تۇرىدۇ. مۇشۇ پۇللارنى مەن تۆلىمىسەم، كىم تۆلەيدۇ، — ئۇنىڭ كۆزىگە ياش ياماشتى، — ئۆتكەندە سىزگە دېگەنىدىم، دەم ئېلىشقا چىقىش ئۈچۈن يازغان ئىلتىماسىممۇ تەستىقلىنىپتۇ. ئەمدى سىز قوشۇلسىڭىز سىلەرنىڭ شىركەتتە بىر مەزگىل ئىشلەيمىكىن دەيمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ناھايىتى ئوبدان يار-يۆلەك بولدىڭىز، بۇدامۇ يەنە بىر يۆلەپ قويۇڭ ئۇكام، مائاش بىلەن ئون نەچچە مىڭ يۈەننى تۆلەپ بولالمايدىغان ئوخشايمەن.

مەن شۇ چاغدىلا قوشنامنىڭ بۇنچىلا ھەشەم قىلىپ مېنى ئۆيىگە چاقىرغىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم. مەن تېخى قوشنام مېنىڭ يەتكۈزگەن قوشنىدارچىلىقىمدىن رازى بولۇپ چاقىرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپتىمەن. بۇنداق يېڭى بىر ۋەزىپىنىڭ زىممەمگە يۈكلىنىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن.

— ئاۋۇتكا، شىركەتتە مەن مەسئۇل بولغان بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمدە ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرى بار. ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئاندىن سىزگە بىر نېمە دېسەم بولارمىكىن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— مەن تېخى دەم ئېلىشقا چىقسامىلا ئەتىسىدىن باشلاپ دوست-دۈشمەننىڭ

ئالدىدا بىر ئىشقا چۈشۈپ كېتەي دەپ نىيەت قىلىپ يۈرۈپتىمەن. سىزنىڭ بۇنداق غوجامدىن سوراپ باقاي دەيدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. بوپتۇ، سورىسىڭىز سوراپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ سەل قېيدىغاندەك قىلىپ.

مەن قانداق قىلىشىمنى بىلمەي بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرى كېرەك ئىدى. چۈنكى شىركەتكە ھەر مىللەتتىن ھەتتا چەت ئەللەردىنمۇ سودىگەرلەر كېلىپ تۇراتتى، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن تىل بىلمىسە يەنە بولمايدىغان گەپكەن. بۇنىڭغا قوشنام تازا باب كېلەتتى، بىراق ئۇنىڭ پەزىلىتى مېنى ئارىسالدى قىلىپ قويۇۋاتاتتى، مەن نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۇنى شىركەتكە قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدىم. مەن بۇ قارارىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ:

— ئاۋۇتكا، رەھبەرلىكمۇ بۇ ئىشقا قوشۇلدى. سىز شىركەتتە تەرجىمانلىق بىلەن كاتىپلىق قىلىدىغان بولدىڭىز. ئەمدى راست گەپنى قىلساق بىز قوشنا ئادەملەر. كېيىن ئېگىز-پەس گەپ سۆزلەر بولۇپ قالسا بولمايدۇ، ھەر ھالدا بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىپ ئۆتەيلى، — دېدىم. قوشنام ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز ئۇكا، مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى كېيىنچە بىلىپ قالىسىز، مەن سىز رازى بولغۇدەك ئىشلەپ بېرىمەن. ناۋادا سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن ئۇنداق، مۇنداق گەپ سۆزلەرنى قىلىپ قالسام يۈزۈمگە تۈكۈرۈڭ، — دېدى. مەن قوشنامنىڭ بۇ گېپىدىن ئۆزۈمنىڭ قاملاشمىغان خىياللاردا بولۇپ يۈرگەنلىكىمنى ئويلاپ خىجىل بولۇپ قالدىم.

قوشنام ئىشقا چۈشكىنىگىمۇ بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ كۈتكەن ئۈمىدىمىنى ئاقلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئالاھىدە رازى بولۇپ قالدىم. ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قوشنامنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، مېنىڭ ئارقامدىن سۆز-چۆچەك قىلىۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا باج ئىدارىسىدىن ئادەم كېلىپ شىركەتنى پېچەتلەپ، ھېساباتنى ئېنىقلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن بۇ تاسادىپىي ئەھۋالدىن ھەيران بولۇپ، ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا:

— شىركىتىڭلارنىڭ باج ئوغرىلىغان، ئەتكەس ماللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدا ئىنكاس كەلدى. شۇڭا ئالدى بىلەن ھېساباتنى ئېنىقلايمىز. قالغان ئىشلارنى كېيىن كۆرەرمىز، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن شىركەتتە ئىشلەۋاتقان ئون نەچچە ئادەم ئىشتىن توختىتىلىپ، ھېسابات تەكشۈرۈش باشلاندى. شۇ كۈنلەردە قوشنامنىڭ مەن توغرىسىدا:

— مانا، يوغناپ كەتكەن بۇ غوجامنىمۇ جۆندەيدىغان بولدى، ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىدىغان بولدى، — دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىر نەچچە يەردە ئاڭلاپ قالدىم، ئاخىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

— ئاۋۇتكا، قانداق گەپ بۇ، بىز

قوشنا بولغاندىن كېيىن باشقىلار دېگەن تەقدىردىمۇ سىز توغرا گەپ قىلسىڭىز بولاتتى. سىزنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگىنىڭىز قاملاشمىدى، — دېدىم. قوشنام مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ:

— مەن شۇنداق دەپتىمەنما؟ ئەگەر شۇنداق دېگەن بولسام مېنى يەر يۇتسۇن، سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان ساراڭمۇ مەن، سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، — دەپ تۇرۇۋالدى. باج ئىدارىسىدىكىلەر ھېساباتنى پۈتۈنلەي كۆرۈپ چىقتى. ھېچقانداق چاتاق چىقمىدى، ئەتكەس مال سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمۇ يالغان بولۇپ چىقتى. ئۇلار تەكشۈرۈشنى توختىتىپ، شىركەتنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلدى. بىراق، شىركەت ئون نەچچە كۈن ئىچىدە خېلى كۆپ زىيان تارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتتە شىركەتنىڭ ئىناۋىتىمۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، مەن شىركەتنى ئېچىشتىن بۇرۇن باج ئىدارىسىگە بېرىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن گەپ تاپقان ئادەمنى سۈرۈشتۈرۈش قارارىغا كەلدىم. ئەتىسى باج ئىدارىسىگە باردىم. باج خادىمىنىڭ ئالدىدا ئەيىبكارلارچە يەرگە قاراپ ئولتۇرغان قوشنامنى كۆرۈپ ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم. ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ تاتىرىپ كەتتى. باج خادىمى قوشنامغا قاراپ:

— بولدى، سىز كەتسىڭىز بولىدۇ. ئىش بولسا چاقىرتىمىز، — دېدى. قوشنام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن تەلپىمنى باج خادىمىغا دېدىم. ئۇ ماڭا بىر مۇنچە چۈشەنچە بېرىپ يولغا سالدى. مەن ھەممىنى چۈشەندىم. مېنىڭ ئورامنى كولاپ باج ئىدارىسىگە ئەرز سۇنغان كىشى دەل قوشنام ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. «قوشناڭ ياخشى بولمىسا كۆچۈپ كەت» دەپ، بىردىن بىر ئامال بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىش ئىدى. مەن سىرتتىن ئۆي تېپىپ شۇ كۈنىلا كۆچۈپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاشۇ يەردە قالغاندەك، ئۆزۈم يېپ-يېنىك بولۇپ قالدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابلىكىم خېۋىر

# ئاسمان نەزمىلىرى

## قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز

قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز،
مېنىڭ يۇلتۇزۇم
قېنى، نەدەسەن؟
سامان يولىدىن
ئاقار تاشلارنى
ھەر ئاخشىمى كۆرۈپ تۇرىمەن.
پەقەتلا سېنى تاپالماس كۆزۈم،
ئارقىدىن ساراڭلىقىم تۇتۇپ
چاچ-ساقالنى يۇلۇپ تۇرىمەن.


قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز
ئەرئۇمرىدە ئىككى كۆرۈنەر
دەيدۇ ئادەملەر.
پەقەت، پەقەت
ئىككىلا قېتىم؟
كۆرەلمەيمەنمۇ سېنى
ئۈچىنچى نۆۋەت؟

مېنىڭ يۇلتۇزۇم،
تېلېسكوپ كۆزلىرىنى قېرىتتىڭ،
كۆزلەر تېشىلدى
تەڭرىم، كۆزۈمگە بەرگەيسەن قۇۋۋەت؟!

ئەجەبا،
سېنىڭ قەدرىڭ كۆرۈنمەسلىكتە؟!
مۆكۈنگىنىڭ ئۇلۇغلىقىڭمۇ؟
سېنى كۆرەي دەپ،
ياشاۋېرەمدىم
يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى
تەرك ئېتەلمەي
تۆۋەندە
مۇشۇ پەسلىكتە؟!

## ئالمىلىقتا قالغان ئاي

چالا-بۇلا تونۇشتۇق
ئالمىسى غورا باغدا.
ئالما ھىدى گۈپۈلدەر
ئۆزۈڭ دەملىگەن چايدا.
چايخور ئىكەن دەپ قالما،
تولا سۇنسام پىيالە.



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

كىم سېنى ئېچىل دەپتۇ
تەكتىدە بولۇپ لالە ؟
گۈل يۇتتۇممۇ، چاي يۇتتۇم،
ئالماھىدلىق ئاي يۇتتۇم؟
سەزگۈ قاچتى جىسىممدىن،
قۇلاشمايدۇ قول - پۇتۇم.
مېھمان ھامان كېتەركەن،
خوش بىزگە چاي تۇتقان ئاي.
پىيالەڭدىن بىرنى
ئالغاچ كەتتىم سورىماي.
ئالمىلىقتا قالغان ئاي،
پىيالەڭنى سانىما،
چالا ئاشىق قولىنى
ئەگرىلىككە ئايرىما.

## قۇياش غەزىلى

### 1

چىڭقى چۈشتىن كىرپىكىم ئىزدەر جىدەللەپ كەچ-زاۋال،
جۈپلىشىپ ئاسمانى مەنزىللەردە تاپماقمۇ ۋىسال؟
كۆزلىرىم قۇدرەت بىلەن ئاجرات ئۇلارنى قاقشىتىپ،
بىرنى چىڭ چاتقىن قېشىمغا، بىرنى چىڭ چەكسۇن ساقال.
جۈپلىشىپ كىرپىكلىرىم سۇرسە مەئشەت بۇ كېچە،
بولغىدەك جان كۆزگىگە ياپراق سوقسا ئاخىرقى شامال.
ئەي، قۇياش، تەڭرىم دېسەم سېنى ئىخلاسىم بىلەن،
ئالدىرايسەن مۈككىلى سەن يوشۇرۇپ ئالتۇن جامال.
كۆزلىرىم مەڭگۈ ھەمىشە ھوشيار بولغى، غەپلەت پەردىسى
قارىچۇقىمنى ياپمىسۇن، ئۇندىن قۇياشنى تارتىۋال.
كۆزلىرىم كۆرسەت سېھىر، قاڭقىت قۇياشنى كەينىگە،
سۇنمىسۇن نازۇك قەدەم سۇنغان كەبى ئەسكى ساپال.

### 2

قۇم - توپاڭ قانداق مېھرلىك، خۇددى ئانامنىڭ قۇچىقى،
ئەمدى نان ياققان تونۇر، تېزەك ئاقارتقان ئوچىقى.
دۆڭلىرىڭ باغرى ئانامنىڭ، ئويمىنىڭ ئوت ئالقىنى،
ھەممىدىن ئىسسىق تېخى ئېيتقان چىرايلىق چۆچىكى.
بار سۈپەت كەلگەن ساڭا ئالتۇن قۇياشتىن، ئەي يېزام،
بۇ مۇپەسسەل پەلسەپەكىم يوقسە نۇقسان — يوچۇقى.
كۆزگە تاشلانغان ھامان قەلبىمنى قۇچقاي ئىپتىخار،

ئەسكى كەش، سۇنغان ساپال، كەتمەن-ئورغاقنىڭ پۇچۇقى.
بۇردا زاغرا زارۇ زار ئەتكەن كۆڭۈلنىڭ بار ھەممىنى،
شول قۇياش بولغان سۆيۈملۈك خۇددى زاغرا قوۋزىقى.
شول قۇياش مېھرۇ ۋاپانىڭ تەگرىسى ئالەم ئۈچۈن،
ھەمدۇئېيت زىكرى ئوقۇپ گۈل يېزام تاش-تۇپرىقى.
بىز ئىبادەت-سەجدىلەردە مىڭ قەتلە ماڭلاي يارىمىز،
تەڭ تۇرۇپ، ئارتۇق ئەمەسمۇ ئىنسانغا ئىنسان قۇللىقى؟

3

سەن ئۈچۈن جام تولدۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن تۇتتۇم شاراپ،
چىللىدىم ئالتۇن قۇياشنى كۆرسىتىپ كۆككە قاراپ.
سەن ماڭا قىلدىڭ شەرەت ھەم جامنى كۆرسەتتىڭ گويا،
ئۆزسەن جام تەكتىدە يۇلتۇزلىرىڭ ساچىن تاراپ.
جام دېگەن كۆزدەكلا تۇرسا قانداقمۇ سىغقانسەن ئاڭا،
بارچە يۇلتۇزلار بىلىق بولمىش، بۇ جام قاپتۇ ياراپ.
يالغۇز ئىچمەككە كۆنەلمەي بىرھازا قالدىم تۇرۇپ،
قايسى بىردىلبەر كېلىپ ئۆلپەتلىشەر دەپ ھالسىراپ.
مەن ئەگەر جامنى كۆتەرسەم كەپلىشەر بەلكى قۇياش،
شۇنچە يۇلتۇزنى يۇتامدىم كەينىدىن بىر-بىرساناپ.
يالقۇنلۇق مۇتلەق قۇياش، خوش كەتتى سېنى بىر يۇتاي،
جامغا سەن سىغدىڭ، ئۇ جام ھەم ماڭا سىغسا چىق ساۋاب.
سىغدۇرۇش، سىغماق دېگەن يەر شارىدا چىق جەڭ-جېدەل،
تىنجىغاي جام لەن قۇياشنى ئادەمى قىلسا تاۋاپ.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# بىزنىڭ كارۋان

## قەلبىم

نە ھەسرەت، نە يىغا
كار قىلماس ئەسلا،
بوران-چاپقۇنلاردا
تەۋرىمەس قەلبىم.

چۈنكى يار ماڭا
ئۆمرۈم سىردىشى
شادلىقىم، بەختىم،
تالماس قەلىمىم.

## بىزنىڭ كارۋان

بۇ كارۋاننىڭ مەنزىلى ئۇزاق،
كېلىۋاتىدۇ ئەسىرلەپ شۇنداق.
ئاڭا يار يۇلغۇن، يېشىل توغراقلار،
ئۈمىد بىلەن ياڭرار قوڭغۇراق.

ئۆتتى قانچە خەتەرلىك ھاڭدىن،
ئايرىلدى ھەم قانچىلار جاندىن.
بوي بەرمىدى تۈندە يىرتقۇچقا،
ئۆت چاچرىتىپ قىزىل گۈلخاندىن.

بۇ كارۋاننىڭ مەنزىلى ئۇزاق،
كېلىۋاتىدۇ ئەسىرلەپ شۇنداق.
ئايلىنىدۇ مۇشكۇل بەختكە
مەنزىل ئارا يانغاندا چىراق...

## ئاداققى سۆز

(بىر خىرونىك چەككۈچى ياشنىڭ ئاغزىدىن)

— بولدى... ياق...
چاقىرماڭلار ئاتا-ئانامنى،
ئۇلار كەلگىچە يۇمۇلسۇن كۆزۈم.
زارلاتتىم، قاقشاتتىم ئۇلارنى شۇنچە،
قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ئەمدى.
بولدى. ياق، خوشلىشاي پانىي ئالەمدىن
يوق مېنىڭ ئۇلارغا ئېيتارغا سۆزۈم...
ئەسىر بوپ ئاق نىجىس-شۇم ئالۋاستىغا
ئۆتتى ياشلىقىم غەپلەت ئىچىدە.
پۇلنى دەپ ئوغرىلىق يولىغا كىردىم
قورقمىدىم تام تېشىپ ھەتتا كېچىدە.
چوغدەك ئۆيىمىزنى قويىدۇم قۇرۇقداپ،
بارچە بىساتنى ئوغرىلاپ سېتىپ.
تۇتۇلدۇم، قولۇمغا سېلىندى كويزا،
يانمىدىم يولۇمدىن تۈرمىدە يېتىپ.
ئۇرۇلدۇم، سوقۇلدۇم، تىل-دەشنام يېدىم
ۋە لېكىن ئىبلىستىن قول ئۈزەلمىدىم.
دوختۇرلار داۋالاپ باقتى ئاي-يىللاپ،
چۈشكۈنلۈك تور يايغاچ ئىرادەمگىمۇ
ھاياتلىق بېغىدىن گۈل ئۈزەلمىدىم.

ئاھ، مانا ياتىمەن، ۋۇجۇدۇم خەستە،
چىرايىم سارغايغان گويا زەپىران.
لەھەتكە يۈزلەندى چىرىگەن تېنىم،
پۇتمەس ھەسرەتتە چىقماقتا بۇ جان.

بولدى، ياق...
چاقىرماڭلار ئاتا-ئانامنى،
ئۇلار كەلگىچە يۇمۇلسۇن كۆزۈم.
مەندىن ئىبرەت ئالسۇن دوست-يارەنلىرىم،
بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم، ئاداققى سۆزۈم.

## ئارمانلىرىم

باغاشلىشىپ تولۇن ئاي بىلەن،
چولپان بىلەن سىرداشسام دەيمەن.
قاناتلىنىپ ئاسمانلار ئارا،
زۆھرەگىمۇ نۇر چاچسام دەيمەن.
يەتتە قات ئاسمان سىرىنى يېشىپ،
قۇياشقىمۇ يول ئاچسام دەيمەن.

ۋۇجۇدۇمدا ئارمانلىرىم كۆپ،
ئىلىم-پەندىن گۈل ئاچسام دەيمەن.

## بۇلاق بويىدا

سەھرا قىزى بۇلاق بويىدا
ئولتۇرىدۇ چېچىنى تاراپ.
چوپان يىگىت ئۇنىڭ كەينىدە
زوقى بىلەن تۇرىدۇ قاراپ.

قىز چۆچىدى سۇنىڭ بېتىدە
سايىسىنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ.
كۆردى... مەگزى ئايلاندى چوغقا
ھۇزۇرىنى سۇرۇپ شۇدەمنىڭ.

ۋاپادارى ئاچقاندا قۇچاق
مۇھەببەتتىن چاقماق چېقىلدى.
ئوت چاقنىدى ئوتلۇق كۆزلەردىن،
كەڭ دالىدا گۈلخان يېقىلدى.

## ئويغانغان زېمىندا ئۆچمەس ئىزىڭىز

— ئاتاقلىق شائىر، ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ھەش-پەش دېگۈچە
ئۆتۈپتۇ بىر يىل،
ئولتۇرىمەن سىزنى ئەسلەپ
سۈكۈت ئىچىدە ھەسرەتتە.
ئۆرتىنەر ۋۇجۇدۇم
ئېغىر بىر دەردتە.

بولدى يەنە كۆزۈمدە ئايان
ئىللىق چېھرىڭىز.
قامەتلىك بەستىڭىز.
ماڭسىڭىز كوچىلاردا قەد كېرىپ،
چېچىلاتتى مېھرىڭىز.

ھېكمەتلىك، بىباھا نەزمىلىرىڭىز
نۇر بەرگەندە
تۇمانلىق تۇندىكى قانچە ئىنسانغا.
قانچە ياش ئەدىب
ئەگىشىپ «ئىز»ىڭىزغا، يېڭى يول ئېچىپ،
ئىجادىيەت بەيگىسىدە يەتتى بوستانغا.

قانچىلاپ ئادەم
سىزنى كۆرەلمەي قالدى ئارماندا.
ھەي، ئىسسىت، داڭقىنى ئاڭلىساقمۇ
دىدارلىشالمىغان ئىدۇق، دېيىشىپ.

ئاھ، ئۆتكۈر ئاكا،
ئىككىمىز قانچە رەت مۇڭداشقان ئىدۇق
شېئىرىيەت ھەققىدە.
«شېئىرىيەت-بىر پەن،
ساختىلىق ئاقمايدۇ» دېگەن سۆزىڭىز
يۈرىكىمنى تەۋرىتىپ،
يېڭى ھېس-تۇيغۇلار يانغان قەلبىمدە.

ياق، سىز ئۆلمىدىڭىز،
مەڭگۈ ئۆلمەيسىز.
تۇرىدۇ مەڭگۈ چولپاندەك چاقناپ
«ئويغانغان زېمىن»دا ئۆچمەس ئىزىڭىز.
ياگرىتىپ ئوتلۇق كۆيلىرىڭىزنى.
يادلايدۇ سىزنى ئەبەدىل ئەبەد
تەگرىتاغ باغرىدا ئوغۇل-قىزىڭىز.

1996-يىل، ئۈرۈمچى

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

# جەنۇبىي باغچا بوستانى

## ئورمانچىلار مارشى

كۆچەت بىز، دەرەخ بىز، ئانا ۋەتەننىڭ
كۆكسىدە ياشنىغان، تارتقان ئۇق يىلتىز.
جانجان مەكتەپتە چىقرىپ قانات
تاۋلاندۇق ئوت يۈرەك باتۇر ئوغۇل-قىز.

ئورۇق بىز، كۆكلەيمىز تېرىسا نەگە،
تاپتاقىر دەشتلەردە بولىمىز ئورمان.
كۈتىدۇ بىزلەرنى بەخت-ئامەتلەر
دىللاردا جۇش ئۇرار ئۇلۇغۋار ئارمان.

چاقماق بىز، دەريابىز، چاڭقىغان چۆلنى
پۈركەيمىز گۈللەرگە ياغدۇرۇپ يامغۇر.
ئورمانزار قىلىمىز تەكلىماكاننى،
خەلقىمىز دىلىغا بېغىشلاپ ھۇزۇر.

تەبىئەت قوينىغا قىلىمىز سەپەر،
بىزلەرگە يول بېرەر شۇ يۈكسەك تاغلار.
پاكلاپ زېمىننى، ھاۋانى تەھقىق،
چۆللەردە ياسايمىز گۈلىستان باغلار.

كۆچەت بىز، ئورمان بىز، ئانا دىيارنىڭ
كۆكسىدە ياشنىغان، تارتقان ئۇق يىلتىز.
گۈلىستان باغلارغا پۈركىنەر ۋەتەن،
ئاشلىققا كۆمۈلەر قۇم باسقان دېڭىز.

## خوشلىنىش ناخشىسى

باغرىڭدا ياشنىدۇق، چىقاردۇق قانات،
خەير خوش مەكتىپىم، ئەزىز ئانجان.
مەرىپەت مەشئىلىنى تۇتقازغان قولغا،
خەير خوش ئۇستازلار، خەير جانجان.

خەير خوش ساۋاقداش يار-دوستلار بۈگۈن،
ئۆرتەيدۇ يۈرەكنى ئايرىلىش-ھىجران.
راھەتتە، جاپادا بىرلىكتە ئۆتتۇق،
كۆرۈشۈش پۈرسىتى يار بولغاي قاچان.

چاقىرار بىزلەرنى جانجان ۋەتەن،
كۈتىدۇ تاغ-ئېدىر، چەكسىز باياۋان.
تاۋلايدۇ مۈشكۈللەر مەرد ئوغۇل-قىزنى،
چېدىرلار، گەمىلەر بىزلەرگە ماكان.

گويا بىز تاغلاردا ياشنىغان قارىغاي،
يېڭەلمەس ئىسسىق ياز، سوغۇق قەھرىتان.
بەختلەر يارىتىپ ئىنسانىيەتكە،
بولىمىز تاغ-دەشتنى قاپلىغان ئورمان.

ئايرىلىش سېنىڭدىن نەقەدەر قىيىن،
خەير خوش مەكتىپىم، ئەزىز ئانجان.
راھەتنى جاپانى ئۆتكۈزگەن بىللە،
ساۋاقداش، ئۇستازلار خەير جانجان.

## جەنۇبىي باغچا بوستانى

جەنۇبىي باغ ئارا يۈرىمەن غەمكىن،
نازلىنار مەجنۇنتال، كۆپ-كوكتۇر ئاسمان.
كۆزۈمدىن لىپ قىلىپ يىتتى باغ بۇ دەم،
خىياللار قەلبىمنى ئەيلىدى ۋەيران.

جۈپ كۆزلەر باقاتتى قۇرلار ئارىلاپ،
قوللاردا كونسپېك، كىتابلار سەرخىل.
كۆرەتتۇق، بىلەتتۇق، ئىدى بۇ قەلب
ئالەمنىڭ غېمى ۋە ئويىغا مەنزىل.

غۇرۇر ۋە ئىشەنچكە، مۇھەببەتكە باي
قىياپەتلىك كۆرۈندى كۆزۈمگە غوۋا.
ئېسىمگە چۈشتى ئاھ شۇ گۈزەل چاغلار،
مەجنۇنتال بولغانتى بىزلەرگە ئۇۋا.

پىكىرلەر، خىياللار، چۈشلىرىمىز ھەم
ئەقلىنى، ئۇستەكنى قىلاتتى ئىزھار.
سۆكۈتلەر ئاجايىپ ئىدى سېھىرلىك،
ۋۇجۇدقا شىجائەت، خىسلەت ئىدى يار.

تاڭ سەھەر سۈبھىنى يۇيۇپ ئاقارتىپ،
تالزارنىڭ قوينىغا چاچار ئىدۇق نۇر.
ئۈمىدتىن-ئارزۇدىن پۈتۈلگەن تۇپراق،
ئاھ، سەبىي ئىزلاردىن ئالاتتى ھۇزۇر.

ئاھ، بىزنى كۈيلەيتتى جۇلالىق ئالەم،
بىز يۈرگەن گۈلزارلار ئىدى ئەترەپشان.
تۈزلىنىپ كېتەتتى يۈرسەك چېغىر يول
تۈنلىرى يۇلتۇزغا تولاتتى ئاسمان.

سۈزۈك سۇ ئاقاتتى ئېتىپ لىرىكا
چىمەنلىك قىرغاقتا ئوخچۇپ، شىلدىرلاپ.
ھاياتقا تىكىلگەن شەبنەم كۆزلەردە
قىلاتتى جىلۋىلەر قۇياش يالتىراپ.

بىز يۈرسەك ئالەممۇ قالاتتى كەڭرىپ،
سۆيگۈمىز ئالەمنى ئېتەر ئىدى پاك.
ناخشىلار كۈيلىشەك بۇلبۇلگويالار
خۇش بەزمە تۈزەتتى قىلىپ ئىشتىراك.

شايىدەك ئاق بۇلۇت، پايانسىز ئاسمان
ئەقىللىق باشلارغا بولار سايىۋەن.
سۆزلىمەس ئىدى جىم بۇ دەم تەبىئەت،
قۇشلارمۇ تىنچلىنىپ سالمايتتى سۈرەن.

جىلۋىگەر پەسىللەر، سېھرىگەر ھايات،
يۈزلەرنى نەقىشلەپ، سەپتى تاغقا قار.
ئاھ، ئۆتكەن كۈنلەرگە قايتسام يەنە گەر
سەن بىلەن قىلاتتىم دەرسلەرنى تەكرار.

**ساۋۇتجان تاھىر**

## غەزەللەر

نىگار ھۆسنىگە تويمايمەن سېنى كۆپ رەت كۆرۈپ كۆندە،
بولۇپ ئىشقىڭدا پەرۋانە، پىراقىڭدا كۆيۈپ كۆندە.

سېنىڭدەك دىلرەبا يوقتۇر جاھاننى مىڭ قېتىم كەزسەم،
نە ئارمان دىلدا، ئەي دىلبەر، سېنى ئۆتسەم سۆيۈپ كۈندە.
مۇھەببەتنى غەنىمەت بىل، ئۇنىڭدىن ئۆزگە شادلىق يوق،
ۋاپاسىزلار پۇشايماندا ئۆتەر ئاھ-ۋاھ ئۇرۇپ كۈندە.
باھاردەك يۈز جامالىڭغا بولۇپمەن بىقارار ئاشىق،
ئۆتەي ئەھدىم بىجائەيلەپ، ۋىسالىڭغا تويۇپ كۈندە.
سېنى سۆيسەم بولۇپ مەجنۇن مېنىڭدىن كۈلمىگىن زىنھار،
ۋاپاڭنىڭ ئىشكىدە كۈن-تۈن ئۆتەي باشىم قويۇپ كۈندە.

* *

نىگارا ئوتلىرىڭ يۇدەم دىلىمغا ياقتى گۈلخاننى،
ئاشۇ گۈلخاندا كۆيمەكلىك سىنايدۇ ئەرنى-ۋىجداننى.
سېنىڭ خۇش خۇي زىبا ھۆسنۈڭ مىسالدۇر ئاي بىلەن كۈنگە،
پەزىلەت بابىدا قايىل قىلارسەن ھەممە ئىنساننى.
سېنىڭ سۆيگۈڭ باھاسىزدۇر، قەدىرلەيمەن ئۇنى مەڭگۈ،
تېگىشمەس ئاشىقىڭ ئەسلا ئۇنىڭغا دۇرى ئەفشاننى.
سېنىڭ سۆيگۈڭ ماڭا بەردى ئۆمۈرلۈك كۈچ-پاراسەتنى،
ئاشىلى تاغ-داۋانلاردىن قۇچۇپ بىللە شەرەپ-شاننى.

* *

تولۇنئايدەك گۈزەل دىلبەر مېنى ئىشقىغا يار قىلدى،
سېلىپ قەلبىمگە سەۋدانى مىسالى بىر بىمار قىلدى.
جۇنۇنلۇق ئىلكىدە يۈرسەم دېگەيلەر مېنى «سەۋدايى»،
ئۇنىڭ ئاتەش كەبى ئىشقى يۈرەكنى پارە-پار قىلدى.
ۋىسال قەدرىگە يەتكەنىڭ كۆلەر قەلبى پاراغەتتىن،
كىمكى بىۋاپا بولسا ئۇنى ئىشق شەرمسار قىلدى.
نىگارسىز مەنىلىك ئۆتمەس كىشىنىڭ ياشلىقى، ئۆمرى،
ۋاپادار جۈپلەر ئەل-يۇرتنىڭ بېغىنى لالىزار قىلدى.
مېنىڭ ئاي دىلبىرىم سۆيگۈ، پەزىلەتتە بولۇپ تەنھا،
ۋىسال جامىدا مەي تۇتتى، ساداقەتنى شۇئار قىلدى.
سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭدۇق، ھايات ئۆتمەكتە مەنالىق،
ئۆزۈم بولدۇم ئاڭا سادىق، مېنى ئۇ بەختىيار قىلدى.

روزى سايىت

# بولسام بۇلبۇل ناۋاكەش

## دوست دەپتىمەن

ئەگىپ قېشىمدىن كەتمىسەڭ،
يار دەپتىمەن، دوست دەپتىمەن.
سۆيگۈ، ساداقەت باغىنىڭ
ئىشىكىدىكى پوست دەپتىمەن.

مەيلىڭگە رايىمنى بېرىپ،
لەۋزىڭگە بال، قەندەك ئېرىپ،
قىڭغىر شاماللار زەخمىنى
مېھرىڭ بىلەن توس، دەپتىمەن.

تۈنلەردە يانساڭ شام بولۇپ،
ئىچسەڭ شاراپ زەرجام بولۇپ،
راسلاي مۇھەببەت خامىنى
ئىشقىمدا چەش ئۇس دەپتىمەن.

ئەۋۋەلقى خۇي-پەيلىڭ قېنى،
ئەۋۋەلقى ناز، مەيلىڭ قېنى،
قىلدىڭ ئۆزۈڭگە بىۋاپا،
بىلمەي سېنى دوست دەپتىمەن.


## نېمىشقا

بولسام ئىدى ئېقىن سۇ،
ئېرىقىڭدا ئەگسەم.
قېنىپ-قېنىپ ئىچكەندە،
ھۇزۇرلانساڭ، سەگسەڭ.

بولسام ئىدى ئەتىرگۈل،
باغلىرىڭدا ئېچىلسام.
دىمىقىڭغا ھەمىشە
ئىپار بولۇپ چېچىلسام.

بولسام بۇلبۇل ناۋاكەش،
كۈيۈم ساڭا يارىسا.
پاك ئەقىدەم جىسمىڭغا
سۆيگۈ بولۇپ تارىسا...

شېرىن خىيال-ئارزۇلار،
باقتۇرىدۇ كۆزۈڭگە.
بۇ سىرىمنى نېمىشقا
ئېيتالمايمەن ئۆزۈڭگە؟



توختى سابىر



# زۆھرەخاننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى

(پوۋېست)

— قۇناخۇن بۇ يىل ئەتىيازدا ئۇشتۇمتۇتلا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. تەشكىل ۋە بەزى ئەزالار قۇناخۇننىڭ ئۆلۈمىنى بىزنىڭ ھازىرقى ئەترەت باشلىقىمىز بەختاخۇننىڭ قەستىشىدىن بولغان دەپ، يېقىندا ئۇنى ئەترەت باشلىقلىقىدىن ئېلىۋەتتى. لېكىن مېنىڭچە ئۇ ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. بەختاخۇن قۇناخۇننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى تۇرسا... بىزنىڭ بۇ يېزىدا ھېچكىم بۇ «سىر»نى يېشەلمىدى. ھەر كىم ئېغىزىغا كەلگەنچە بىر نېمىلەرنى دەپ باقتى. يۇقىرىمۇ بىر نېمە دېيەلمەي تاشلاپ قويدى. مۇشۇ سول تەرىپىمىزدىكى يارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە «توغراقلىق» دەيدىغان بىر كەنت بار. شۇ كەنتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان زۆھرەخان دېگەن ئايال ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلەمدىكىن دەيمەن؟ — دېدى سۆزلىگۈچى سۆھبەتدىشىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

— ئۇ ئايال قۇناخۇننىڭ نېمىسى بولىدۇ؟ — سورىدى ۋەقە بولغان ئەترەتكە سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ چۈشكەن قادىر دېگەن كىشى ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي.

— بىر نېمىسىغۇ ئەمەس. بۇ ئۇزۇن بولغان ئىش، بىزمۇ ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمىز، — دېدى ئۇ سەل ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلىپ، — بىزنىڭ ئەترەتتىكى ماخوچى مەھەممەت ساۋۇر ئاكامۇ بەزى ئەھۋاللارنى بىلىشى مۇمكىن. ئۇمۇ يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ كونا ئاكتىپ، ھەم قۇناخۇنلار بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان.

— زۆھرەخان نەچچە ياشلاردا بار؟

— 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن چىرايىدىن قارىسا خېلى ياشتەك كۆرۈنىدۇ. تېنىمۇ ساغلام ئايال. خىزمەت ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى قادىر قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ،

ئەترەتنىڭ ئىزچىل ئاكتىپى، 50 ياش ئەتراپىدىكى ئېگىز بويلۇق مەھەممەت ئېلى بىلەن سۆزلەشكەندە يۇقىرىقىدەك باش-ئايىغى يوق بىر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدى. مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ مەھەممەت ساۋۇر دېگەن ماخوچى بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۆزلەشكەندە ئۇ:

— مەن بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى شۇنچىلىك بىلمەن. لېكىن ئۆلۈۋېلىش ئىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلمەيمەن. ھەرقايسىلىرى مەھەممەت ئېلى دېگەندەك بۇ ئىش توغرۇلۇق زۆھرەخاندىن ئۇقۇشۇپ باققانلىرى تۈزۈك. مەنمۇ شۇ ئايال ياخشىراق بىلەمدىكىن دەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

قادىر كۆڭلىدە بۇ نېمە گەپتۇ؟ ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلار دېگەندەك گەپلەر چىقىۋاتىدۇ. ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇنقى ئىشلار ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئالدى بىلەن ئۆلۈۋېلىش ئىشىنى ئېنىقلاپ كۆرەيلى. بۇ ئىش بىزنىڭ ھەرىكەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا بېرىپ تاقىلىۋاتىدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ، ئاخىرغىچە سۈرۈشتۈرۈش قارارىغا كەلدى.

بۇ كۈزلۈك يىغىم-تېرىم ئاخىرلىشىپ، قىشقا كىرىشنىڭ ئالدىدىكى كۈنلەر ئىدى. ئەتىسى-ئاخشاملىرى ھاۋا خېلى سالقىنداپ قالغان بولسىمۇ چۈشتە ئىسسىقنىڭ تېخى كۈچى بار ئىدى. دېھقانلار مۇشۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىراپ يۈرۈپ، قىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. قېرى-ئاجىز ئادەملەر، ئۇششاق باللار ئۆز ھويلىلىرىدىكى ياكى ئىشىك ئالدىلىرىدىكى كۈننىڭ نۇرى تولۇق ۋە ئۇزاق چۈشىدىغان بۇلۇڭلاردا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. بەزى باللار بولسا ئەتىگەن كىيگەن ئۈتۈكنى سېلىۋېتىپ يالىڭاياغ ئوينايتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قادىر باقى ئىسمىلىك بىر يېزا ئاكتىپىنى ئەگەشتۈرۈپ، يارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى توغراق كەنتكە زۆھرەخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

بۇ گۆكشى ناھىيىسىنىڭ تاغقا يېقىن يېرىگە جايلاشقان بولۇپ تۆت دادۇيىنى ئىككى يار، بىر ئويمانلىق ئايرىم-ئايرىم ئايرىپ تۇراتتى. تۆتىنچى دادۇي ئىككى يارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇنبەت يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كونا ئىسمى «گۈلباغ» ئىدى.

ئۇلار مانا مۇشۇ گۈلباغنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى توغراقلىق ئۈچىنچى دادۇيگە باراتتى. گۈلباغدىن چىقىپ ئۈچ كىلومېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن ياردىن پەسكە چۈشۈپ سايلىقتا يەنە ئۈچ-تۆت كىلومېتىردەك مېڭىپ توغراقلىق كەنتنىڭ ئېغىزىغا كەلدى.

قادىر سائەتكە قاراپ قويۇپ:

— بىر سائەتتىن ئارتۇقراق مېڭىپتۇق، — دېدى باقىغا.

ئۇلار خېلى ئىچكىرىلەپ ماڭغاندىن كېيىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ دادۇي قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. دادۇينىڭ بىرقانچە ئۆيدىن تەركىب تاپقان ھويلىسىدا بىردەم

ئۇيان- بۇيانغا قاراپ يۈرۈپ، ئەينەكلىرى سۇنۇپ بىرقانچە پارچىسى قالغان رامدىن بىر ئادەمنىڭ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇدۇل شۇ ئۆيگە كىردى.

ئۇلار كىرىشكە قادىرنىڭ سوتسىيالىستىك تەلىم- تەربىيە كادىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ بەستىگە قاراپ يۈقىرىدىن كەلگەن باشلىق دېدىمۇ، ئېگىز بويلۇق ئورۇق كەلگەن كىشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ چاي قويدى.

قادىر ئۇنىڭ ھېسابات قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىز بۇغالتىرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، مەن كاسسىر، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى ۋە دادۇيجاڭنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا تەمشەلدى.

— بولدى، ئىزدىمەڭ، بىزنىڭ ئىشىمىز سىز بىلەنمۇ پۈتىدۇ، — دېدى قادىر ۋە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئىككى زۆھرەخان بار. بىرى 60 ياشلاردا، يەنە بىرى 25 ياشلاردا. سىلەر قايسىسىنى ئىزدەيسىلەر؟ — دېدى كاسسىر ئۇلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— بىز ياشىنىپ قالغان زۆھرەخاننى ئىزدەيتتۇق، — دېدى قادىر.

— مۇشۇ يول بىلەن بىردەم ماڭغاندىن كېيىن تۆت كوچا دوقمۇشىغا چىقسىلەر. دوقمۇشنىڭ شەرقىدىكى يول بىلەن يەنە بىردەم ماڭساڭلار چوڭ ئىككى تۈپ ئۈجمە دەرىخى يىراقتىنلا كۆرۈنىدۇ. ئۈجمىنىڭ ئالدىدىكىسى زۆھرەخاننىڭ ئۆيى بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، — مەن باشلاپ بارايمۇ يا، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— رەھمەت سىلى بەك ئالدىراش ئىكەنلا ئۆزىمىز تاپالايمىز.

ئۇلار كاسسىر ئېيتىپ بەرگەن نىشان بويىچە باشقىلاردىن سوراپمۇ يۈرمەيلا زۆھرەخاننىڭ ئۆيىنى تېپىۋالدى. دادۇيدىن ئايرىلىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن باقى:

— قادىر ئاكا، كاسسىر ئەجەب نېمە ئىشلار بار؟ دەپ سوراپمۇ قويمىدىيا؟— دېدى تىڭ تىڭلاش مەقسىتىدە.

قادىر ئۈنچىقمىدى. چۈنكى ئۇ باقىنى مۇشۇ يەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن يول باشلاش ئېھتىياجى بىلەنلا ئېلىۋالغان بولۇپ، كىم بىلەن نېمە مەزمۇندا كۆرۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىگەنىدى. چۈنكى مۇھەممەت ئېلى ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرى يالغۇز بارسىلا، يەرلىك ئادەملەردىن باشلاپ بارمىسىلا، ئۇ خوتۇن سىلىگە بىرنەرسە دەپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ، دېگەنىدى. قادىر گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، ئۇدۇل كەتكەن ئۆيلەر، تۇتاش باغلار چوڭ-چوڭ دەرۋازىلارغا قارىغان بولۇۋالدى:

— باقى بۇ دادۇي خېلى باي ئوخشىمامدۇ؟ ئورمانلىرى خېلى قويۇق ئىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ بېغى بار ئوخشايدۇ. ھويلا- ئاراملىرى خېلى چوڭ-چوڭ تۇرىدۇ.

يوغان - يوغان دەرۋازىلارنى بېكىتىپتۇ. قارىغاندا تۇرمۇشمۇ تۈزۈكتەك قىلىدۇ. بىزنىڭ دادۇيدىنمۇ ياخشىمۇ نېمە؟
— بۇ يەرنىڭ چارۋىسى كۆپ، بايلىقى ياخشى، يەرلىرى بىزنىڭكىدىن جىق. لېكىن تۇپرىقى بەك قاتتىق، ھوسۇلى تۆۋەنرەك، — دەپ چۈشەندۈردى باقى.
— توغراقلىق دەيدىكەن، لېكىن يول بويىي بىرمۇ توغراق كۆرمىدۇققۇ؟
— بىز تۇغۇلساق شۇنداق دەيدىكەن، مەنمۇ بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان، ئاۋۇ ئاياغ تەرەپتە توغراق بارمىش، — دېدى باقى پەرۋاسىز ھالدا.
ئۇلار شۇنداق پاراڭ بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ قالدى.
بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن باقى ئىشكنى قاقتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياشانغان بولسىمۇ تېخى ئىسكەتىدىن ئانچە كەتمىگەن، ئوتتۇرا بويلۇق، ئەسلى زىلۋا بولسىمۇ، قېرىغانچە ئورۇقلاپ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، لېكىن كۆز نۇرى تېخى خىرەلەشمىگەن بىر ئايال چىقتى. خۇددى ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك ناھايىتى مۇلايىم تەلەپپۇزدا:
— كېلىشسىلە باللىرىم، — دەپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.
— سىلى زۆھرەخان ئاچام بولامال؟ — دېدى قادىر بوسۇغا ئاتلاپ كىرىۋېتىپ.
— شۇنداق بالام. سىلە ئىزدىگەن زۆھرەخان مەن بولىمەن، — دېدى ئايال خۇش خۇيلۇق بىلەن.
قادىر ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ ھويلىسىغا سەپسالدى. ھويلا خېلى چوڭ بولۇپ، ئىشكىمۇ بىر ئېشەك ھارۋىسى كىرىپ چىققۇدەك كەڭ ئىدى. ھويلا ئىچىمۇ پاكىز بولۇپ، بىر كاتەكتە يەتتە - سەككىز توخۇ، بىرقەپەستە بىر جۈپ كەكلىك بار ئىدى. پېشايۋاننىڭ چۆرىلىرىدىكى كېسەك ئۇۋىلاردا سەككىز - ئون كەپتەر شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى.
قادىر، پاكىز خوتۇن ئىكەن. توخۇ بار ئۆيدە ھويلا مۇنداق بولمايتتى. بىزەپ قىلىۋاتمسۇن دەپ سولاپ قويۇپتۇ - دە، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.
زۆھرەخان ئۇلارنى دالان ئۆينىڭ سول تەرىپىدىكى مېھمانخانىغا باشلىدى. شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە مورىلىق ئوچاق ئالدىغا كۆرپە سالدى. قادىر يەنە ئۇنىڭغا سەپ سالدى. ئايالنىڭ چاچلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاقىرىپ، بويۇنلىرىغا قورۇق چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈزىدە قورۇق كۆپ ئەمەس ئىدى. چىرايىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا خېلىلا گۈزەللەردىن ئىكەنلىكى، مېڭىش - تۇرۇشىدىن تېخى تېتىك تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
— زۆھرەخان ئاچا، ئوچاققا ئوت يېقىپلا - ھە، — دېدى قادىر، ئۇ داستىخان سېلىشقا تەمشىلىۋاتقان ۋاقىتتا.
— بالام بۇ يەر تاغقا يېقىن، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سىلەر تۇرغان گۇلباغدىن خېلىلا سوغۇق، شۇڭا ئوچاققا ئوت يېقىۋالدىم، — دېدى ئايال.

— زۆھرەخان ئاچا، سىلى بىزنىڭ گۈلباغدىن كەلگەنلىكىمىزنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دېدى قادىر بىر ئاز ھەيران بولۇپ.

— بىلمەن بالام، بىلمەن. بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلمەن، مەندىن نېمىنى سورايدىغانلىقىڭلارنىمۇ بىلمەن. ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن كادىر ئىكەنلىكلىرىنىمۇ بىلمەن، — دېدى موماي ئۆزىگە بىر خىل مەغرۇر، لېكىن تەمكىن تۈس بېرىپ.

— قانداق بىلۋالدىڭىلا؟

— ھەي بالام بۇمۇ سىر، كېيىنچە بىلىپ قالىسىلەر، قېنى ئالدى بىلەن چاي ئىچىڭلار «ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام» دەپتىكەن. چۈشمۇ بولاي دەپ قالدى، مەن سىلەرنىڭ قورسىقىڭلارغا بىر نېمە قىلاي، — دېدى ئۇ ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ.

— زۆھرەخان ئاچا باشقا بىرنېمە قىلمىسىلا ئازراق چاي ئىچسەكلا بولدى، — دېدى قادىر ئۇنى توسۇپ.

— ئۇنداق بولامدىغان بالام، شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ بىر نېمە يېمىسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ يىراقتىن كەلگەن مېھمانغا بىر ۋاخ تاماق بەرمىسەك كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ.

قادىر تاماق ئېتىشنى چېك تۇرۇپ توسۇپ:

— بىزدە قاتتىق تۈزۈم بار. ئۇنداق قىلسىلا بىزنى خاتالاشتۇرۇپ قويىدىلا، — دېدى.

— تۇۋا خۇدايىم، ئادەملەر نېمە بولۇشۇپ كەتتى، — دېدى زۆھرەخان سەل ئاغرىنىپ، — مۇشۇنداق بولسا بولامدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە چۈشكەن كادىرلارمۇ بىز دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە قايناقسۇدىن باشقا ھېچنەرسىنى ئاغزىغا ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. بەزىلىرى تېخى قايناقسۇنىمۇ ئىچكىلى ئۇنىمايدۇ، بىزسىلىنى ئاڭلىغان، ئالدىلىرىدا نېمە بولسا دەۋېرەي... بۇچۇ بالام، راست گەپنى ئېيتقاندا، ئادەملەر بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىكتىن بولغان ئىش. بىز دېھقانلار خۇددى تاماققا زەھەر سېلىپ قويغاندەك قىلىشىپ كېتىدىكەنسىلەر، ھەتتا تاماق ئۈستىگە كىرىپ قالساڭلارمۇ ئېغىز تەگكىلى ئۇنىمايدىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ بۇ تۈزۈمىڭلار بىز مۇسۇلمان خەققە تازا باب كەلمەيدىكەن. دەپ قالدىم.

— زۆھرەخان ئاچا سىلە ئۇنداق دېگەن بىلەن بىز كادىر خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى بوجاڭ، گەيجاڭلاردەك بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئەتە بۇنىڭ ئۆيىدە يەپ-ئىچىپ يۈرسەك قانداق بولىدۇ؟

— ۋاي بالام، بىز سىلەرنى نۆۋەتلىشىپ دېھقاننىڭكىنى يەڭلار دېگىنىمىز يوق، مۇنداق بىر ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا ئۇنداق تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالماي ئېغىز تېگىڭلار دېگەن گەپ.

ئۇ ئەمدى تاماق ئېتىش نىيىتىدىن يانغاندەك قىلىپ قادىرلارنىڭ ئالدىغا سالغان داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— يېقىندا بىزنىڭ بۇ يەردە مۇنداق بىر قىزىق ئىش بوپتۇ. ماۋۇ تۇرسۇن تارانچىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كادىرىمىز كەلگەندىن بۇيان تاماق يەيدىكەندۇق. بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا تۇرسۇن ئاخۇن بىر باققان قوينى ئۆلتۈرۈپ سوقۇم قىلىۋاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە گۆشنى سېلىپ بەرسەم ھەقىچان كادىرلىرىمىز يېمەيدۇ، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئېغىز تەگكۈزەي، دەپ ئاخشىمى ھېلىقى گۆشتىن توغراپ سۇيۇقئاش ئېتىپ بەرسە ئىككى ئۇيغۇر كادىر ئىچىپتۇ. بىر خەنزۇ كادىر بار ئىكەن، ئۇ ئېشنى ئىچىپ، گۆشنى ئىلغاپ قويۇپتۇ. تۇرسۇن تارانچىنىڭ كۆڭلى باشقىچە بولۇپ سوراپتۇ:

— گۆشنى يېمەمسىزغۇ؟

— مەن گۆش يېمەيمەن.

تۇرسۇن ئاخۇن كۆڭلىدە گۆش يېمىسە قېرىنىغا بولسىمۇ ئېغىز تەگسۇن دەپ ئەتىگىنى قوينىڭ قېرىنىنى توغراپ ئۇماچ ئېتىپ بەرسە يەنە ھېلىقى كادىر قېرىنىمۇ ئايرىپ قويۇپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇن ئاخۇن سەل كۆڭلى ئاغرىغاندەك بولۇپ:

— ھوي يولداش، بۇ ئۆزۈم بېقىپ ئۆلتۈرگەن قوي تۇرسا نېمە قىلغىنىڭىز؟ سىلەر بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيسىلەر. ئۈچىڭلار ھەرئايدا ئۈچ كىلو گۆش ئېلىپ كېلىسىلەر، بىزمۇ سىلەر بىلەن ئۇنى يەيمىزغۇ؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى خەنزۇ كادىر گەپ تاپالمىغاندەك قىلىپ: «مەن گۆش يېيىشنى بىلمەيمەن» دېگۈدەك.

تۇرسۇن ئاخۇن تارانچى، گەپچى ئەمەسمۇ، شۇنىڭ بىلەن تەنە قىلىپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى كادىر، ياخشى يولداش بۇ، «گۆش يېيىشنى بىلمەيدىغان» لېكىن گۆش يېيىشنى بىلمەيدىغان پەقەت سىزلا ئىكەنسىز ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ھەممە كادىر گۆش يېيىشنى بىلمىسە بىز دېھقانلارغا نېمىدېگەن پايدا بولاتتى. ئۇ ۋاقىتدا بىز دېھقانلار ھەرگىز گۆشسىز قالمايتتۇق دەڭا، — دەپتۇ. ھېلىقى ئىككى ئۇيغۇر كادىر دەسلەپتە كۈلۈشۈپتۇ، كېيىن گەپنىڭ ئۇرامىنى سېزىپ قېلىپ ئىزا تارتىپ كېتىپتۇ. قارىسىلا مانا مۇشۇنداق گەپ، — دېدى زۆھرەخان خۇددى بۇلارنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ كېتىپ.

مۇشۇ پاراڭدىن كېيىن قادىر كۆڭلىدىن، بۇ ئايالنىڭ قورسىقىدا خېلى ئۇمچى بار ئىكەن دېگەننى ئۆتكۈزۈپ:

— سىلى ئوقۇغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— رەسمىي مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىغان، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتىدا ئاكتىپ بولۇپ يۈرگەندە كەچ كۇرسىدا ئوقۇپ ساۋادىمنى چىقارغان. ھازىر گېزىت، ھېكايە، رومانلارنىمۇ ئوقۇيمەن، بەك مۇرەككەپ بولسا تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن. ئاددىيراق بولسا چۈشىنىمەن، — دەپ تەكچىدىكى بىر ئاز توپا بېسىپ كەتكەن

بىرقانچە كىتابلارنى كۆزى بىلەن ئىما قىلدى.

قادىر كىتاب تەكچىسگە قارىغاچ ئۇنىڭ ئۆي - بىساتلىرىغا سەپ سالدى، شۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئۆي بىساتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدە خېلى تۈزۈك نەرسىلەر بار ئىدى. قادىر گەرچە ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ نېمە بار، نېمە يوقلۇقنى ئايرىپ كېتەلمىسىمۇ كۆڭلىدە ئۆي خېلى قويۇق ئىكەن، كۆنىمۇ ئانچە تەس ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

— زۆھرەخان ئاچا گەپ بىلەن بولۇپ قورسىقىمىزمۇ تويدى. ئەمدى رەسمىي گەپكە كەلسەك قانداق؟

— بۇ بالىنىڭ ئېتى نېمە؟ بىزنىڭ مۇشۇ يەرلىكمۇ؟ — دېدى ئۇ باقىنى كۆرسىتىپ، قادىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي.

قادىر ئۇنىڭ باياتىندىن بېرى تۇرۇپ - تۇرۇپ باقىغا سەپسېلىپ ئولتۇرغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى.

— بالام سېنى تونۇيدىغاندەك قىلمەن، سەن گۈلباغ ئۇجمە مەھەللىسىدىكى ساۋۇت ئاخۇننىڭ بالىسىغا ئوخشاپ تۇرىسەن...

— زۆھرەخان ئاچا، سىلىنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىكەن جۇمۇ، — دېدى قادىر ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ماختاپ.

— مەن ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باقى دېگىنى بولىمەن، — دېدى باقى ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى تونۇۋالغىنىغا خوش بولۇپ كېتىپ.

— شۇ! قەيەردە كۆردۇم دەيمەن سېنى، ئەسلى گۈلباغدا كۆرۈپتىكەنمەندە؟ بالام، كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، سەن تالاغا چىقىپ بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرساڭ ياكى ماۋۇ دوقمۇشتا يىغىلىۋالغان دېھقان باللىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئويناپ تۇرساڭ قانداق، — دېدى ئۇ باقىغا كىچىك بالىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — گەپ بولسا ماۋۇ كىشىگىلا دەي.

باقى قادىرغا قارىغانىدى. قادىر شۇنداق قىل دېگەننى ئىشارە قىلدى.

قادىر ئۆتكەندە مەھەممەت ئېلىنىڭ كۈلۈشىنىڭ بىر مەنىسىنى چۈشەنگەندەك قىلدى - دە، بۇ بوش خوتۇن ئەمەسكەن جۇمۇ، دېگەننى ئويلاپ قالدى.

باقى چىقىپ كەتتى.

— زۆھرەخان ئاچا، بىزنىڭ كېلىش مەقسىتىمىزنى سىلىگە بىرقۇر چۈشەندۈرەي، ئاندىن بىزگە ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ بېرەملا؟

— مەن بايا دېدىمغۇ بالام. مەقسەتلىرىنى بىلمەن، بۇنى ماڭا بىر «جىن» ئاللىقاچان دەپ قويغان. سىلى شۇ رەمەتلىك قوناخۇننىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن كەلدىلە؟ راستمۇ؟ بۇنى مەن سىلىگە دەپ بېرىمەن. لېكىن گەپنى كولاپ سوراۋەرمىسىلە. ئۇنداق قىلسىلا ئۇنىمايمەن. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسىلا

قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنىمۇ بىلمەيمەن دەپلا قۇتۇلمەن.

— نېمىشقا؟ — دېدى قادىر ئېغىزىنى ئاچقانچە هاڭ-تاڭ بولۇپ.

— بالام، ئاڭلىسام سىلە تېخى ياش بولغان بىلەن خېلى چوڭ كادىر ئىكەنلا. مەن بولسام سىلىنىڭ چوڭ ئانىلىرى دېمەتلىك خوتۇن، شۇڭا مەن قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش ئەھۋالىنى دەپ بېرەي. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچىلىك سوراپ تۇرۇۋالمىسىلا. چۈنكى بۇ ئىش ياشلىقتا بولغان نۇرغۇن ئىشلارغا چېتىلىپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا سىلىمۇ ئىزا تارتىپ قالىلا، مەنمۇ قېرىغاندا نومۇس قىلىپ قالىمەن، ئۇ بالىنى چىقىرىۋېتىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ، — دېدى زۆھرەخان ئەمدى قادىرغا ھەم نەسىھەت ھەم يالۋۇرغاندەك قىلىپ.

— ئەگەر مەن باشتىن-ئاخىر ھەممە ئىشىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىسامچۇ؟

— ۋاي بالام، بىز خەقنىڭ ئىچىدە مەخپىيەتلىك-پەخپىيەتلىك دېگەن نەرسە نېمىش قىلسۇن، — دېدى ئۇ قادىرغىمۇ ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— ماڭىمۇ ئىشەنمەملا؟

— سىلىگىمۇ ئىشىنىمەن، لېكىن سىلىمۇ يالغۇز ئەمەس، سىلىنىڭمۇ ئېغىزلىرى گۆشتىن بولغان-دە. يەنە ئۇنداق دېسەم كۆڭۈللىرىگە كېلىپ قالمىسۇن.

قادىر ئۇنىڭغا ناهايىتى ئۇزاق چۈشەندۈرۈپمۇ قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبلىرىدىن باشقا ئۆتمۈشى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشلۇقى قاچاندىن بېرى باشلانغانلىقى تەرەپتىكى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: بۇ بىر قېتىم كېلىپ پۈتتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش ئوخشايدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ:

— زۆھرەخان ئاپا هازىرچە شەرتلىرىگە ماقۇل بولاي، بولمىسا كېيىنچە يەنە سۆزلىشەرمىز، — دېدى بىر ئاز يول قويغاندەك قىلىپ.

— ياق بالام، هازىرچە-كېيىنچە دېگەن گەپنى قىلمىسىلا، بۇگۈن مەن سىلىگە قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبلىرىنى قويماي ئېنىق قىلىپ دەپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز تۈگەيدۇ. ئەگەر كېيىنچە سىلىنى كۆرگۈم كەلسە كۆرگىلى چىقارمەن، لېكىن ئىككىنچى بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىشمايمىز، — دېدى ئۇ گەپنى ئۈزۈپ. قادىر:

— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

## 2

— گۈلباغلىقلار قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىشى توغرۇلۇق نېمە دەيدىكەن؟ — ئۇ كۆڭلىگە غەم، كۆزىگە مۇڭ تولدۇرغانچە ياندۇرۇپ قادىردىن سورىدى.

— ئۇلار قۇناخۇننىڭ ئۆيىدە بىر قويى، 80 كوي پۇلى بار ئىكەن، بەختاخۇن قاتارلىقلار ئۇ بەربىر ساقايمايدۇ، بۇنداق تۇرىۋەرسە بۇ نەرسىلەرمۇ ئاخىر قولدىن

چىقىپ كېتىدۇ، دېگەندەك قىلىپ كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېسەل ۋاقتىدىكى قەرزىنى سۆيلەپ ئۇنى ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان، بولمىسا قۇناخۇننى يەرلىكتە قويۇپ كېلىپلا شاۋدۇيدىكى بەختاخۇن باشلىق كادىرلار ئۇنىڭ ئۆيىدىلا قوينى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ 80 يۈەن پۇلىنى بۆلۈشۈۋېلىپ چىقىپ كېتەمدۇ؟ بەختاخۇن باشلىق بىز تۇغقانلىرى دېگەن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كونا-يېڭى نەرسىلەرنى بۆلۈشۈۋالامدۇ؟ دېيىشىدىكەن، بۇ گەپ دادۈي، گۇڭشېغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ ئۇنداق-مۇنداق تەكشۈرۈپ قويۇپ، ئاخىرىدا بەختاخۇننى شاۋدۈيجاڭلىقتىن ئېلىۋېتىپ ئىشنى تۈگىتىپتۇ، بىز كېلىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بەختاخۇن خوتۇن-بالىلىرى، قېيىن ئاتا-ئانىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، — خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگۈدەك، ئەمدى مېنى تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى. ئىككى بالا بىلەن قىزلىرىنى ھەرقايسىلىرىغا تاپشۇردۇم. مەن تۈرمىدىن چىققۇچە ئانا-بالا ھەممىسى سىلىنىڭ ئۆيدە تۇرسۇن، دەپتۇ. ئۆيىدىكى نەرسە-كېرەكلىرىنى يۆتكەپ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان دادۈي، گۇڭشېدىكى بەزى رەھبەرلەر، مەسىلىسى بولمىسا شۇنچە قىلىپ كېتەمتى... دەپ ئۇنى نەزەر بەنت قىلىپ قويۇپتۇ. بىز كەلگەندىن كېيىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا ئۇلار بۇنى بىزگە ئىنكاس قىلىشتى، — دېدى قادىر يەنە ئەزالار ئىچىدىكى غۇلغۇلا-پەرەزلەر ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، — خېلى بىر قىسىم ئەزالار بىزنىڭ بۇ يەردىكى كادىرلارنىڭ قولىدىن بۇ ئىشنى بىرباشقا چىقىرىش كەلمىدى. قېنى تەلىم-تەربىيە كادىرلىرى قانداق قىلاركىن، ئەگەر ئۇلار قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش ئىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تېپىپ چىقالىسا قولىدىن ئىش كېلىدىكەن دەپ دادۈي-شاۋدۈيلەردىكى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى دەيمىز. «سىنىپىي كۈرەش» نىڭ قاپقىقىنى ئاچىمىز، ئىنقىلاپ چىقالمىسا بۇ كادىرلارمۇ چاغلىق ئىكەن دەپ قاراپ ھېچنەرسىنى دېمەيمىز، دېيىشىپتۇ، بىزمۇ بۇ ئىشنى ئېنىقلىيالمىساق باشقا ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدىغان ئوخشايمىز، دېگەن يەرگە كېلىپ سىلىنى ئىزدىشىمىز، بولمىسا ئۆتۈپ كەتكىلى بىر يىلدەك بولۇپ قالغان ھەم قانۇن جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدىغان بۇ ئىشنى مۇنداق چىڭ تۇتۇپ كەتمەيتتۇق.

— سىلە بەختاخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭلارمۇ؟

— بىز بەختاخۇن بىلەن كۆرۈشتۇق، — دېدى قادىر، — مەن ئۇنى چاقىرىپ، سەن قورقماي، يالغان سۆزلىمەي ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ باق، دېدىم. ئۇ يىغلاپ تۆكۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىز بۇنداق قىلمىدۇق، ئۇ مېنىڭ تاغام تۇرسا نېمىشقا ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىمەن. مەن تېخى بۇ يىل ئەتىيازدا تاغامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا ئۆزۈمنىڭ ھېسابىغا يازدۇرۇپ قىرقىلمىغان ئوغلاقتىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ بەردىم، بەش كىلوگرام ئاموت ئەكىرىپ بەردىم. قويى ئاچ قاپتىكەن، شاۋدۈينىڭ ماخوسىدىن ئون بەش

باغ بېدە ئېلىپ بەردىم، — دەپ دادلاپ كەتتى.

— نېمشقا قۇناخۇن ئۆلگەن كۈنى ئۇنى كۆمۈپ قويۇپ كىرىپلا كادىرلار بىلەن ئۇنىڭ قويىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ كەتتىڭلار، دېمىلمۇ؟

— دېدىم، ئۇ ئۇنداق ئەمەس، ئەتىسى ئۆلتۈرۈپ يېدۇق، ھەممىسى كادىرلار ئەمەس، تاغامنىڭ بىرقانچە قولۇم-قوشنىلىرىمۇ بار، — دېدى. مەن، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ دەپ سورىسام: بۇ... بۇ ئۇچى، يەتتىسى دېسەك كونىلىق بولىدىكەن، قويمۇ ئاچ قاپتۇ، دەپ كادىرلار شۇنداق قىلغان، دەيدۇ. پۇل تۆلىدىڭلارمۇ دېسەم، نەدىكى پۇل بولسۇن، قوينىڭ تېرىسىنى سېتىپ، تۇغقانلار ئاز-تولا يىغىش قىلىپ كەم جايلىرىنى مەن تولدۇرۇپ شويلا ئاش ئېتىپ قىرىق نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ بەردۇق، يەتتىسىنىمۇ قىلمىدۇق. ھېلىقى قوينى ئۇچى بىلەن يەتتىسىگە ھېسابلىۋاتتۇق، دېدى.

— نېمە ئۈچۈن قېيىن ئاتىسىغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ.

—قورقۇپتۇ. ھازىر ۋەزىيەت ئىنتىك. دادۇي، گۇڭشېدىكىلەرمۇ مەندىن كۆرۈۋاتسا قورقمامدىمەن، دەيدۇ، — دېدى قادىر بەختاخۇن بىلەن سۆزلەشكەندىكى ئەھۋاللارنى يېپتىن-يىڭنىسىغىچە زۆھرەخانغا تونۇشتۇرۇپ.

— ئۇنىڭ دادۇي، گۇڭشېدا كۈشەندىسى بار، بۇ ئىشلارنى ئاستا-ئاستا بىلىپ قالىسلەر، — دېدى زۆھرەخان غەمكىنلىك بىلەن، — زۇجاڭ بالام، ئاشۇ سىلەر تۇرغان مەھەللىدىكى مەھەممەت ساۋۇر، ئىسمايىل ساۋۇر، بەختاخۇننىڭ ئاپىسى تىللاخان، داۋۇت ساۋۇر، ئاۋۇت ساۋۇر يەنە ئايىمخان دېگەن ئەڭ كىچىك بىرى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تۇغقان خەق، بەختاخۇننىڭ ئاتىسى نىياز ئەلگەك دېگەننىڭ ئاپىسىمۇ مۇشۇ ئۇرۇقتىن ئىمىش، ھېلىقى بەختاخۇن دېگىنى پەمسىز، قورقۇنچاق ئادەم، ئۇ شاۋدۇيجاڭ بولغىنى بىلەن دائىم ئەزالاردىن تاياق يەپ، تىل-ئاھانەت ئاڭلاپ، يوگۇرىدىغانغا ئۆزى يوگۇرىدۇ، بىر ئىشنى قاملاشتۇرالمايدۇ، ئادەم ئىشلىتىشنى تېخى بىلمەيدۇ، لېكىن ئۇ ياۋاش بولغانلىقى، نېمە دېسە ماقۇل دەپ قول باغلاپ تۇرغىنى ئۈچۈنلا تەشكىللگە ياراپ مۇشۇ كۈنگە كەلدى.

— جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى سادىر بولغان چاغلار ئىدى، — دېدى زۆھرەخان يەنە ھېكايە باشلاپ، — ئۇرما تۈگەپ خامان تېپىدىغان چاغدا بەختاخۇن يەنە بىر ئەزا بىلەن بىرقانچە كېچە خامان بېقىپتۇ، ئۇ ھەر ئاخشىمى تاشيول تەرەپكە تۆمۈر ئارىنى تەگلەپ ئولتۇرىدىكەن، تاشيول ئەتراپىدىن ماشىنا ئاۋازى چىقسىلا قورقۇپ تىترەپ كېتىدىكەن، لېكىن يېنىدىكى ئەزانى بىلىپ قالمىسۇن دەپ چاندۇرمايدىكەن، بىر ئاخشىمى تاشيولدىن بەش-ئالتە ماشىنا بىراقلا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ جاقىلداپ، تىترەپ تۆمۈر ئارىنى تۇتقانچە ئۇنجە ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ مىدىر قىلماي، تەرلەپ-پىشىپ يېتىپ كۈن قىزارغاندا ئورنىدىن تۇرغان. تۇرىسا ئادەم ئۆلتۈرەلەمدۇ؟ — دېدى زۆھرەخان بەختاخۇننىڭ قورقۇنچاقلىقىنى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق ئىسپاتلاپ.

— ئۇنىڭ مۇشۇ قىلىقى راستمۇ؟ — سورىدى قادىر ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىگە ھەيران بولۇپ.

— گېپىم كەم قالسا قالدىكىن، ئاشۇرۇۋەتمىدىم.

— مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەن، — دېدى قادىر، — ئۇلار قۇناخۇننى يەرلىكتە قويۇپلا ئۇنىڭ قوينى ئۆلتۈرۈپ، پۇلنى بۆلۈشۈۋالغىنى نېمىسى؟

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، بۇ ئۇلارنىڭ «كونىلىق» قا قارشى تۇرۇپ يېڭىلىق ياراتقانلىقى بولمامدۇ. قۇناخۇن تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قويىغا قارايدىغان ئادەممۇ يوق ئەمەسمۇ؟

— قۇناخۇننىڭ پەرزەنتى يوقمىدى؟

— بىچارە بىر پەرزەنت كۆرگەنىدى. ئۇ سەككىز - توققۇز ياشلارغا كىرگەندە ئۆلۈپ كەتتى.

— شۇنداق قىلسا يېڭىلىق بولامدىكەن.

— بۇ يېرىنى بىزمۇ بىلمىدۇق بالام، سىلەر يېڭى كەلدىڭلە. تېخى جىق ئەھۋاللارنى بىلمەيلا، بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان «كونىلىق» دەپ بۇ يەردە خېلى ئىشلار بولۇپ ئۆتتى، ئاشۇ بەختاخۇنغا ئوخشاش ئېلىپنىڭ سۇنىقىنى بىلمەيدىغان بىر نېمىلەر تومقىنى ئېلىپ كەل دېسە، بېشىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەم ئۆلۈپ قالسا نەزىر - ىسنى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا نامىزىنىمۇ چۈشەرمەيمىز، دېيىشىپ خېلى ئادەملەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى ئەمەسمۇ، بەزىلەر يوشۇرۇن نەزىر قىلسىمۇ خەق قورقۇپ بارالمىدى جۇمۇ، ئۇلارغۇ قوينىڭ گۆشىنى يەپ شورپىسىنى ئىچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بەزى يەرلەردە ئۆلۈم بولغان كۈنى «كونىلىق قىلمايمىز» دەپ ھاراق ئىچكەنلەر بار، بەختاخۇنلارنىڭ ئۇ كۈنى پۇلى يوق ئوخشايدۇ، ئەگەر يانچۇقىدا پۇلى بولسا ھاراق ئىچىشىنىمۇ يانمايتتى، — دېدى زۆھرەخان.

قادىر بۇ ئايالنىڭ گېپىگە ئىشەندى. چۈنكى مۇشۇ مەزمۇندىكى گەپ - سۆزلەرنى ئۇ بىرقانچە قېتىم باشقا ئەزالار ئاغزىدىنمۇ گەپ ئارىسىدا ئاڭلىغانىدى. كۆڭلىدە ئاڭسىز، نادان ئادەملەر ھەمىشە ئاڭسىز ھالدا بىمەنە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىكەندە، دەپ ئويلىدى.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا پۇلنى بۆلۈشۈۋالدۇ؟ نەرسە - كېرەكلىرىنىمۇ ئېلىشىپ كەتتى دەيدىغۇ، — دېدى قادىر ئىككىنچى سوئالنى قويۇپ.

— ئۇ يوق پۇل بالام، خەقنىڭ تاپقان گېپى، قۇناخۇننىڭ يېنىدا 80 كوي ئەمەس سەككىز كويمۇ يوق ئىدى. بەش كويدەك پۇلى بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئۈچ كوي قوشۇپ ئارقا - كەينىدە لازىم بولۇپ قالار دەپ بىرقانچ مېتىر سىيامبۇ ئەكىلىپ قويغان. ئۆلشۈۋالغىدەك نېمىسى باردەيلا، كېسەل داۋالتىمەن دەپ تاپقان تەرگىنىنى توگەتكەن تۇرسا...

— مەن قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىكى سىرىنى بىلمەن. لېكىن بىرىنچىدىن، بۇ ۋاقىتچە بىرەر ئادەم مېنى ئىزلەپ كەلمىدى. ئىككىنچىدىن، گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويسام بۇنىڭدىن بىر تاغار گەپ-چۆچەك تارقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ھېچ كىمگە تىنماي يۈرگەنىدىم. ئەمما بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مېنى ئىزدەپ كېلىشىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مانا بۈگۈن سىلە ئىزلەپ كەلدىلىغۇ، — ئۇ سۇس كۈلدى-دە، بىردەم جىم بولۇپ كېتىپ ئاندىن، — ئىش بۇ يەرگە يېتىپ ھېلىقى بەختاخۇن دېگەن بىچارىنىڭ بېشىغا تاقىلىپ ئۇنىڭغا ئۇۋال بولۇش دەرىجىسىگە كەلگەندە دېمىسەم خۇدا ئالدىدىمۇ، بەندە ئالدىدىمۇ گۇناھكار بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن، مەن بۇ ئىشنى سىلىگە دەپ بېرەي، لېكىن باياتىنقى گېپىمىز بويىچە ئۇنىڭ ئۇياقىدىكى ئىشلارنى يەنە سوراپ تۇرۇۋالمىسىلا بولامدۇ؟

— ئۇياقىدا يەنە نېمە ئىشلار بولغىدى زۆھرەخان ئاچا، سىلى تارتىشقانچە مەن بىلىشكە قىزىقىپ قالدىم، — دەپ چاقچاق ئارىلاش كۈلدى قادىر.

— سىلى ياش بولغاندىن كېيىن قىزىقىلا، لېكىن دېسەم ماڭا سەت، بۇ خوتۇن ئادەم قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلغان بولغىيمىدى، دەپ قالمىسىلا، گەپ سىلىدەك بالام دېمەتلىك ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇ گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشكە يۈزۈم چىدىمايدىكەن.

ياپىر، نېمىدېگەن نازلىق خوتۇن بۇ، ھازىر شۇ ياشقا كېلىپمۇ گەپ بىلەن ئادەمنى شۇنچە قىزىقتۇرىدۇ، ياش ۋاقتىدا قانچىلىك بولغىيدى، گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ ئايغىنى دېمەي ئادەمنى تەقەززا قىلىدۇ-يا، دەپ ئويلىدى قادىر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرىنى غايىبانە، تومتاق بولسىمۇ بىلگەندەك قىلىپ ۋە:

— ھېكايىنىڭ ئىچىدە ھېكايە بار دېسىلە، ماقۇل، ھازىرچە بۇ گەپلەرنى كولىماي، — دېدى.

— مەن دېدىمغۇ بايا، ھازىرچە ئەمەس كېيىنمۇ كولىمىسىلا، ئۇنداق گەپلەرنى قايتا قىلىپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى بار، ئۆز كۆڭلىنى غەش قىلغاندىن باشقا خەقنىڭ ئالدىدا كۈلكە بولۇپ بېرىپ، — دېدى زۆھرەخان ناھايىتى پەس ئاۋاز بىلەن غەمكىن ھالدا.

— ماقۇل، ماقۇل ئەمدى سورىماي، — دېدى قادىر زۆھرەخاننىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كونا يارىلىرىنى ئېچىشتۇرماسلىق ئۈچۈن.

3

— بالام ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. قۇناخۇن ئۇستا بابكار ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھۈنىرى بىلەن ئۆز جېنىنى ئوبدان جان ئېتىپ كەلگەنتى، گۇڭشېلەشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆز ھۈنىرىنى قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. لېكىن دۇكاننى چۇگۇۋەتمەي ساقلاپ

كېلىۋاتاتتى. بەزىدە يالغۇزچىلىق تارتىپ ئىچى پۇشقاندا، بازاردا ساتمىغاندىن كېيىن دەپ قارا چىراغ يورۇقىدا تونۇش-بىلىش، ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ توقۇيدىغان نەرسىلىرىنى توقۇپ بەرگەندىن باشقا ھۈنەر قىلمايتتى. ئۇ شۇ ياشقىچە ئاغرىپ باقمىغان ساغلام ئادەم ئىدى. بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى قوغۇن پىششىقىدا بىر كۈنى ئىسسىپ قالغان بىر قوغۇننى يېگەن باھانە بىلەن تۇيۇقسىز قورساق ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ ئاغرىغانچە بىردەم ساق، بىردەم كېسەل بولۇپ كۆرسەتمىگەن تىۋىپ، ئوقۇتمىغان داخان، بارمىغان دوختۇرخانا قالمىدى. ھەتتا ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئىككى قېتىم باردى. ئۇيەدە بار نەرسىلىرىنى سېتىپ تۈگەتتى. دادۇي، گۇڭشېمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ھاردى. بىرى بىر نېمە دېسە، يەنە بىرى يەنە بىر نېمە دېدى. لېكىن نېمە كېسەل ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمىدى. ئۇنىڭدىن يۇقىرى تېخنىكىسى بار يەرگە بېرىشقا ئۇ ئادەمنىڭ قۇدرىتى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئەلھۇكمىللىلا» دەپ ئۆز ئۆيىدە يېتىپ، قولىقى ئاڭلىغان، كۆزى كۆرگەن ئىشلارنى قىلىپ كۆردى. ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە ئارام تاپىدىكەن دەپ تۇزدا، كونا كېسەكتە، كالا تېزىكىدە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇ بارغانسېرى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. مەن ھەرقېتىم بازارغا چىقسام‌ملا گۈلباغدىكى تۇغقانلىرىمنى يوقلىغاچ ئۇنى يوقلاپ تۇردۇم. ئۇنىڭ قورساق ئاغرىقى قوزغىلىپ كەتكەندە يەرگە يۇمۇلاپ كېتەتتى. نالە قىلىپ كەتسە ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى. لېكىن نومۇسچان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاغرىقى ھەرقانچە تۇتۇپ كەتسىمۇ چاندۇرمايتتى. ھەر قېتىم كەلگىنىمدە ئاز-تولا كۆڭۈل تارتىپ يېگۈدەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلگەندىن باشقا مېنىڭ قولۇمدىنمۇ ھېچ ئىش كەلمىدى. ئۇ رەھمەتلىك ئۆلۈۋېلىشتىن ھەپتە، ئون كۈن بۇرۇن مەن ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدىم. كەلسەم ئىشىك ئىچىدىن تاقىلىپ قاپتۇ، مەن: قۇناخۇن، قۇناخۇن... دەپ تۆت-بەش قېتىم چاقىرغاندىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. قارىسام يەردە ئادەم سۆرەلگەندەك ئىز تۇرىدۇ. بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۆمىلەپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى بىلدىم. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيگەنچە پەگا ئۇستىگە قاراپ قېتىپلا قاپتىمەن، چۈنكى پەگانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورەكچىنىڭ ئۈستىدە بىر ئارغامچا سىرتماق قىلىپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. قورققىنىمدىن يىغلاپ تۇرۇپ: قۇناخۇن، جېنىم قۇناخۇن ئۇنداق قىلمىسىلا، يامان بولىدۇ. خۇدايىم راۋا كۆرمەيدۇ. ئۆلۈۋېلىش ئۆلۈمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى ئىمىش، نېمىشقا ئۇنداق قىلىلا؟ ــ دەپ يالۋۇردۇم، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن تارام-تارام ياش ئېقىپ كەتتى. جىق نەسىھەت قىلدىم، ــ ئۆيلىرى بۇ دۆڭدە تۇرسا، قولۇم-قوشنىلارمۇ ئانچە يېقىن بولمىسا، بۇنداق قىلسىلا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالسىلا تېخىمۇ يامان بولمامدۇ، دېدىم.

ئۇمۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كېسلى يەنە تۇتۇپ كەتتى. ئۇ شۇنداق ئازابلاندىكى، يەرگە يىقىلىپ نالە قىلىپ، ئىڭىراپ، يۇمۇلىنىپ كەتتى. يۇمۇلىنىپ تام تۈۋىگە بېرىپ قالغاندا تامغا ئۇسسۇپ كەتتى، تۇتۇۋالدىم. بىچارىنىڭ ھېچقانچە كۈچى قالمىغانىكەن، ئىككى قولۇمدا كۆكرىكىنى قوشۇپ كەينى تەرىپىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن سەل ئارام تاپتى بولغاي، ئۇ ماڭا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:



— زۆھرەخان مېنى توسمىسىلا، جېنىم يامان قىينىلىپ كەتتى. بۇ جان يا چىقمىسا، يا ساقىيىشقا كۆزۈم يەتمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ بۇ جان ئىنتىكرەك چىقسا بولاتتى، بىر كۈنى نەچچە ئۆلۈپ نەچچە تىرىلىۋاتىمەن، ئۆلۈۋالمىسام بۇ كېسەلدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن، مۇشۇنداق قىينىلىۋېرىدىغان بولسام ئاخىر بىر كۈنى ئۆلۈۋالىمەن. ماڭا ئۆلۈۋالماقتىن باشقا چارە يوق... — دېدى. مەن بىر تەرەپتىن يالۋۇرۇپ بەزلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۇ دۇنيالىقتا يامان بولىدىغانلىقىنى كۆپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ سەل تىنچلانغاندەك بولدى. بازاردىن بەش سامسا ئالغاچ كەلگەنىدىم. بۇنى يېسىلە دېسەم، — شۇنداق يېگۈم بار، لېكىن گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ، قويۇپ قويسىلا سەل تۇرۇپ يەي... — دېدى.

مەن ئۇنى ئوچاق بېشىدىكى بىر تەخسىگە ئېلىپ قويۇپ، يەنە بىر قاتار كۆڭۈل ياسايدىغان گەپلەرنى قىلىپ، سىرتقا قارىسام كەچ پېشىن بولۇپ قالغانىكەن، بىر كۆزۈم ئالدىمدا بولسا بىر كۆزۈم ئارقامدا دېگەندەك چىقىپ كەتتىم. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالدى.

— قۇناخۇننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك يېقىنراق تۇغقان — ئىنى، سىڭىللىرى يوقمىدى؟

— ياق، دۇنيالىقتا ئۇ يالغۇز بىرلا ئوغۇل ئىدى.

— ئاشۇنداق پەيتتە سىلى بىرقانچە كۈن ھالىدىن خەۋەر ئالسىلا بولماسمىدى؟

— ھەي بالام يەنە ھېلىقى گەپنى كوچىلىغىلى تۇردىلىغۇ! مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى ئەمەستە، بولدى بۇ گەپنى دېيىشمەيلى!

بىر كۈنى ئولتۇرسام بىزنىڭ مەھەللىدىكى بىرەيلەن بازارغا چىققان ئىكەن، قۇناخۇن ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ دەپ كەلدى. يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى. ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىپ ئۆز ئۆيۈمدە بولسىمۇ ھازىسىنى قىلىپ قويدۇم. چۈنكى مەن بىلمەن، ئۇنىڭ گۈلباغدا خېلى جىق ئۇرۇق-جەمەتى بولغىنى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىدىن بەختاخۇن، مەھەممەت، ساۋۇر... دېگەنلەرلا قالغان. بەختاخۇننىڭ ئاپىسى تىللاخان خېلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، ئىسمايىل ساۋۇر دېگەن كىشىمۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن. ھېلىقى ئاۋۇت، داۋۇت دېگەنلىرى بۇ يۇرتتا يوق. شۇڭا يىغلايدىغان يا ئەر يا ئايال تۇغقانلىرى يوق دېيەرلىك تۇرسا كىم يىغلايدۇ دەيلا؟ — زۆھرەخان ئەسلى مەن يىغلىمىسام كىم يىغلايدۇ دېمەكچى ئىدىيۇ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتىۋېتىپ، ھېلىقىدەك سۆزگە ئۆزگەرتىۋالدى، — ئۇنىڭ قىرقى بولغان كۈنى باش تىقىپ قويدۇم. ئۇنىڭ قىرقىنى يەنە شۇ بەختاخۇن بىلەن مەھەممەت ساۋۇر بىر قازان شويلا قىلىپ ئۆزىتىپتۇ. بولغان ئىش شۇ.

زۆھرەخان ھېكايىسىنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇراتتى.

— دېمەك، ئۇ كېسەلگە چىدىماي ئۆلۈۋالغان دېسىلە...!؟

— شۇنداق ھازىر ئويلىسام، ئۇنىڭ كېسىلى ھېلىقى ساقايماس يامان كېسەلمىكىن دەپ قالدىم.

— راك كېسىلى دەملا؟

— شۇنداق ئۇ مەرەز كېسەلنى ئادەم ئاغزىغا ئېلىشقىمۇ قورقىدىكەن.

— زۆھرەخان ئاچا سىلە قۇناخۇننى قاچاندىن بېرى...

ھەر كىم ئۆز كويى بىلەن دېگەندەك، قادىر باياتىننىڭياقى بولغان دە-تالاشلارنى بىردەملا ئۇنتۇپ قالغاندەك يەنە بۇ گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇشىغا، زۆھرەخاننىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق ئىنتىك ۋە ناھايىتى جىددىي قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بولدى دېمەيچۇ دېگەندەك شىپپىدە توختاپ قالدى. زۆھرەخان سەل خاپا بولغاندەك:

— ياخشى بۇلۇڭ بىلەن قالدۇ دېگەندەك، سىلى ئەجەپ ئۆرۈلۈپ-چۆرۈلۈپ بۇ ئىش بىلەنلا قالدىلىغۇ؟ — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى ياغلىقنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بىز دېيىشكىنىمىز بويىچە ۋەدىمىزدىن يېنىۋالمايلى، مەن سىلىنى بالام دېمەيتتىلىك بولسىمۇ بىرىنچىدىن چوڭ كادىركەن، ئىككىنچىدىن يىراقتىن كەلگەن مېھمانكەن، دەپ شۇ بولمىغۇر

گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇردۇم. ئەمدى دەيدىغىنىمۇ تۈگىدى. تاماق ئىتەي، يەنە باشقا گەپلەر بولسا قىلىشقاچ تاماق يەپ كەتسلە!

قادىر ئەمدى بۇ خوتۇنغا گەپ يېگۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرۇشىغا، باقى شۇ شاۋدۇيگە چۈشكەن سوتسيالىستىك تەلىم-تەربىيە كادىرى رازاقنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

— مانا مەن دېمىدىممۇ؟ — دېدى زۆھرەخان ھېچقانداق گەپ-سۆز بولمىغاندەك ئېچىلىپ، — ئۈزلىرىنى ئىزلەپ بىزنىڭ شاۋدۇيگە چۈشكەن كادىرلىرىمىزمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ...

ئۇلار زۆھرەخاننىڭ: ئەمدى ئولتۇرۇشسىلا مەن تاماق ئىتەي، دەپ شۇنچە چىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپ يېنىپ چىقىشتى.

## 4

قادىرنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى زۆھرەخاننىڭ ئىسپاتى بىلەن قۇناخۇننىڭ ئۆلتۈۋېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بەختاخۇننى غەمدىن خالاس قىلدى.

ئۇ راستىنلا قورقۇنچاقكەن. خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلغۇچىلىك ئارىلىقتا ئورۇقلاپ شۈمشىيىپلا قاپتۇ.

قادىر سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشنى بىر تەرەپ بولغىچە شاۋدۇيچاڭلىقنى قىلىۋېرىشى كېرەك، پاكىتنى ئەمەلىيلەشتۈرمەيلا ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىش، نەزەربەنت قىلىپ قويۇش خاتا، دەپ ئۇنىڭغا شاۋدۇيچاڭلىقنى يەنە بەرگەنىدى. لېكىن بۇ جەرياندا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى زادىلا ئىلگىرى باسمىدى.

قادىر بۇ ئىشتىن ھەممىيلەننى خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك دەپ قاراپ، بىر كۈنى شاۋدۇي بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇ قىسقىلا قىلىپ:

— بىز قۇناخۇننىڭ ئۆلتۈۋېلىش مەسىلىسىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئۇرغۇن دەلىل-ئىسپاتلار ئاساسىدا ئۇنى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، قىينىلىپ كەتكەنلىكتىن چىدىماي، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، ھېچ كىم ئۆلتۈۋېلىشقا قىستىغان ئەمەس دەپ بېكىتتۇق. بۇنى كۆپچىلىك بىلىپ قالساڭلار بولىدۇ، — دېدى ۋە راك كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇ ئادەم ئۈچەي راكى ئىكەن دەپ تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى.

يىغىن مەيدانىدا غۇلغۇلا باشلاندى. كەينى-كەينىدىن بىرقانچە كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىزمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان. ئۇ بىچارە بەك قىينىلىپ كەتكەنىدى. ھەرقايسىلىرى بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ياخشى قىلىشتىلا، بولمىسا ناھەقچىلىق بولۇپ كەتكىلى تاس

قالغانىدى، — دەپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ كەتتى. قادىرنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇ يىغىندىن كېيىن ئۆزلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنچ تۇرغۇزۇشتى. ئەزالارمۇ بۇ ئىشتىن كېيىن قادىرغا ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن باشقىچە قارايدىغان بولدى.

— بۇ قېتىم كەلگەن كادىرلار «يامان» ئىكەن، مۇشۇنداق «مۇرەككەپ» ئىشنى تېپىپ چىقىپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا باشقا ئىشلارنىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان ئوخشايدۇ، — دېيىشىپ، نىمە گەپلىرى بولسا كېلىپ ئىنكاس قىلىشىدىغان بولدى. كادىرلار بۇنىڭدىن تېخىمۇ روھلىنىپ «دېھقان دەپ ھەرگىز سەل قارىمايلى» ئۇلار بەكمۇ «ئەمەلىيەتچى» كېلىدۇ. شۇڭا ئىشىمىزنى چوقۇم توغرا، ئادىل قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندا خەلقنىڭ ھىمايىسىگە، ياردىمىگە ئېرىشەلەيمىز، دېيىشتى. بۇ ئىشتىن كېيىن قادىر يەنە بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بىرقانچە كادىرلىرىغا:

— مۇشۇنداق ئېنىق تۇرغان، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ئايدىڭ سان بولغان ئىشقا نېمىشقا شۇنچە ئادەم سۈكۈت قىلىشىدۇ. كىم نېمە دېسە، ھەدەپ قويۇپ راست گەپنى قىلىشمايدۇ. مۇشۇ شاۋدۇيدىكى خەقلەر بۇنى بىلمەمدا؟ بىز بىر قانچە ئادەمنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ سوراپ كۆرمەيلىمۇ؟ — دېدى.

ئۇلار بۇ پىكىرگە قوشۇلدى.

ئەتىسى ئۇ ئۇنىڭ ئادەمنى يىغىپ، ئۇلارغا سىياسەتنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ھەق ئىش ئۈچۈن سۆزلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى، بىر ئادەم ناھەقچىلىققا ئۇچراپ تۆھمەت قۇربانى بولۇپ ئۇۋال قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ:

— قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش مەسىلىسىدە ھەرقايسىڭلارنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇنلا ئويلىغانلىرىڭلار بار ئىكەن. نېمىشقا شۇ گەپلىرىڭلارنى يوقىرىدىن كەلگەنلەرگە دېمەيسىلەر؟ — دېدى ئۇلارغا سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەتتە ھەرقانداق يىغىنلاردا بىرىنچى بولۇپ پىكىر بېرەلەيدىغان، شۇڭا ئەزالار «پىكىرچى» دەپ نام قويۇۋالغان قاۋۇل قاسىم دېگەن دېھقان ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ ۋاقىتتا ھەرقايسىلىرى تېخى كەلمىگەن تۇرسىلا، — دېدى ئۇ شۇ زاماندىكى بەزى كىشىلەرگە ئادەت بولۇپ قالغان پالانچى شۇجى بولمىسا بولمايدۇ، پۈكۈنچى باشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز شۇنداق ئۇتۇق قازاندۇق، ئۇنداق غەلىبە قىلدۇق دېگەندەك چاكىنا... مەدھىيەلەرنى تەكرارلاپ.

— بۇ دېگىنىڭلار بولمىدى قاۋۇل ئاخۇن، — دېدى قادىر، — بىز كەلمىگەن بىلەن شۇ ۋاقىتتىمۇ تەشكىل بار ئەمەسمۇ؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، شۇ تەشكىل بۇ ئىشنى تەكشۈرمەيلا مەقسەتلىك قىلغان، قوي بىلەن پۇلنى دەپ شۇنداق قىلىشتىڭ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن

ھەممىزنىڭ زوۋانى تۇتۇلغان گەپ، — دېدى قاۋۇل ئاخۇن قادىرنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولماي.

— قاۋۇل ئاخۇن سەل ئالدى-كەينىلىرىگە قاراپراقراق سۆزلىسەڭلا بولارمىكىن، ھەممە ئىشنى ئۇلارغا ئارتىپ قويساقمۇ بولماس، — دېدى ساۋۇت مەمەت دېگەن دېھقان غودۇڭشۇپ، — كادىرلار بىلەن تاكاللىششنى كىم قويدى سىلىگە، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قادىرغا يان باسقانلىقىنى ياكى قاۋۇل ئاخۇن بىلەن پۈرچىقى پىشمايدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

— مەن قاچان ھەممىسىنى ئۇلارغا ئارتىپ قويۇپتىمەن، بار گەپنى دەۋاتىمەنغۇ؟ كۆپچىلىك! داۋۇي بىلەن گوڭشېدىن كەلگەن ھېلىقى ئىككى كادىر بىزنى يىغىپ: قوي بىلەن پۇلنى دېمىسە ئۇنى قىستامدۇ؟ قىستىمىسا ئۇ ئادەم بىكاردىن-بىكار ئېسىلىپ ئۇلۇۋالامدۇ!؟ دەپ قورقىتىپ قويۇپ كەتكىنى يالغانمۇ؟ بۇ قانداقچە ھەممىنى ئۇلارغا ئارتىپ قويغانلىق بولىدىكەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ كىم باشقىچە پىكىردە ئېغىز ئاچالمىدىغۇ؟ كىم ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگەلەيتتى؟ سىلەر قورقمىدىڭلارما؟ — قاۋۇل ئاخۇن ساۋۇت مەمەتكە قادىلىپ قايناپلا كەتتى.

ئۆيدە بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. قاۋۇل ئاخۇن بولسا يېنىدىكى كانايچە يۆگەپ موخۇركا چېكىۋاتقان دېھقاننىڭ قولىدىكى تاماكىسىنى سورىمايلا يۇلۇپ ئېلىپ، كەينى-كەينىدىن قاتتىق شورىغىنىچە، بېشىدىكى تاغلىقلار تۇمىقىنىڭ گىرۋىكىنى تېخىمۇ يوغانراق قىستۇرۇپ قويۇپ، قادىردىن تارتىنىپ ئولتۇرغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ «قانداق ئاكاڭ قارىغاي نوچىمىكەن، قورقماي گەپ قىلالامدىكەن؟» دېگەندەك قاراپ تۇراتتى.

— ئىككى كادىر دېگىنىڭلار كىملەر ئۇ؟ — سورىدى قادىر.

— داۋۇيدىن كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىنى دېسەك بولمايدۇ، گوڭشېدىن كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمىز، — يەنە قاۋۇل ئاخۇن جاۋاب بەردى.

— تەلىم-تەربىيە كادىرلىرى كەلدى. ئەمدى قورقمايمىز دەۋاتاتتىڭلار، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا گېپىڭلاردىن يېنىۋېلىپ قورقتىڭلارمۇ؟

— ئەمدى... بىز دېھقان خەقنىڭ قورقمايمىز دېگىنىمىز يالغان، بولۇپمۇ ئۆزىمىزدىن يۇقىرى ئادەملەرنىڭ گېپىنى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىمىز. ھەرقايسىلىرى كەتكەندىن كېيىن بىز يەنە شۇلار بىلەن قالىمىز ئەمەسمۇ؟ بىزدە «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ» دەيدىغان ماقال بار، — دېدى قاۋۇل ئاخۇن ئەمدى پەسكويىغا چۈشۈپ.

— قاۋۇل ئاخۇننى قورقمايدۇ دېسەك، ئۇمۇ قورقىدىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ قورققان يەردە بىز دېگەن ئەلۋەتتە قورقىمىز، قادىر زوۋجاڭ، — دېيىشتى ئولتۇرغانلار چىرايلىرىنى ھەر خىل قىلىشىپ، گەپنى بىردەك قىلىپ.

ــ بولدى ئادەم زاڭلىق قىلماڭلار ئاغىنىلەر! ئىككىنچى شاۋدۇيدىكى شامۇت توغرىسىدىكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ، ــ دېدى قاۋۇل ئاخۇن.
ھەممە يلەن كۈلۈشتى.
ــ قانداق ئىشتى ئۇ، ــ سورىدى قادىر.
ــ قاۋۇل ئاخۇن دەپ بەرسۇن، ــ دېيىشتى ئۇلار تېخى چىرايىدىن كەتمگەن كۈلكە ئىزناسىنى سەل پەسەيتىپ.
ــ ئۇ مۇنداق ئىش، ــ گەپ باشلىدى قاۋۇل ئاخۇن ئۆزىگە بۇنداق «چوڭ» ھوقۇقنىڭ بېرىلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلىتىپ قويسا ھەممە قىلىقنى چىقارغاندەك قىلىق چىقىرىپ.

## 5

ــ بىزنىڭ دادۇينىڭ ئىككىنچى شاۋدۇيىدە شامۇت دەيدىغان بىر شاۋدۇيجاڭ بارئىدى. ئۇ ئەسلى ناھايىتى ھورۇن ئادەم بولۇپ ئۆزىگە قالدۇرغان ئالقانچىلىك يەرنىمۇ ياخشى باشقۇرمايتتى. شۇڭا، كۈنى ناھايىتى تەستە ئۆتەتتى. ئۇ ئىشتا ھورۇن بولغان بىلەن بالىنى كۆپ تاپىدىغان ئادەم بولۇپ ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىز جەمئىي سەككىز بالىسى بار ئىدى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا يۇقىرىدىن كەلگەنلەر ئۇنى ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن دېدىمۇ-قانداق، شاۋدۇيجاڭ قىلىپ قويىدى. «بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللاكودىن يار كېتىپتۇ» دېگەندەك ئۇ شاۋدۇيجاڭ بولغان يىللا شاۋدۇي بويىچە مەھسۇلات ئومۇميۈزلۈك كەملەپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ھالىمۇ ئانچە ياخشىلانمىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا «ئەمگەكتىن قورققاننى شاۋدۇيجاڭ قىلغان خۇدايىم، كۈن نۇرىدىن قورققاننى شەپەرەڭ قىلغان خۇدايىم» دېگەن گەپ تارقالدى. ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك بولماي، ئەكسىچە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆردى. ئۇ خۇددى نېگىردەك قاپقارا ھەم كۈچلۈك ئىدى. شۇ يىلى قىشتا دېھقانلاردىن پىكىر ئالغىلى يەنە يۇقىرىدىن ئادەم كېلىپتۇ، ئىككىنچى شاۋدۇيگە چۈشكەن كادىر ئاخشىمى دېھقانلاردىن پىكىر ئاپتۇ. بىزنىڭ ساۋۇت ھەممەتنىڭ شۇ شاۋدۇيدىكى بىرتۇغقىنى بىرىنچى بولۇپ پىكىر بېرىپ:
ــ شامۇتئاخۇن ھورۇن، بالا تېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، دېھقانچىلىق بىلەن خۇشى يوق، ئۆزىنىڭ ئالقانچىلىك يېرىنى باشقۇرالمىغان ئادەمنى شاۋدۇيجاڭ قىلىپ قويسا مەھسۇلات كەملەپ كەتمەي نېمە بولماقچى ئىدى. ئۆزى ئىشلىمەي خەقنى ئۇرغانغىلا ئىش پۈتەمتى؟شامۇتئاخۇن ھازىر «قوش باي»، بىرى بالىغا باي، يەنە بىرى قەرزگە باي... ــ دېگەندەك پىكىرلەرنى بېرىپتۇ.
ــ يەنە نېمە پىكىرلەر بار، ــ دەپ باشقىلارنى بىرقانچە قېتىم پىكىر بېرىشكە

دەۋەت قلسمۇ باشقلار پكر بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بلەن هېلقى كادىر ئاخرىدا:

— شامۇتئاخۇن شاۋدۇيجاڭ بولغاندىن بۇيان گەرچە يللىق مەهسۇلات كەملەپ كەتكەن، بەزى كشلەر تاياق يەپ قالغان بولسمۇ، لېكن ئۆزى يەپ ئىچۋالمدى. بۇ ئۇنىڭ ئاساسي تەرپى، سادىر بولغان كەمچللك بولسا تەجربىسزلكتن بولغان. شۇڭا ئۇ داۋاملق شاۋدۇيجاڭ بولسا بولامدۇ؟ — دېسە، ئەزالارنىڭ هەممسى بىردەك بولىدۇ، دەپ ۋارقراپتۇ. ماۋۇ ساۋۇت مەمەتنىڭ هېلقى تۇغقنى بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كادىرىمىز، مەنمۇ قوشۇلمەن، مېنىڭ يۇقرىدا ئېيتقانلرىمنىڭ هەممسى يالغان، قېنى قانداق قلىدۇ دەپ سناپ باققانىدىم. شامۇت دۇيجاڭ بولسا ناهايتى ياخشى ئادەم، ئېلىۋالاي-يەۋالاي دېمەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن شاۋدۇيجاڭ بولىدىغان بولسا چوقۇم بىزنىڭ هالىمىز كۈندىن-كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ... — دەپ بىر تاغار خۇشامەت گەپلەرنى قىلىپتۇ. مەجلس تۈگگەندىن كېيىن دېهقانلار ئۇنىڭدىن سەن باياتىن بىر ئوبدان پكر بەرگەنىدىڭ، ئاخرىدا گېپىڭدىن-يېنىۋالدىڭمۇ؟ دەپ سورىسا:

— يېنىۋالدىم، مەن ئۇنى شاۋدۇيجاڭلقتىن ئېلىۋاتارمكىن دەپ پكر بەرسەم هېچقايسىڭ ئاۋاز قوشماي ئولتۇرساڭ، داۋاملق شاۋدۇيجاڭ بولسا بولامدۇ؟ دەپ سورىسا هەممىڭ بولىدۇ دەپ قوللرىڭنى كۆتۈرۈشسەڭ، يېنىۋالماي قانداق قلىمەن. بىز يەنە شۇنىڭ بلەن قالىدىغان تۇرساق. شامۇتنىڭ خۇي-پەيلىنى ئوبدان بلىمەن، ئۇنىڭ بلەن ئۆچەكشىپ قالسام بازغاندەك مۇشتۇمىدا ئېزىلىپ ئۆلۈشنى ئويلىمامدىمەن، ماڭمۇ هاياتلق كېرەك، بالا-چاقلرىمنى بېقشىم كېرەك، دەپتۇ.

— مانا شۇنداق گەپ، — دېدى قاۋۇل ئاخۇن ئادەتتە پكر قلغاندا كۆپرەك كۆپتۈرۈپ سۆزلەيدىغان ئادىتىنى بۇگۈن ئېسىدىن چىقرىپ قويدىمۇ ياكى يېنىدا ئەهۋال بلىدىغانلار كۆپ بولغانلقى كۈچەپ يالغاننى قوشۇپ قويسا قادىرنىڭ ئالدىدا تېنىۋالماق تەس دەپ ئويلىدىمۇ — قانداق، ئەيتاۋۇر ئەهۋالنى ئەينەن بايان قلدى.

— راست شۇنداق بولغانمۇ ياكى توقۇلغان گەپمۇ؟ — سورىدى قادىر ئەتراپىدىكلەردىن.

— بۇ راست بولغان ئىش، — دەپ چۇرقىراشتى ئۇلار.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىنكى يىلمۇ ئىشنى قاملاشتۇرالماي مەهسۇلات تېخمۇ كەملەپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈچ يىل شاۋدۇيجاڭ بولۇپ يا شاۋدۇينى، يا ئۆزىنى ئوڭشىيالماي ئاخرى شاۋدۇيجاڭلقتىن قالدۇرۇلدى، — دېدى ساۋۇت مەمەت قاۋۇل ئاخۇننىڭ تۇغقنى دېگەن گەپنى تولا دەپ كەتكىنىگە ئاچچقى كەلگەندەك قىلىپ، — پكر بەرگەن ئۇ ئادەم بىزگە يىراق تۇغقان كېلىدۇ.

— مۇنداق دەڭلار؟ — دەپ قويدى قادىر. ئۇ دېھقان خەقساددا بولغان بىلەن ئىدىيىسى ئەجەب مۇرەككەپ بولىدىكىنە! بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزلىنىشتىن بولغان روھىي ھالەت مەسىلىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

قادىر، شامۇت دۇيجاڭنىڭ مىسالىدىن دېھقان خەقنىڭ راست گەپ قىلمىقى ھەقىقەتەن قىيىنغا توختايدىكەن، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام بولغان مۇشۇ شاۋدۇيلەردە ئىش مۇشۇنداق بولسا قانداق بولغىنى! ھەق-ناھەق مەسىلىلىرىدە بولۇپمۇ چوڭ ئىشلاردا بىر-ئىككى ئادەمدىن قورقۇپ باشقىلار زىيانغا ئۇچراۋاتسا قاراپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلماسلىق كېرەك، دەپ بىرەر قۇر چۈشەنچە بەردى. يىغىننى شۇ يەردە تاماملىماقچى بولۇۋېتىپ، كۆڭلىگە بىردىنلا قوناخۇن بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئىشىنى بىر سوراپ باقمايمەنمۇ، دېگەن ئويي كەلدى-دە، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بولغان ئادەملەرنى:

— توختاڭلار، يەنە بىر ئىش بار، — دەپ ئولتۇرغۇزدى. گەپنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ياساپ سورىدى:

— قوناخۇننىڭ كېسەلگە چېدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سىلەرگە قارىغاندا زۆھرەخان ئوبدان بىلىدىكەن؟! نېمە ئۈچۈن؟ ياكى ئۇلار ئۇرۇق-تۇغقانمۇ؟

— ياق ئۇ تەرىپىنى تازا بىلىپ كەتمەيمىز، مۇشۇ قىيىنچىلىق يىللىرىدىن كېيىن بۇ ئىككىسىنىڭ بېرىش-كېلىش قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاز-تولا بىلىمىز، تۇغقانچىلىقى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز، مەھەممەت ساۋۇر بىلەن قوناخۇننىڭ تۇغقانچىلىقى بار، زۆھرەخان بىلەنمۇ تونۇشىدۇ، — دېدى يەنە قاۋۇل ئاخۇن ئولتۇرغانلارغا ھەيبارلىق كۆلكىسى بىلەن ھجىيىپ قويۇپ جاۋاب بېرىپ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، قالغانلىرى:

— شۇنداق... بىز بۇ تەرەپلىرىنى ئانچە بىلمەيمىز، — دېيىشتى، ئۆزئۆگگە. مۇناسىۋەتسىز ئىش بىلەن نېمە كارىڭ دېگەندەك قىلىپ، بۇ يەردىن تېزراق چىقىپ كەتمەكچى بولۇشۇپ.

— بوپتۇ، كەچمۇ بولۇپ قاپتۇ، ئارام ئالايلى، — دېدى قادىر ئالدى بىلەن ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇلار خۇددى ئۇستىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىۋېتىپ بىرەر بالا-قازادىن قاچقاندەك ئىشكتىن قىستىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

قادىر ئاخشىمى يېتىپ دېھقانلارنى بەزىلەر بىر نېمىنى بىلمەيدۇ دەيدۇ. بۇ بىكار گەپ، ئۇلار ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىكەن، لېكىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتىدىكەن، ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى مەخپىي تۇتىدىكەن، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىشلارنى ئاسانلىقچە سۆزلەپ يۈرمەيدىكەن، شەخسىيەتچىلىكنى دېمىسە ناھايىتى پاك-دىيانەتلىك خەقكەن بۇ!... دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇخلاپ قالدى.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپلا قادىر ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، خىزمەت

گۇرۇپپىسى «سىنىپپي كۆرەش» قاپقىقىنى ئېچىپ «تۆت» نى ئېنقلاشنىڭ قايىنمىغا چۆكتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئىشىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلىپ بېقىش قىزغىنلىقى بوشىدى، بۇ ئىشمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

## 6

ئارىدىن بەش ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. «سىنىپپي كۆرەش» باسقۇچى ئاخىرلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى بولغان 3 - باسقۇچ باشلاندى. ئەمدى سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە كادىرلىرىنىڭ ئىشى ئازىيىپ، دادۇي، شاۋدۇيدىكى يەرلىك كادىرلار ئالدىراشچىلىققا ئۆتكەنىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قادىر قىلغۇدەك تۈزۈكرەك ئىشى يوق زېرىكىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا مەھەممەت ساۋۇرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ بىر چامداپ، ئىككى چامداپ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئورۇنلاشقان ماخۇغا قاراپ ماڭدى. مەھەممەت ساۋۇر ئۇنىڭغا قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلدۈرگەندەك تۇيۇلاتتى.

بۇ ئاپرېلنىڭ باشلىرى بولۇپ، ئات - كالا، ئېشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ كەتكەچكە، ماخودا پەقەت موزاي، تەخەيگە ئوخشاش ئۇششاق چارۋىچىلار قالغان ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن مەھەممەت ساۋۇرمۇ تۈزۈكرەك ئىشى يوق، ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن ئەمەك بولۇپ تۇرغانىكەن.

مەھەممەت ساۋۇر، بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمايىل ساۋۇر دېگەن چوڭ ئاكىسى، تىللاخان ساۋۇر دېگەن ئاچىسى (قۇناخۇننىڭ ئاپىسى) يەنە ئاۋۇت ساۋۇر، داۋۇت ساۋۇر دېگەن ئىككى كىچىك ئىنىسى، ئايىمخان ساۋۇر دېگەن سىڭلىسى بار ئىدى. بۇ شاۋدۇينىڭ ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى دېگۈدەك ساۋۇر ئاتىلىدىغان ئادەملەر ئىگىلىگەچكە ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنى ئاسانلا ئايرىلاشتۇرۇپ قوياتتى. قادىر بىر كۈنى يىغىندا كىشىلەر يىغىلىپ بولغىچە يېنىدا ئولتۇرغان قېرىلاردىن سوراپ، ساۋۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر جەمەت ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغانىدى.

مەھەممەت ساۋۇر جەمەتى بۇ شاۋدۇيدە خەققە بوزەك بولمايدىغان، خەقنى بوزەكمۇ قىلمايدىغان ئائىلىلەردىن بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا خېلى چوڭ ئابرويى ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەن.

مەھەممەت ساۋۇر يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپلىرىدىن بولۇپ، كېيىنكى كۆكشېلىشىش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ۋە بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىگىچە ئىپادىسى ياخشى بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن كۆكشېلىشىشتىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنچىل ماخوچىلىق قىلىپتۇ.

ئۇ ناھايىتى ئىنتىك سۆزلەيدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بەزى گەپلىرىنى

تولۇق ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئۇ گەپىنى دەسلەپتە ئاستا ئۈزۈپ سۆزلەپ، سۆزلىگەنچە ئۈنىنى كۆتۈرۈپ كېتەتتى. قايناپ كەتكەندە چىرايىنى سەل تېشتۇرۇپ ياكى جىددىيلەشتۇرۇپ ئەمەس بەلكى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەندەك، كۈلكە دېسە كۈلكە ئەمەس بىر خىل ئادەم ئات قويغىلى بولمايدىغان ئالامەتلەرنى شەكىللەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز، ئورۇق ئىدى. بەلبېغىنى بېلىگە ئىككى يۆگەيتتى. يېشى 60 لەردىن ئاشقان بولسىمۇ تېخى قەددى ئېگىلمىگەنىدى. چىرايى بۇغداي ئۆڭ بولۇپ، ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ تۇرغانلىقتىن كۆرگەنلا ئادەمگە ھەممە چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەندەك بىلىنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە چىشلىرى ساق ئىدى. لېكىن ئېزىق چىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇپراپ يىلتىزلىرىلا قالغانلىقتىن قاتتىقراق نەرسە يېگەندە ئاغزىغا سېلىۋېلىپ ئۇزۇنغىچە شورايتتى. ئۇ يول ماڭغاندىمۇ خۇددى كەينىدىن بىرەر كىشى قوغلاۋاتقاندەك ئىتتىك ماڭاتتى. شۇڭا، بىر كۈنى قادىر چاقچاق قىلىپ:

— مەھەممەت ساۋۇر، ئاۋۇ پۇتلىرىنى يەرگە دەسسىمەي تۇرۇپ، ماۋۇ پۇتلىرىنى ئالدىكەنلا، ئۇنداق قىلسىلا ياشانغان ئادەم ئاسانلا يىقىلىپ چۈشمەمدۇ؟ — دېدى.

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— باشقىلار پۇتلىمسا، ئۆز پۇتىنىڭ بىر-بىرىنى يىقىتىۋاتقانلىقىنى سىلى نەدە كۆرگەن؟ مەن ئىتتىك ماڭساممۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىر پۇتۇم يەنە بىر پۇتۇمنى پۇتلاپ يىقىتىۋاتمىدى. باشقىلارغۇ پۇتلاپ باقتى. لېكىن خۇدايىم ساقلىدى بولغاي يىقىلمىدىم، — دېدى ئۇ ۋە ئاستاراق ئاۋازدا، — ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا، بىر كۆز يەنە بىر كۆزنى يەپ كېتىدۇ دېگەن گەپ بار، بۇنى راستمىكىن دەيمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

سالام-سائەتتىن كېيىن، ئۇلار بىردەم ئۇنىڭ-بۇنىڭ پارىڭىنى قىلىشتى. مەھەممەت ساۋۇر ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ، ئۆزى باققان ئات-كالا، ئېشەكلەرنىڭ سېمىز، ساغلام، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئىشقا يارايدىغانلىقىنىلا سۆزلەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن، قادىر گەپنى ئايلاندۇرۇپ:

— مەھەممەت ساۋۇر، قۇناخۇن چوڭمىتى ياكى سىلىمۇ؟ — دېدى.

— قۇناخۇن بىلەن زۆھرەخاننىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى، سىلىنىڭ كاللىلىرىغا كىرىۋالدى-ھە زۇجاڭ...؟ — دېدى مەھەممەت ساۋۇر كۆتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ، ئۇ تۈيغۇن ئادەم ئىدى.

— قانداق دەيلا؟

— مەن خېلى ئۇزۇندىن بېرى تۇيۇپ يۈرىمەن.

— ئۆتكەندە باقى بىلەن ئىككىمىزنىڭ توغراق كەنتىگە بارىدىغانلىقىمىزنى زۆھرەخانغا سىلى دەپ قويدىلىمۇ؟

— شۇنداق.

— نېمىشقا دەپ قويدىلا؟

— سلى بلەن ھېلقى پاراڭدىن كېينكى بازار كۈنى مەن ئۇ خوتۇن بلەن ئۇچرشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا خزمەت گۇرۇپپىسى قۇناخۇننىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ. سلىنىمۇ ئزدەيدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر سلى ئۇنىڭ سەۋەبىنى بلسلە ئەمدى ئىچلىرىگە يۇتۇپ يۈرمەي، بار گەپنى قلسلا، بولمسا بەختاخۇنغا ئۇۋال بولۇپ كېتىدۇ دەپ نەسىھەت قلدىم. سلىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. ئۇ ماقۇل دېدى، پەقەت ئۆلۈم ئىشنىلا دەيمەن، بۇرۇنقى ئىشلارنى دېمەيمەن، سلىمۇ جىق ئىشلارنى بلىلا، ئېغزلىرىنى ئۇششۇتۇپ يۈرمسلە، دەپ قايتا-قايتا جېكىلەپ كەتتى.

— شۇ جىق ئىشلارنى دەپ بەرمەملا؟

— سلى كەلگىلى بەش، ئالتە ئاي بولۇپ قالدى. ھازىر بىز ئۇرۇق-تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سلى دۆلەت كادىرى، دېمسەم، سلىگە ئىشەنمىگەندەك بولىدىكەنمەن. دېسەم زۆھرەخانغا يۈز كېلەلمەسمەنمىكىن دەپ قورقىمەن، شۇڭا ناھايتى خىجىللىقتا قېلىۋاتىمەن، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر ئۆزىنىڭ تەڭلىكتە قالغانلىقىنى بلدۈرۈپ.

— ئەگەر سلى خىجىللىقتا قالىدىغان ئىش بولسا بوپتۇ، — دېدى قادىر، ئۇ ئادەمنىڭ ئاڭلىماي دېسە ئېيتىپ قويىدىغان مىجەزىنى بلگەچكە.

— شۇ ئىشلارنى ئاڭلىمسىلا بولمامدۇ؟

— ئاڭلىمىساقمۇ بولىدۇ، لېكىن زۆھرەخان بلەن سلى بۇ ئىشنى قانچە سىرلىقلاشتۇرغانسىرى ئادەمنىڭ شۇنچە ئاڭلىغۇسى كېلىپ قالىدىكەن.

— مەنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ كەتمەيمەن، بلىدىغانلىرىممۇ شۇ ياشلىقتا بولىدىغان ئىشلار، بۇ گەپلەر ياش ۋاقتىدا سۆز-چۆچەك بولغان، ئەمدى دېيىلسە تازا ياراشماي قالارمىكىن دەيمىز شۇ.

— بۇلارنىڭ ئىشىنى سلىدىن باشقا ھېچكىم بلمەمدۇ؟

— بلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ گەپ ھەر كىم ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى باشقۇرىدىغان ئىش دېسلە، خەقنىڭ خوتۇنى بلەن نېمە كارى، لېكىن ئىنچىكە يەرلىرىنى خەقلەرنىڭمۇ بلمەيدىغانلىقى راست.

— ئۇنداقتا ماڭا دەپ بېرەملا؟

— مېنى دېدى دېمسلە!

— ھەي، مەھەممەت ساۋۇر، سلىمۇزە بەزى ۋاقىتتا شۇنداق چېچەن، تۈيغۇن، بەزى ۋاقىتتا دۆتلىشىۋالىدىكەنلا!

— قانداق دەيلا؟

— ئەگەر مەن بۇ ئىشلارنى بلىپ قالسام زۆھرەخان سلىدىن كۆرمەي، كىمدىن كۆرەتتى. يەنە تۆتىنچى بىر ئادەم بارمۇيا؟

— مانا مەن دېمىدىممۇ ئادەم خىجىللىقتا قالىدۇ دەپ.

— مەن ئاشۇ قېتىم زۆھرەخان ئاچام بىلەن سۆزلەشكەندە، بۇ ئايالنىڭ زادى دېمەيمەن دېگىنىگە قاراپ، بىرى، قېرىغاندا نومۇس قىلسا، يەنە بىرى، ئىزنىقاپراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم.
— ئۇ خۇلقى زىلراق ئايال.
— شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قوناخۇن زۆھرەخاندىن 60 ياشقىچە مەيلىنى ئۈزەلمەي يۈردى ئەمەسمۇ؟
— قانداق، بىلە-بىلمەس دەۋاتىلا-ھە؟ ئەمدى سىلىمۇ زۆھرەخان ئاچامدەك گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ كەيىندىن توگۈلۈۋالماي ھەممىسىنى دېسىلە!
— بۇ ئىشلارغۇ «سىنىپىي كۆرەش» كە كىرمەس، سىلى بىر نېمە يازاي دەملا يا؟
— ھازىر ئەمەس، كېيىنمۇ يازالامدىم، ئېنىق ئەمەس.
— بوپتۇ، مەن بىلگەنلىرىمنى سىلىگە دەپ بېرەي، مېنىڭچە بىزنىڭ بۇ يۇرتتا بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىدەك ئىشلار كەم ئۇچرامدىكىن دەيمەن. باشقا يۇرتلاردا بارمۇ-يوق، مەنغۇ بىلمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىن ئادەم ھەقىقەتەن تەسىرلىنىدۇ. بۇنى مەن چۈشەنمىگەن يەردە ئەمەس، لېكىن سىلىنىڭ تاغلىرىدەك بولۇپ قالغان ئادەم، بەزى گەپلەرنى قانداق دەيمەن دەپ ئويلاۋاتىمەن.
— ئىنىسى ئىزا تارتماي ئاڭلىغان يەردە، تاغىسىغا ئىزانى كىم قويۇپتۇ، — چاقچاق قىلدى قادىر، گېپىگە ئۇلاپلا، — سىلى دېگەن بىزنىڭ غوللۇق ئاكتىپىمىز، ھېلىمۇ سىلى بىلەن دېيىشمەيدىغان گەپلىرىمىز قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى ئالدىراپ سۆزلىسىلىمۇ، لېكىن يالغان سۆزلىمەيلا، مۇشۇ بىرقانچە ئايدىن بۇيان سىلى قىلغان پىكىر، ئىنكاسلارنىڭ كۆپ قىسمى توغرا چىقتى. شۇڭا بىز سىلىدىن بەكمۇ رازى، بۇنداق بولغاندىن كېيىن مەن سىلىنى تاغام دېسەممۇ، دوستۇم دېسەممۇ بولىدۇ. دوست دېگەننىڭ دېيىشمەيدىغان گەپلىرى بولمايدىغۇ؟ — دېدى قادىر، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

**7**

— زۆھرەخان ئەسلى ئويباغلىق بولۇپ، خېلى قول ئىلكىدە بار ئادەمنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدى. ھازىرقى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئېرىدىن قالغان، — دەپ سۆزنى باشلىدى مەھەممەت ساۋۇر.
— زۆھرەخان ئۈچ قېتىم ئەرگە تەگكەنمۇ؟
— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىم تەگكەن ئەرلىرى

يوق ھېسابىدىكى بىرنېمىلەردىن بولۇپ چىقتى.

— قانداقچە؟

— مەن قۇناخۇن بىلەن مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇ مېنىڭ چوڭ ئاچام تىللاخاننىڭ تۇنجى بالىسى ئىدى. ئىككىمىزمۇ ئوقۇمىغانىدۇق، شۇ چاغلاردىمۇ بىزنىڭ ھازىرقى گۆشخۇمدا تۇرغان جاينىڭ يېنىدا مەكتەپ بار ئىدى. ئاتا-ئانىلىرىمىز بەك نامرات خەقلەردىنمۇ ئەمەستى، لېكىن نېمە سەۋەبتىنكىن، بىزنى ئوقۇتمىغانىكەن. قۇناخۇن مەندىن بىر-ئىككى ياش كىچىك بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ ھەم تاغىسى ھەم دوستى ئىدىم.

17-18 ياشلارغا كىرىپ قالغان چاغلىرىمىز ئىدى. بىر بازار كۈنى ئىككىمىز بازارغا باردۇق، بازاردا بىر نەرسە ئېلىپ يېگۈدەك پۇلىمىز يوق ئىدى. ناھايىتى شۇ ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا قاراپ، قويىنىمىزغا سېلىۋالغان نېنىمىزنى چىمدىپ يەپ، ئىت تالاشتۇرغان، خوراز سوقۇشتۇرغان، كامارغا ياڭاق تاشلاپ ئويناۋاتقانلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ كەچ بولغاندا قايتىپ كېتەتتۇق. شۇ كۈنىمۇ شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مەھەللىدىن بازارغا بارغانلارغا قوشۇلۇپ قايتايلى دەپ تۇرساق بىزدىن ئەتلىك بىر قىز بالا بىزگە يېقىنلاپ كەلدى، بېشىغا سېلىۋالغان گىجىم ياغلىقنىڭ بىر تەرىپىدە يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئىككىلىرى خاپا بولماي، دادامغا ياردەملىشىپ ئاۋۇ بىر تاغار بۇغداينى ئېشەككە ئارتىپ بەرگەن بولۇشسىلا، — دەپ ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئىككى ئېشەكنى تۇتۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق، كېلىشكەن كەكە ساقال ئادەمنى ئىما قىلدى. بىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، قۇناخۇن، ئارتىشىپ بېرەيلى، دېگىنىچە ماڭدى. مەن سەل تۇرۇپ قېلىپ ئاندىن ئەگىشىپ ماڭدىم. بىز تارتىنچاقلىق قىلىپ، ئۇ قىزغىمۇ قارىماي، گەپمۇ قىلماي، ئۇدۇل ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا باردۇق. قولىمىزنى گىرە قىلىپ تاغارنى كۆتۈرگەن پېتى ئېشەككە ئارتتۇق. بىز تاغار بىلەن تەڭ بېشىمىزنى كۆتۈرگەندە قارىسام ھېلىقى قىز ئەمدى گىجىم ياغلىقدا يۈزىنى ياپماي ئۇدۇلىمىزدا تۇرغانىكەن، مەن ئۇنىڭ چىرايىنى چالا-بۇلا كۆرۈپ قالدىم-دە، لېكىن تارتىنغانلىقىمدىن دەرھال باشقا ياققا قارىۋېلىپ:

— تاغا بىز كەتسەك بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بولىدۇ ئۇكىلىرىم، رەھمەت سىلىگە، — ئۇ دەرھال بېلىگە تۈگۈۋالغان سامسىدىن ئىككىنى ئېلىپ بىزگە تەڭلىدى. مەن ئالاي دەپ تۇرسام، قۇناخۇن قولۇمدىن تارتقىنىچە مېنى يېتىلىگەندەك ئېلىپ كەتتى.

— ھەي ئۇكىلىرىم، ئېلىڭلار... — دەپ، ئۇ ئادەم قولىنى سوزغانچە ئىزىدا تۇرۇپلا قالدى. قۇناخۇن، رەھمەت ئاكا، قورسىقىمىز توق، دەپ جاۋاب بېرىۋېتىپ، كەينىگە بىر قاراپ قويۇپلا ئالدىمدا مېڭىپ كەتتى. بىز ئىتتىك مېڭىپ بازاردىن يانغانلارغا يېتىشىۋېلىپ قايتىپ كەتتۇق، بىز يولدا كېتىۋاتقاندا مەن قۇناخۇنغا:

— ھېلىقى قىز، ئەجەبمۇ چىرايلىق ئىكەن، مەن تاغارنى كۆتۈرگەندە ئۇدۇلۇمدا تۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدىم.

— شۇنداق مەنمۇ غىل-پاللا كۆرۈپ قالدىم، ئىزا تارتىپ ئۇزاق قارىيالمىدىم، — دېدى قوناخۇنمۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بازارغا بارساقلا ئۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلگىمىز كېلىپ، بازارنى قويماي ئارىلاپ قىزلارغا سىنچىلاپ قاراپ يۈردۇق. لېكىن بىز ئۇ قىزنى ئىككى بازار ئۇدا ئۇچرىتالمىدۇق.

— زوھرەخانغا شۇ ۋاقىتتا سىلىنىڭ كۆزلىرى بۇرۇن چۈشۈپتىكەن-ھە؟ — چاقچاق قىلدى قادىر.

— ئۇ تېخى بىز ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان چاغلار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئادەم بالاغەتكە يېتەي دېگەندىلا چىرايلىققا قارايدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئىككىمىز تەڭ قاراپتۇق دېسىلە. كېيىنكى بازار كۈنى يەنە ئىزدىدۇق. بىز بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئاشلىق ساتىدىغان جايدا ئىككى-ئۈچ تاغاردەك ئاشلىقنى چۆرىدەپ خېرىدار چاقىرغاندەك ھەر بىر ئۆتكەن ئادەملەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم بىلەن يېنىدا تۇرغان بىر ئايال ۋە يەنە شۇ كىيىمنى كىيىپ، شۇ گىجىم روملىنى ئارتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى قىزغا كۆزىمىز چۈشتى.

قوناخۇن بۇرۇن كۆرۈپتىكەن، ھېلىقى قىز بالا ئۇ يەردە تۇرىدۇ، دەپ ماڭا كۆرسەتتى. بىز ئۇزاق قاراپ تۇرۇشتىن ئىزا تارتىپ كەينىمىزگە يانايلى دەپ تۇرساق، ھېلىقى ئادەم بىزنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ھوي ئۇكىلىرىم، سىلىمىدىڭلار؟ بازارغا كەلگەنمۇ؟ مەيەرگە كېلىڭلار، — دەپ بىزنى چاقىردى. بۇ ۋاقىتتىمۇ ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك ئادەملەر خېلى شالاڭلاشقان ۋاقىت بولۇپ، بازارغا كېلىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك، ئىشىنى تۈگىتىپ كېتىۋاتقانلار توپى-توپى بىلەن ئىدى.

قوناخۇن گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇردى. مەن:

— تاغا بازارغا بۇغداي ساتقىلى كەلگەنمىدىلە، — دېدىم.

— ياق ئۇكام، ئىككى تاغار قوناق ساتقىلى كەلگەنىدىم. بىر تاغىرىنى ساتتىم، ئۇنىڭغا ئازراق پۇل قوشۇپ بىر تاغار بۇغداي ئالدىم. بۇ بىر تاغار قوناققا خېرىدار چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بىردەم تۇرۇپ بېقىپ سېتىلماي قالسا ئەكىتىپ، ئۆزىمىز ئۇنى تارتىپ يەيمىز، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ، — ئۇكام سىلى گۇلباغلىقمۇ، — دەپ سورىدى.

— شۇنداق بىز گۇلباغلىق. ئىككىمىزلا ساۋۇرلار جەمەتىدىن. ماۋۇ بالىنىڭ ئېتى قوناخۇن. مېنىڭ ئېتىم مەھەممەت!

— قايسى ساۋۇرلار ئۇرۇقىدىن. دۆڭمەھەللىدىكىمۇ؟

ـــ شۇنداق .
ـــ ئىسمايىلنىڭ ئوكىسىمىسىز ؟
ـــ شۇنداق .
ـــ مەن ئاتىڭىزنى، ئاكىڭىزنى تونۇيمەن! بۇ بالىچۇ ؟
ـــ قۇناخۇن مېنىڭ چوڭ ئاچامنىڭ ئوغلى بولىدۇ . ئاتىسىنىڭ ئېتى ئىبراھىم .
ـــ تىللاخاننىڭ ئوغلىمۇ ؟
ـــ شۇنداق .

ئۇ ئادەم بىزنىڭ چوڭلار بىلەن ئۆزىنىڭ تونۇش چىقىپ قالغىنىغا ئىككىلىمىزنىڭلا خۇش بولۇپ كەتكىنىمىزنى بىلدىمۇ، ياكى بىزنى ئىزا تارتىپ سوراشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ، دەپ قالدىمۇ ئۆزلىكىدىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى .

ـــ بىز ئوييائغلىق ئوكىلىرىم، بۇ خوتۇنۇم بولىدۇ . بۇ قىزىم زۆھرەخان بولىدۇ . مېنىڭ ئېتىمۇ ئىبراھىم، ـــ دېدى ئىبراھىم ئاخۇن ئاكا خوش خۇيلۇق بىلەن .

بۇ ۋاقىتتا قۇناخۇنمۇ، مەنمۇ تەڭلا ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئالدى بىلەن زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىغا، ئاندىن زۆھرەخانغا قاراپ قويدۇق . زۆھرەخانغا قارىغاندا ئۇ بىزگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى .

ـــ ئەگەر بازاردىن يانسىلا تاغارلىرىنى ئارتىشىپ بېرەيلىمۇ؟ ـــ دېدى قۇناخۇن بۇ قېتىم مەندىن بۇرۇن گەپ ئېچىپ .

ـــ بولىدۇ ئوكىلىرىم! كەچ بولاي دېگەنچە بازارمۇ سۇسلاپ قالدى . بۇ قوناقمۇ سېتىلمايدىغان ئوخشايدۇ . بىزنىڭ مەھەللىدىن كەلگەنلەرمۇ قالمىغاندەك قىلىدۇ . ئۆتكەن قېتىممۇ بىزنىڭ مەھەللىدىن كەلگەنلەر كېتىپ قېلىپ، قىزىم بىلەن قاملاشتۇرالماي ئىككىڭلارنى ئاۋارە قىلغانىدىم . يەنە توغرا كېلىپ قالغىنىنى دېمەمسىلەر! لېكىن ئۆتكەن قېتىم سامسا تەڭلىسەم ئالغىلى ئۇنىمىدىڭلار، بۇ ئىشىڭلار بولمىدى . مەنمۇ، قىزىممۇ بىر قىسما بولۇپ قالدۇق، ـــ دېدى ئىبراھىم ئاخۇن بىزگە ھال ئېيتىپ .

ـــ ئۇنداق ئەمەس ئاكا! ـــ دېدى قۇناخۇن، مۇلايىملىق بىلەن، ـــ بىز ياش بولغاندىن كېيىن ئۇنچىلىك ئىشنى قىلىشىپ بەرگەننىگە نېمە بولىدۇ . ئۇنىڭغىمۇ ھەق ئېلىپ يۇرسەك سەت ئەمەسمۇ ؟

ـــ ئۇنىڭغۇ ھەق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ . مەن سىلەرنىڭ ياۋاش - مۇلايىملىقىڭلارنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كېتىپ تەڭلىگەنىدىم . ئەمسە، مەن سىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سالىدىغان بولدۇم - دە! ـــ دېدى ئىبراھىم ئاخۇن خوتۇنىغا ئورۇۋقراق بىر ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ . ئۆزى تاغار ئارتىدىغان ئىككى ئېشەكنىڭ بېشىنى بىزگە نۆۋەت بىلەن توغرىلاپ بېرىپ .

بىر پاراڭ سېلىۋاتقاندا زۆھرەخان بىلەن ئاپىسى گەپكە ئارىلاشماي جىم تۇردى، لېكىن ماڭا زۆھرەخان بىردە ماڭا، بىردە قۇناخۇنغا تۇيدۇرماي قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ

كەتتى. مەن بىلىندۈرمەي سەپسالدىم، زۆھرەخاننىڭ ئاپىسمۇ چىرايلىق ئايال ئىكەن. ئاتىسى — ئىبراھىم ئاخۇنغا سىنچىلاپ قارىسام، كۆزۈمگە بۇ ئادەم شۇ زاماننىڭ ئادەملىرى ئىچىدە ھەقىقەتەن كېلىشكەن، تەمكىن، سالاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك بولۇپ، كاپكازچە قويۇلغان بۇرۇتى ئۇنىڭغا باشقىچە ئىسكەت بېرىپ تۇراتتى. گەپ سۆزلىرىدىن مەرد-مەردانە ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى.

زۆھرەخان بىلەن ئاپىسىنىڭ چىرايى بىر-بىرىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن. بىز ئىزا تارتىپ سىنچىلاپ قارىيالمىساقمۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنىڭ ئاق سېرىق، كۆزلىرىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلىۋالغانىدىم.

بىز تاغارنى ئارتىپ بېرىپلا ئۆتكەن قېتىمقىدىكىدەك خوشلىشىپ كېتىپ قالدۇق. ئۇلارمۇ قوزغالدى، بۇ قېتىم مەن بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىغانىدىم، ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. زۆھرەخان ئاپىسى بىلەن ئاتىسىدىن تارتىنىدى بولغاي، ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك قايرىلىپ قاراپ قويمىدى.

— زۆھرەخان شۇ ۋاقىتتا قايسىڭلارغا بەكرەك قىزىقتى؟

— قىزىقتە، سىلى قادىر زۇجاڭ، ئۇ چاغدا قايسىمىزغا قىزىققانلىقىنى كېيىنكى ئىشلار ئىسپاتلىمامدۇ؟

— مەن مۇشۇ يېرىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، — دېدى قادىر، چاقچاقنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چۈنكى قوناخۇنغا قارىغاندا سىلى ئىككىلا قېتىم ئۆزلىرىنى بەكرەك كۆرسەتكەن تۇرسىلا.

— ھەي، سىلىنىڭ دېمەيدىغان گەپلىرى يوق جۇمۇ، قارىسىلا مېنىڭ مۇشۇ ئەپتىمگە، — دېدى ئۇ ساقىلىنى يەڭگىل سىلاپ قويۇپ، — ياش ۋاقتىمدىمۇ مۇشۇنداق ئىككى قوۋۇزۇم ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئاستىنقى ئېڭىكىم يۇقىرىغا چىقىپ تۇرغان ئۇچلۇق ساقال بىر نېمە تۇرسام زۆھرەخان ماڭا قارامتى؟ مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئانچە تارتىنىپ كەتمەيتتىم. گەپنى تېز قىلغاندىن تاشقىرى كۆپ سۆزلەيتتىم. كېيىن ئويلىسام ياش ۋاقتىمدا قىزلار ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەنمەن. قۇناخۇن كېيىنرەك ماڭا: ئۇ ھەر ئىككى قېتىمدا ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، دېگەنىدى، قۇناخۇن ئۇ چاغلاردا ناھايىتى چىرايلىق، تەمكىن يىگىت بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ تارتىنچاق، كەم سۆز بولغىنى بىلەن چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى. شۇڭا بىزنىڭ مەھەللىدىكى نۇرغۇن قىزلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغانىدى. ئۇنىڭ دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇلاقتەك ئىككى كۆزى مۇلايىم بالا ئىكەنلىكىنى مانا مەن دەپ ئىسپاتلاپ تۇرسا، زۆھرەخان بىزنى بىكارغا تاغار ئارتىشقا چاقىرغان دەملا؟ ئۇ كۈنى ئىككىمىز يول بويى ئۇلارنىڭ ئىككى قېتىم بىزگە تاغار ئارتقۇزغانلىقىغا ئۆزىمىزچە ھەيران قېلىشىپ، پاراڭ بىلەن قايتىپ كەلدۇق.

يېرىم يولغا كەلگەندە قۇناخۇن توساتتىنلا:

— زۆھرەخان ئەتىۋارلىق، يالغۇز قىز ئوخشايدۇ، بۇ ئادەمنىڭ ئوغلى يوقمىدۇ؟ — دەپ قالدى. مەن چاقچاق قىلىپ:

— ئوغۇل بولامسىيا؟ ئوغۇلچىلاپ كىرسەڭ ياق دېمەسلىكى مۇمكىن، — دېدىم.

— مەنمۇ يالغۇز ئوغۇل تۇرسام، — دېدى قۇناخۇن.

ئىش مانا شۇنداق باشلاندى. بارا-بارا قۇناخۇننىڭ قورسىقىغا «جىن» كىردى بولغاي، ئارىلاپ-ئارىلاپ ماڭا دېمەي بازارغا ئۆزى يالغۇز كېتىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە خۇشال كەلسە، بەزىدە كۆڭلى غەش كېلەتتى.

بۇ كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. شۇ يىلى قاتتىق ياغقان بىر يامغۇر بىلەن سوغۇق بالدۇر چۈشۈپ كەتتى. بىر بازار كۈنى قىشلىق كىيىملەر بىلەن بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ قۇناخۇن بىلەن ئىككىمىز تۇيۇقسىز زۆھرەخاننى ئۇچرىتىپ قالدۇق. قۇناخۇن مېنى نوقۇپ، ئاۋۇ يەردە زۆھرەخانلار تۇرىدۇ، دېگىنىچە قەدىمىنى تېزلىتىپ ئالدىغا كەتتى. مەنمۇ ئەگىشىپ باردىم. بۇ قېتىم قىزنىڭ دادىسى يوق ئىدى. ئۇ ئاپىسى ۋە مەھەللىسىدىكى ئىككى، ئۈچ ياشانغان كىشى بىلەن تۇرۇپتىكەن، بىزنى كۆرۈپلا زۆھرەخانمۇ، ئاپىسمۇ تەڭلا:

— بازارغا كەلگەنمىدىڭلار؟ — دېدى كونا تونۇشلاردەك.

— بازارغا كەلگەنتۇق، يىراقتىن ھەرقايسىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشىمىز، بىز ياردەملىشىدىغان ئىش-كۈش بارمىكىن؟ — دېدىم مەن قۇناخۇنغا گەپ بەرمەي، قۇناخۇن بولسا زۆھرەخانغا قارىغانچە مۇلايىم كۈلۈپ جىم تۇردى.

— ئاتىسى شەھەرگە كەتكەنىدى. قىزىم بىلەن مەھەللىدىكىلەرگە قوشۇلۇپ بازار ئايلىنىپ كېلەيلى دەپ چىققانىدۇق. ھەرقايسىلىرىغا قىلدۇرغىدەكمۇ ئىش يوق. قىزىم ھېلى قۇناخۇنغا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى دەۋاتاتتىڭ، دېمەمسەن قېنى؟ — دېدى ئاپىسى بوشراق ئاۋاز بىلەن بېشىنى بىز تەرەپكە قايرىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى مەھەللىسىدىن بىرگە كەلگەنلەر ئاڭلىمىدى.

— باشقا گەپمۇ يوق، — دېدى زۆھرەخان كۆزلىرىنى قۇناخۇندىن ئۈزمەي، — ئۆتكەن بازار كۈنى قۇناخۇن قىلىدىغان ئىشلار بولسا مەن بېرىپ قىلىشىپ بېرەمەن، دېگەنتىڭىز؟ ھە، يەنە، ئاتام مەن كەلگىچە سوغۇق چۈشۈپ كېتەي دېسە، ئېغىلنى شاخ بىلەن يېپىۋېتىڭلار دېگەنتى ھە-ئاپا؟ شۇڭا قۇناخۇننىڭ قايسى كۈنى ۋاقتى باركىن، ئۇچرىشىپ قالساق شۇنى سورىۋالاي دېگەنتىم، — دېدى ئۇ، ئۇن نەچچە تال قىلىپ ئورىۋالغان چېچىنىڭ ياغلىقتىن چىقىپ قالغان تاللىرىنى ئويناپ بىردە ئاپىسىغا، بىردە بىزگە قارىغىنىچە.

ئەمەلىيەتتە بۇ زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئۆيدە يوق ۋاقتىدا قۇناخۇننى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىش مەقسىتىدە ئويلاپ تاپقان ئويۇنى ئىدى.

ئاپىسى بۇ ئويۇننى بىلىپ تۇرسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ:

ــ ھە، راست ئاتاڭ شۇنداق دېگەندەك قىلىۋاتاتتى، ــ دەپ قويدى. مەن قورسىقىمدا بۇگۈن بىز تويۇقسىز ئۇچراشقاندەك قىلغان بىلەن بۇ ئۇچرىشىش ھەرگىز تويۇقسىز ئەمەسكەن دېگەننى جەزملەشتۇردۇم ۋە ئەجەبمۇ چېچەن قىزكىنا، ھېچ ئىشنى چاندۇرمايۋاتىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ قۇناخۇن ئۇچۇن جاۋاب بەردىم.

ــ قاچانلا بولسا بولىدۇ، قۇناخۇننىڭ ۋاقتى بار، يېتىشمىسە مەنمۇ ياردەم قىلىمەن...

ــ ئەمىسە ئۆگۈنلۈككە بارايمۇ؟ ــ دېدى قۇناخۇن خۇشاللىقىدىن مولايىمغىنە مىيىقىدا كۇلۇپ، ئاندىن ماڭا سېنىڭچە قانداق؟ دېگەندەك قاراپ قويدى.

ــ قاچانلا بارسىلا بولىدۇ ئۇكام، ــ دېدى ئاپىسى كەينىدىنلا بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك، ــ ۋاقتىلىرى بولسا سىلىمۇ بارسىلا، ــ دەپ قوشۇپ قويدى. ماڭا قاراپ، لېكىن زۆھرەخان قوشۇلمىغاندەك ئاپىسىغا قاراپ قويدى-يۇ، گەپ-سۆز قىلمىدى.

ئەمدى ئىش خېلى ئاشكارا بولغانىدى. مەن يولبويى خۇشلىقىم تۇتۇپ كېتىپ، قۇناخۇنغا:

ــ زۆھرەخان ھەقىقەتەن ياخشى، ئەقىللىق قىز ئىكەن، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى ئېنىق، بارساڭ ئەتىگەنراق بار، ئوبدانراق ئىشلەپ بەر، ــ دەپ ئۇنى ئىلھاملاندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلدىم. لېكىن ئۇ تۈزۈكرەك بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلالماي كۇلۇپلا تۇرۇۋالدى.

ئۆگۈنى قۇناخۇن ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئويياغدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا «بىللە بارامسەن» دەپ قويغان بىلەن چىڭ تۇتمىدى. چىڭ تۇتسىمۇ مەن بارمايتتىم.

ئۇ قايتىپ كېلىپ، يېگەن-ئىچكىنىدىن باشقا ھېچنەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا كەم سۆز بولغانلىقى ئۇچۇن ئىچىدىكىنى ئاسانلىقچە سىرتقا چىقارمايتتى.

ــ مەنچۇ قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، ــ دېدى مەھەممەت ساۋۇر، ــ چىرايىم سەترەك بولغىنى بىلەن كىچىكىمدىنلا خېلى چېچەن-تۈيغۇن ئىدىم. مەن ئاشۇ كۈندىكى ئىشتىن كېيىن خېلى جىق نەرسىلەرنى سېزىۋالدىم. ئۇلار خېلى يېقىنلىشىپ قالدى بولغاي، دەپ يۈرۈپتىمەن، لېكىن بىر كۈنى قۇناخۇن سالپىيىپ كىرىپ كەلدى.

ــ نېمە بولدۇڭ، سالپىيىپ قاپسەنغۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ ئۇھ تارتقاندىن باشقا لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــ گەپ قىلساڭچۇ؟ مەن سېنىڭ بۇ ئادىتىڭنى ياقتۇرمايمەن ھەم ئىچىم پۇشىدۇ، گەپ بولسا ۋاچ-ۋاچ قىلمامسەن؟ ــ دېدىم.

ئۇ تەستە زۇۋانغا كەلدى.

ــ زۆھرەخاننىڭ ئاتىسىنىڭ باشقا ئويى بار ئوخشايدۇ، ــ دېدى ئۇ تومتاقلا.

ــ نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، بولغان، ئىشنى پەس ئاۋاز

بىلەن سۆزلىگىنى تۇردى.

## 8

ئۇ كۆپ سۆزلىدى، ئۇ جامائەت ئالدىدا تېخى ئۇچۇق-ئاشكارا بىر نېمە دېمىگىنى بىلەن زۆھرەخاننى بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىن بۇيان ئۇنىڭغا كۆيۈپ-پىشىپ، ئاشىق بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، زۆھرەخاننىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلى بارلىقىنى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، زۆھرەخاننىڭ ئاپىسىنىڭ قۇناخۇننى خۇددى ئۆز كۈيئوغلىدەك ھۆرمەت-ئىززەت قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى، لېكىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشقلى بولمايدىغان بىر داۋان باردەكلا بىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ داۋان ئىبراھىم ئاخۇن ئاكا بولۇپ، بۇ ئادەم گەرچە قۇناخۇننى يامان كۆرۈپ، ئۇنداق-مۇنداق دېمىسىمۇ، لېكىن كۈيئوغۇل قىلىش نىيىتى يوقتەكلا كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم لاسسىدە بولۇپ قالدى.

مېنىڭ باشقىچە بولۇپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ ئۇ تېخىمۇ بوشاپ كەتتى.

مەن زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىنى خېلىلا چۈشىنىپ قالغانىدىم، ئۇ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، مەرد ئادەم بولغىنى بىلەن ئۆزى بىر قارارغا كېلىپ بولغان ئىشتا ئاسانلىقچە سالاغا كۆنمەيدىغان ئادەم ئىكەن، قۇناخۇن بۇ ئادەمنى ئاشقلى بولمايدىغان داۋانغا ئوخشاتقاندىن كېيىن، مېنىڭ بېشىم ئۇنىڭكىدىنمۇ بەك قاتتى.

— مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

مەن ئويلا-ئويلا ئاخىرى قۇناخۇنغا ئۇمىدلىك گەپلەرنى قىلدىم:

— بىز سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالمايلى قۇناخۇن، يا چوڭلارغا دەپ ئەلچى ئەۋەتەيلى، ياكى ئەتە-ئۆگۈن ئىككىمىز ئويياغقا بېرىپ ئىبراھىم ئاكامنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقايلى... قانداق؟ — دېدىم.

— شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسام كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ، ئورۇقلاپ شۇمشىيىپ قالغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى-دە، تېخىمۇ ئىچىم ئاغرىدى.

— چوڭلارغا دەپ ئەلچى ئەۋەتەيلىمۇ-يا؟!

— چوڭلارغا دېمەي تۇرايلى، — دېدى ئۇ ناھايىتى ئىشەنچسىز ھالدا.

— ئەمسە ئىككىمىز بېرىپ بىر ئۇقۇشۇپ كۆرەيلىمۇ؟

قۇناخۇن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئەتىسى ئىككىمىز زۆھرەخاننىڭ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئويياغقا قاراپ ماڭدۇق. يېرىم يولغا بارغاندا قۇناخۇن بىر ئىشنى ئويلاپ يېڭىباشتىن چۈشىنىپ

قايتا قارارغا كەلگەن ئادەمدەك، كېتىۋاتقان يولدىن شىپپىدە توختاپ:

— مەھەممەت، بىز بارمايلى، مۇشۇنداق بېرىش ئۆرپ-ئادەتكىمۇ، قائىدە-يوسۇنغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. نەدىمۇ كۆيئوغۇل بولىدىغان يىگىت ھېچنېمىدىن-ھېچنېمە يوق قېيىن ئاتا بولىدىغان ئادەمگە مۇنداق يوسۇندا كۆرۈشكىلى بارىدىغان ئىش بار، ئۇ ئادەمنىڭ غۇرۇرى كۈچلۈك، ئاچچىقى يامان، ئەگەر بىز ئەپلەشتۈرەلمەي ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان بولساق، بىزنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مەن بىراقلا تۈگەيمەن. ماڭ كېتەيلى، — دېدى ئۇ قولۇمدىن تارتىپ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ.

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدىم مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن.

— كۆزۈم يەتمەيدۇ، كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ، بىز ئۇيياغ كەتسەك ئىغىزىغا كەلگەندە كەينىگە بۇرۇلۇپ، — بارمايلى ئەلچى ئەۋەتكىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ. بۇنداق بارساق قانداق بولىدۇ؟ خۇددى خەقنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، ماڭە كېتەيلى!

بىز كەينىمىزگە ياندۇق، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ دېگىنىمۇ راست دەپ ئويلايمەن، بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كېلىپ كايىپ كەتتىم.

— سەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولسەڭ، لېكىن ھېچ ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايسەن. ھەتتا ئاتا-ئانىسىغا كۆرۈنۈشكە، بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايسەن. خەق قىزىنى ساڭا ئىككى قوللاپ ئەكېلىپ بېرەمتى، نەدىمۇ سەندەك يىگىت بولسۇن؟

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بىز بېرىپ نېمە دەيمىز، بىز ئۇيغۇرلاردا نەدىمۇ كۆيئوغۇل بولىدىغان بالا قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا «قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ» دەيدىغان قائىدە بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاتىسىدىن قورقىۋاتىمەن، ئۇ بەك سۈرلۈك ئادەم ئىكەن، ئۇ «ياق» دەپلا بىر ئېغىز گەپ قىلىدىغان بولسا پۈتۈن ئىش تۈگەيدۇ، زۆھرەخان بىلەن ئاپىسى مىڭ قىلىپمۇ ئۇنى كۆندۈرەلمەيدۇ، — دېدى قۇناخۇن.

— مۇشۇلارنى بىلگەندىن كېيىن ئەلچى ئەۋەتەيلى دېسەم ئۇنىمايسىنا؟

ئۇ يەنە گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— ئەمسە بولدى قىل، ئېغىز ئاچمايلى، بىزنىڭ مەھەللىدىكى قىزلار ئىچىدىمۇ ياكى ئۆز جەمەت قىزلار ئىچىدىمۇ نى چىرايلىق، ياخشى قىزلار بارغۇ؟ — دېدىم ئۇنى سىناش مەقسىتىدە.

ئۇ گەپ-سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئايمۇ ئۆتمەي، بىر كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ كالا سۇغارغىلى ئېرىق بويىغا چىقسام، ئۇ مېنىڭ سىرتقا چىقىشىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئۆيى تەرەپتىن

روھى چۈشكۈن، ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىياپەت بىلەن پوكاندەك ئېسىلىپ كېلىپ:

— مەھەممەت، ئىش چاتاق بولدى، ئاڭلىسام زۆھرەخانغا چاي ئىچۈرگۈدەك، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى دۇدۇقلاپ.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— زۆھرەخاننىڭ ئۆزىدىن،

— نېمە!؟ قاچان كۆرۈشتۈڭ؟

— ئاخشام ئۇيياغقا بېرىپ، قوشنىسى تۇراقىنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىپ كۆرۈشتۈم. ئاۋۇ كۈنى كەينىمىزگە كەتكىنىمىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن ئەمدى قانداق قىلساق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى دېيىشىمگىلا ئۇ، يېرىلغۇدەك بولۇپ ھەم يىغلاپ، ھەم ماڭا بۇتناپ خاپا بولۇپ كەتتى. مەن نېمە بولدىڭىز؟ دەپ قايا-قايتا سورىساممۇ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ گەپ قىلماي يىغلاپ تۇرۇۋالدى. كۆڭلۈم تۇيغاندەك قىلىپ: نېمە گەپ بولسا دەڭ زۆھرەخان، مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم. ئىسمايىل تاغام باشلىق بىرقانچە كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ سىزنى ئالىدىغانلىقىمنى ئاتىڭىزغا دەيمىز، دېدىم.

— سىز بىر مۆرىمەس كالا، مۈرەيدىغان ۋاقتىدا مۆرىمەي، ئەمدى مۆرىگىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى، ئاتام بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن بېشىڭىزنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بىكار. مانائەمدى باشقا بىرىگە چاي ئىچۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپلا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. بۇنى ئاڭلاپ بېشىم پىرقىراپ، يۈرىكىم خەنجەر سانجىلغاندەك ئېچىشتى. زۆھرەخاننى ھازىرلا بىرى يېنىمدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، ياق، مەن... مەن سىزنى ھەرگىز قولۇمدىن چىقارمايمەن، ھازىرلا ئاتىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ يالۋۇرىمەن، ئەگەر ئۇنىمسا، سىزنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ قاچىمەن، دەپ يىغلىۋېتىپتىمەن.

زۆھرەخان ئۇنىڭ ھېچقايسى پىكرىگە ئۇنىماپتۇ، قولىڭىزغا كىرگۈزىدىغان چاغدا ئالدىراڭ دېسەم غەم يېمەيسىز، ئەمدى ئاتامنىڭ ئالدىغا كىرىدىغان بولسىڭىز، چاتاقنىڭ چوڭىنى تېپىۋالىسىز، تېخى قاچايلى دەيسىز، بۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلەمتى؟ كەلگەن ھالەتتىمۇ مەن نوموس قىلىمەن، چۈنكى مەن يالغۇز قىز، ئۇنداق قىلىدىغان بولسام ئاتام ئاپامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ... دەپ تۇرۇۋاپتۇ زۆھرەخان.

قۇناخۇن، ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ دەپ تۇرۇشىغا زۆھرەخاننىڭ ئاپىسى چاقىرىپ قاپتۇ. زۆھرەخان ئالدىراپ چىقىپ كېتىشىۋېتىپ:

— تېخى بۈگۈن-ئەتىلا بولىدىغان ئىش بولمىغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار، — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

قۇناخۇن بىر ئاز ئولتۇرۇپ يېنىپ كەپتۇ.

مەن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جاسارىتىگە ھەيران قالدىم قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، سەن ئۇنى قانداق چاقىرتىپ چىقتىڭ؟ دەپ سورىسام، ئۇ:

— زۆھرە تۇراقنىڭ سىڭلىسى ھۆرنسا بىلەن دوست، شۇ چاقىرىتىپ بەرگەنىدى، — دېمەمدۇ.

— ھۆي ساڭا ئەمدى جان كىرگىلى تۇرۇۋېتىپتۇ؟ بۇرۇنراق شۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى، ئەتىدىن-كەچكىچە قىز بالىدەك تارتىنىپ ئۇنىڭدىن قورۇنۇپ، بۇنىڭدىن ھۆركۈپ بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ ھودۇقۇپ يۈرگىچە، ئاشۇ كۈنى قورقماي بارساق مۇشۇ ئىشمۇ يوق ئىدى، — دېدىم دوق قىلىپ، ئۇ گەپ-سۆز قىلماي جىممىدە تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنىڭغا يىگىت بولىدىغان كىمكەن ئۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇيياغلىق ئابلىمىت ئىمامنىڭ ئوغلىمىش.

— قايسى ئوغلىكەن؟

— ئۇنى سورىماپتىمەن.

— سەنچۇ قۇناخۇن، ئۇتۇپ كەتكەن بىغەم، كالا مىجەز بىر نېمىكەنسەن، گەپنىڭ ئۇچىنى ئاڭلاپلا ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ كەلگىچە، سورىغاندىكىن ئۇچۇقراق سورساڭ بولماسمىدى؟ ئابلىمىت ئىمامنىڭ ئىككى ئوغلى تۇرسا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا كايىپ.

قۇناخۇن بىردىنلا چېچىلىپ:

— خەقنىڭ نەچچە ئوغلى بولۇشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، ھېلىغۇ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، ئون ئوغلى بولسىمۇ مەن ھەرگىز زۆھرەخاننى ئۇلارغا تارتقۇزۇپ قويمايمەن، — دېدى مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

— كۆرەرمىز، سېنىڭ مۇشۇ ھالىڭ بىلەن... — دېدىم مەن ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك ئېغىزىمنى پۈرۈشتۈرۈپ، لېكىن ئۆزۈممۇ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالغانىتىم. چۈنكى، بۇ چاغدا مېنىڭمۇ كاللام ھېچنەرسىگە ئىشلىمەيلا قالغانىدى.

قۇناخۇننىڭ بىردىنلا چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاخىرىدا خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك:

— زۆھرەخان مەندىن بەك خاپا بولدى، — دېدى.

— سەندىن خاپا بولماي كىمدىن خاپا بولاتتى؟ — دېدىمەن تېخىچە بېشىم گاڭگىراپ قالغانلىقتىن ئاچچىقلىنىپ.

قۇناخۇن زۆھرەخاننىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەن سىزنى بىرقانچە قېتىم سۆيلىسەم ئۇڭمىدىڭىز، ئاتىڭىزدىن قورقىۋاتىمەن دېدىڭىز، مەن بۇنىڭدىن سىزنىڭ ماڭا ئانچە مەيلىڭىز يوقمىكىن دەپ قالغانىدىم. ئەمدىلىكتە مۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىسىز، دېۋىدى، يۈرىكىم پارە-پارە بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى، مەھەممەت، — دېدى-دە، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

قۇناخۇن يىغىدىن توختىغاندىن كېيىن گويا بىر نىجادلىق ئىزدەۋاتقاندەك ماڭا

تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا ئۇ خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

ئۆتكەن قېتىم ئۇ يېرىم يولدىن مېنى قايتۇرۇپ كەلگەندىلا ئاچچىقىم كەلگەنتى. ھازىر ئۇنىڭ زۆھرەخاننىڭ «بىر قانچە قېتىم سۆيلىسەم ئۇقمىدىڭىز» دېدى، دېگىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى زۆھرەخاننىڭ سۆيلىگىنىنى ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە ماڭا دەپباقمىغانىدى.

— قۇناخۇن بولدى قىل، يا سېنىڭ قەتئىي بىر ئىرادەڭ بولمىسا، ياكى زۆھرەخاننىڭ قارارى بولمىسا، ماڭا قاراپ تۇرۇۋالغىنىڭ بىلەن، مەن قانداق قىلىمەن، — دېدىم مەن.

— ياق، بولدى قىلمايمەن، زۆھرەخانغا ئېرىشەلمىسەم ئۆلىمەن، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا خۇددى شىردەك ھۆركىرەپ مۇشتۇمى بىلەن ئۆز كاللىسىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ.

مەن ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ بىردىنلا مۇنداق ئۆزگەرگەنلىكىگە ھەيران قېلىپ گەپ قىلماي قاراپ تۇرسام، ئۇ بىرەرى كۆرۈپ ئاڭلاپ قالدىمۇ دېگەندەك تۆت ئەتراپىغا قاراپ قويۇۋاتاتتى. باشقىدىن غۇززىدە جۇدۇنۇم تۇتتى-دە:

— قۇناخۇن شۇ ھالىڭ بىلەن خوتۇن ئالىمەن دەمسەن؟ سېنىڭ بۇنداق تارتىنچاق، قورقۇنچاق، مىجەزىڭ بولىدىكەن، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن، — دېدىم.

— سەن كۆرۈپ تۇر، مەن يا ئۇنى ئالىمەن، يا ئۆلىمەن، — دېدى ئۇ ئەتراپىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ باشقىدىن جانلىنىپ.

بىردىنلا كۆڭلۈمدە ئۇ ئەمدى تەلۋىلىك قىلىپ بىرەر ئىش تۇغدۇرمىسۇن دېگەن ئوي كېلىپ:

— سەن زۆھرەخاننى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، ئۇمۇ سېنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان بولسا، ئاخىرى بىر چارە تېپىلىپ قالار، مەن ساڭا ئاخىرغىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدىم. ئۇ يەنە پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. مەن ئىچىمدە بۇنىڭ كۆڭلىكىنى، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئەمدى نېمە قىلغىلى بولاتتى؟ «تۇگىدى»، «ھەممە ئىش تۈگىدى» مانا بۇ سېنىڭ تارتىنچاقلىق، يۈزى تۆۋەنلىك قىلغانلىقىڭنىڭ ئاقىۋىتى، دەپ ئويلىدىم. ئاشۇ كۈنى ئۇنى ئالمايلا ئىبراھىم ئاخۇن ئاكام بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشىدىغان ئىش ئىكەن، دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ھەممە ئۈمىدنى مەندىن كۈتكەندەك ماڭماقچى بولغان يولدىن توختاپ ماڭا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ يەنە ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

— مەن ئەتە ياكى ئۆگۈنىڭ ئىچىدە ئويىاغقا بېرىپ ئىبراھىم ئاكام بىلەن كۆرۈشىمەن. ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا دەيمەن، ئۇنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىمەن. تاغىلىق، دوستلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ... — دېدىم.

ئۇ سەل جانلاندى.

— چوڭلاردىن بىرەرسىنى ئېلىۋالامسەن - يا؟
— بايا دېدىمغۇ ھازىرچە ئالماي.
— سەن بىلەن بىزنى ھېسابقا ئالارمۇ ئۇ ئادەم؟
— ئالدى بىلەن مەن بىر ئۇقۇشۇپ كۆرەي، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەلچى ئەۋەتسەك، تونۇش ئادەملەر ئىچىدە ئۇقۇشماسلىق چىقىپ قالسا كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالمسۇن، ئۆيدىكىلەر سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى تېخى بىلمىسە.
ئەتىسى مەن بارالمىدىم، ئۇ مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالدى. ئۆگۈنى باردىم. ئىش مېنىڭ ئۇيلىغىنىمدەك بولۇپ چىقتى. ئىبراھىم ئاخۇن ئاكا ئەھۋالنى ئۇقۇپ خاپا بولمىدى، بەلكى ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن سىلىق سۆزلەرنى قىلىپ:
— مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى خوتۇنۇمدىن ئۇقتۇم. قۇناخۇن بولسا ياخشى بالا ئىكەن، ئۇ بالىغمۇ مېھرىم چۈشۈپ قالدى. لېكىن بىز چوڭلار ئابلىمىت ئىمامنىڭ كىچىك ئوغلى سېيىتجانغا زۆھرەخاننى خېلى بۇرۇنلا دېيىشىپ قويغانىدۇق. ئابلىمىت ئىمام بولسا ئۆز يېزا، ئۆز مەھەللە، ئۆز جەمەتىمىزدىن. ئۇلاردىن ئەلچى كېلىۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بۇ ئىشنى خېلى بۇرۇنلا دېيىشىپ قويغان تۇرساق، ئۇلارغا بەرمەي يات كەنت، باشقا جەمەت كىشىلىرىگە ياتلىق قىلساقمۇ بولماس، قارىسىلا ئۇكام بىزمۇ بىر چوڭ جەمەت خەق، ئۇنداق قىلساق ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ قېلىشىمىز تۇرغان گەپ، ئابلىمىت ئىمامنىڭ ئوغلى سېيىتجانمۇ ياخشى بالا بولدى. زۆھرەخان ئۇنى لايىق كۆرەمدۇ - كۆرمەمدۇ؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، قىز بالا ئەمەسمۇ؟ كۆڭلىدىكىنى بىلمەك تەس، لېكىن خوتۇن بىلەن ئىككىمىز قىزىمىزنىڭ ئۇنى يامان كۆرگەن يېرىنى سەزمىدۇق، ئاۋۇ كۈنى سېيىتجان بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى، قىزىمىز بەك ئۆزىنى قاچۇرۇپمۇ كەتمىدى. قىزىمۇ يالغۇز بالا، يىراققا بېرەلمەيمىز، شۇڭا بۇ ئىشقا ئەمدى باشقىچە ئېغىز ئېچىشمايلى، بۇ گەپلەر سىرتقا ئاڭلىنىپ قالسا سەت بولىدۇ. ئەگەر ئىككى قىزىمىز بولسىغۇ چوقۇم بىرىنى قۇناخۇنغا بېرەر ئىدۇق، — دەپ گەپنى ئۆزۈپلا مېنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويدى.
مەن بۇرۇنراق ئېغىز ئاچساق بوپتىكەن دېسەم، ئىبراھىم ئاكا دەررۇلا: ياق، بۇرۇن دېسىڭىزمۇ بۇ ئىش پۈتۈپ بولغان ئىش ئىدى. بولمايتتى، دېدى.
مەن يولدا كېتىۋېتىپ غەمگە چۆكتۈم. بۇنى قۇناخۇنغا قانداق دەرمەن؟ دېسەم ئۇ نېمە بولۇپ كېتەر؟ دېمىسەمچۇ... ئۇ مېنىڭ كېلىشىمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن.
مەن خېلىلا ھودۇقۇپ تۇرساممۇ گەپلەرنى ياساپ ئايلاندۇرۇپ دېدىم:
— زۆھرەخانغا يوشۇرۇن كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەندىن باشقا قولۇڭدىن تۈزۈك ئىش كەلمىگەننىڭ نەتىجىسى چىقتى مانا ئەمدى. ئۇنىڭ ئىگىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، خەقلەر بىزدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ پۈتۈشۈپ قويغان ئىش ئىكەن، ئەمدى بولدى

قىلايلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قىزنى يىراق-يات مەھەللىگە بەرمىگۈدەك، بىزمۇ ئۆز يېنىمىزدىكى قىزلاردىن تاللايلى، سەن قايسىسىغا ئېغىز ئاچساڭ مەن ئىبراھىم ئاكام، ئاچام، ئاكاملارغا دەپ شۇنى ساڭا ئېلىپ بېرىمىز، — دېدىم.

ئۇ بىردىنلا ھۆركىرەپ ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاپ، يىغلاپ كەتتى. مەن ئىشەنمەيمەن، سېنىڭ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، دەپ بىر ھازاغىچە ماڭا ئۆكتەملىك قىلىپمۇ باقتى. چۈنكى زۆھرەخاننىڭ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقىغا، ئۆزىنى ھەرقانداق ئادەمدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئۇ ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ كۆڭلى نېمىگە دال بولالىدى. ئىش بۇ ئىككىسىنىڭ دېگىنىچە بولسا مۇنچە كۆپ گەپ كەتمەيتتى-دە، شۇڭا مەن ئۇنى ھەر خىل گەپلەر بىلەن زۆھرەخاندىن سوۋۇتۇپ، ئۆز مەھەللىمىزدىكى قىزلارغا قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇندۇم. ھازىر ئۇنىڭدا ئۇتلۇق مۇھەببەتتىن باشقا نەرسە قالمىغانىدى. ئۇ ئاستا-ئاستا پەسكويغا چۈشتى. تەن بېرىشنى ياكى بىرەر يولنى تېپىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىغان پېتى ئولتۇرۇپ كەتتى.

مەن يەنە ئۇنى ئۆزىمىز تەرەپكە قىزىقتۇردۇم.

— قوناخۇن مەن ساڭا بىر گەپنى دەي، سەن بىرىگە ئېيتقۇچى بولما. ئاتام-ئاپام مەسلىھەتلىشىپ سەمەتكامنىڭ چوڭ قىزى ھۆرنىگۈلنى ماڭا دېيىشىۋاتىدۇ. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. ئۇمۇ ماقۇل بولدى. ئىككىمىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كېلىشسىلا بۇ يىل كۈزدە تويىمىزنى قىلىدىغان بولدۇق. سەنمۇ بىرىنى تېزراق تاللا، ئىككىمىز بىر كۈندە توي قىلايلى، — دېدىم مەن ھازىرقى ئايالىم ھۆرنىخاننىڭ ئىسمىنى بىرىنچى بولۇپ ئېغىزىمغا ئېلىپ، مەقسىتىم بولسا قوناخۇنغا «ئۆز مەھەللىدىن تاپسا ئىش ئاسان بولىدۇ» دېگەننى بىلدۈرۈش ئىدى.

ئۇ ئولتۇرۇپ كېتىپ خېلىدىن كېيىن:

— زۆھرەخاننى ھازىرچە ئالالمىساممۇ، ئۆلگۈچە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيمەن، مېھرىم مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ، — دېدى زەردى بىلەن قەتئىي قىلىپ.

— خام خىيال بىلەن چوڭ گەپ قىلماي، نەخ گەپنى قىلشايلى، قوناخۇن، — دېدىم مەن ئۇنى چىدىماسلىقتىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەتلەر راستىنلا ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولدى، — دېدى مەھەممەت ساۋۇر، ۋە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

— بىر كۈنى قوناخۇن بازاردىن خېلى تېتىك قايتىپ كەلدى. چۈنكى ھېلىقى كۈندىكى پاراڭدىن كېيىن ئۇ باشقىلار ئالدىدا ئانچە چاندۇرمىسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى ئۆلۈكتەكلا يۈرەتتى.

ئۇ مېنى كەچقۇرۇن سىرتقا چاقىرىپ چىقىپ، بىر خىلۋەت بۇلۇڭغا باشلاپ باردى.

— زۆھرەخان تۇراپنىڭ سىڭلىسى ھۆرنىسادىن گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرمىسەك بولمىغۇدەك، بۇ توي مېنىڭ مەيلىمچە بولمىغىنى بىلەن،

مېنىڭمۇ ھېچ ئىلاجىم يوق، ئەسكىلىك قىلاي دېسەم نومۇستىن قورقىمەن، ئەل-جامائەت، ئاتا-ئانىلار ئالدىدا ھەر ئىككىمىزگە سەت بولىدىكەن، قۇناخۇن قاچايلى دېگىنى بىلەن ئۆزى ياۋاش، بەك تارتىنچاق ئىكەن. قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇنىمۇ بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يالغۇز قىز، مەيلى قېچىپ قۇتۇلايلى ياكى قۇتۇلالمايلى، ئاتام ئاپامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ، بىچارە ئاپامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، شۇڭا قۇناخۇن مېنى ساقلىمىسۇن، مەن ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم. ھېلىمۇ ئۆلگۈچە كۆڭلۈمدىن چىقارمايمەن، بۇ دۇنيادا مۇراد-مەقسىتىمىزگە يېتەلمىسەك ئۇ دۇنيادا يېتىۋالارمىز، دەپتۇ، — دېدى ئۇ كەينى-كەينىدىن ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، بۇ قېتىم ئۇ يىغلىمىدى. گەرچە ھازىرغىچە زۆھرەخاننىڭ ئوتىدا ۋالىلداپ كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، ئاستا-ئاستا تەقدىرگە تەن بېرىشكە باشلىغان بولسا كېرەك.

— تۇۋا خۇدايىم، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى مەھەممەت ساۋۇر قىسقا سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دۇنيادا ئاجايىپ-غارايىپ كارامەتلىك ئىشلار بولىدىكەن، بىز قۇناخۇننى ئۆز ۋاقتىدا ياۋاشلىقى، مىجەزىنىڭ ئېغىرلىقى، تارتىنچاقلىقى بىلەن ئەيىبلەپ يۈرسەك، بۇنىڭ ئەكسىچە زۆھرەخان دەل ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىگە كۆيۈپتىكەن ئەمەسمۇ، زۆھرەخان كېيىنكى كۈنلەردە ھېلىقى دوستى ھورنىساغا:

— مەن قۇناخۇننىڭ نېمىسىگە كۆيىمەن. سىلى مېنى ئۇنىڭ كېلىشكەن بوي-بەستىگە، قاپقارا قېشى، مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان بۇلاقتەك قوي كۆزلىرىگە كۆيەمدىكىن دېمەڭلار. ئەڭ مۇھىمى غەمكىندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچ-ئىچىدىن مۆلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان سىلىق-سىپايە مىجەزىگە، ھەرقانداق ئىشتا يالغان سۆزلىمەيدىغان سەممىي-ساداقىتىگە، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ساقلايدىغان، قىز باللارنى كۆرگەندىمۇ توغرا نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ھۆرمەتسىزلىك قىلمايدىغان ئېسىل خىسلىتىگە ھەممىدىن بەك كۆيىمەن، دەپتىكەنمىش. قارىسىلا قادىر زۇجاڭ، مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىچىمدە زۆھرەخان شۇ ۋاقىتلاردىمۇ كىچىك بولغان بىلەن مال تونۇيدىغان «كاداڭدىنكەن» دەپ قالغانىدىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان ئالىپ

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# بۇلدۇقلايدۇ قەلبىمدە شېئىر

## بايرام ئۆتكۈزۈش

بۇ يىلمۇ بايرىمىم ئۆتتى جىممىدە،
يوقلاپمۇ كەلمەستىن بىرەر ئاغىنەم.
ئويلاپمۇ باقمىدىم يىغلاشنى ئەما،
سۇبھىگە چىلانغاچ ئالتۇن پىيالەم.

دېرىزەم تەبەسسۇم قىلىپ شۇندىمۇ،
كىرىشتى قول تەگلەپ مەغرۇر ئارمانلار.
بايرام ئۇ قانداق كۈن؟
بىلەر ئېھتىمال
«مۇئەللىم» دېگەننى بىلسە نادانلار.

## كۈلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك

قۇش تىلىدا چېكىلمەستە تار،
قونۇۋالسا خەتلىرىمگە قار،
سوۋغا قىلىپ بىر تۇتام باھار،
كۈلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك.

روھ كەپتىرىم شېخىڭغا قونۇپ،
غەملىرىڭنى يېمىسە چوقۇپ،
ھەسرەت بىلەن سۆيۈشمەي تۇرۇپ،
كۈلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك.

بېغىڭدىكى ئۇسسىمدەك ئۇماق
چىقارمىسا تەن گۈلۈم ياپراق،
يېتىرقاشنى ئۈركىتىپ قىزچاق،
كۈلۈمسىرەپ باققىن شېئىردەك.

## كېچە نازۇك گۈلدۇر ئېھتىمال

كېچە نازۇك گۈلدۇر ئېھتىمال
ھېچكىم تېخى پۇراپ باقمىغان.
يىلتىزلىرى تەنھا قەلبىنىڭ
ھەسرىتىگە چېلىنىپ ياتقان.

كېچە نازۇك گۈلدۇر ئېھتىمال،
ياپرىقىدا كۆز ياش چاقنىغان.
نەكى كۆز ياش، شېخىدا يەنە
مۇنچاق-مۇنچاق ئۈمىد پارلىغان.

كېچە نازۇك گۈلدۇر ئېھتىمال،
ئايازدىمۇ غۇنچىلاپ تۇزغان.

كۆلگىنىدە ئاداققى غۇنچە ،
قونار بىر قىز قەلبىگە ھامان .

## سىلىشتۇرۇش

كىم شېئىردەك كۆلەر تېلىقىپ ،
كىم شېئىردەك بۇقۇلدار يەنە .
كىم شېئىردەك بىۋاخ چېقىلىپ ،
ئەتە مەغرۇر قىلار تەنتەنە .

كىم شېئىردەك ناخشا كۆكلىتىپ ،
ياشار ئاپئاق تاڭنى قۇچاقلاپ .
كىم شەيتاننى يەتتە پۈكلىتىپ ،
قاننى پاكلار ، زەرداپنى شوراپ .

كىم قۇياشنى مەھكەم تىرەجەپ ،
شېئىرسىمان چاخلىتار غۇرۇر .
كىم شېئىردەك ئۈمىدنى سۆرەپ ،
ئۇچۇپ يۈرەر دىللاردا مەغرۇر .

## ۋەسۋەسىنى ئۇركۈتەلمىسەڭ

ۋەسۋەسىنى ئۇركۈتەلمىسەڭ ،
ئېيتالمايسەن يېڭى بىر ناخشا .
ۋىلىققىدە كۈلەلمەيدۇ ھەم
يۈرىكىڭدە بىخلانغان مىسرا .
ۋەسۋەسىنى ئۇركۈتەلمىسەڭ ،
زىنىنىڭغا قونماس تەبەسسۇم .
تۈنجى قارنى سۆيەرسەن بەلكىم
تام تۈۋىدە بولۇپ بۇرۇقتۇم .
ۋەسۋەسىنى ئۇركۈتەلمىسەڭ ،
قانىتىڭنى يۇقلىماس پەرۋاز .
چاڭگىسىغا شۇڭغىتار تېخى
يازلىرىڭنى چىشلەپ ئۇچقان غاز .
ۋەسۋەسىنى ئۇركۈتەلمىسەڭ ،
كۆكسۈڭ ئارا ئېچىلماس بىر يول .
بارالمايسەن تىغ تەگلەپ يەنە
شەيتىنىڭنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل .

## دىلداشلارغا بايان

ئۇركۈتمەڭلار مېنى بۇ يەردىن ،
يىلتىزىمنى تاشلاپ كەتكۈم يوق .
ئۇۋام باردۇر بۇندا قەدىردان ،
جىن چىراغلار بەرىسمۇ يورۇق .
ئۇركۈتمەڭلار مېنى بۇ يەردىن ،
تاقىر دالا سىردىشىم ھامان .
سۆيۈشمىسۇن غەم بىلەن يەنە
ئاۋازىمغا ئاشىق بېلىجان .
ئۇركۈتمەڭلار مېنى بۇ يەردىن ،
سارغايمىسۇن مەسۇم ئېتىقاد .
يۈرىكىمگە كۈۋۈكلار ياساپ ،
قېقىۋالسۇن كۆك كەپتەر قانات .
ئۇركۈتمەڭلار مېنى بۇ يەردىن ،
كۈلدۈرگەن يوق تېخى بىر چېچەك .
بىلسەڭ ، توغراق سۆيگەن زېمىنغا
مەن مەڭگۈلۈك قەرزدار ئەركەك .

## ياتاقداشلار خاتىرىسىگە

كونا ئىستىقان كىچىك ئۇۋىدا ،
باچكائىدۇق ئارانلا سەككىز .
پەيلىرىمىز بولسىمۇ يۇمران ،
ئىنتىلەتتۇق يىراققا شەكسىز .

بىر يۇرەكنى چاقسا قەھرىتان،
ئۆللىتاتتۇق يۇرەكلەر بىلەن.
تور تاشلىماق بولسا غاپىل روھ،
كەيگۈزەتتۇق سۇتتەك ئاق كېپەن.

چۇرۇقلىشىپ كەتكەن كېچىلەر
ياندۇراتتۇق تۇن باغرىدا چوغ.
ئىقبال كۆلگەن تاتلىق چۈشلەرنىڭ
قونالمايتتى ياپرىقىغا توغ.

ھەمراھ ئىدى سارغايماس غۇرۇر،
ھەمراھ ئىدى ياپپېشىل ئارمان.
قېنىمىزغا سىڭگەن ئىناقلىق،
قوش مېغىزدەك ياشايتتۇق ھامان.

ئۇچماقچىمىز يىراققا ئەمدى،
باردۇر ئەمما ئارىدا بىر يىپ.
دىللاردىكى ساددا كەچمىشلەر،
قاشتېشىدەك تۇرار نۇر چېچىپ.

ئۇچرىشارمىز بىر كۈن ئېھتىمال،
ئەجرىمىزدە بولۇشۇپ چولپان.
ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزۈم:
بۇركۈتلەردەك ياشا، بول ئامان!

## ئەما ناخشىچىغا

سۇرۇلۇپ كەلسىمۇ سەن تامان زۇلمەت،
ۋە لېكىن قەلبىڭدە جۇلالايدۇ تاڭ.
ئويغىنار مەھەللەم ناخشاڭدىن سېنىڭ،
سۇبھىدە بۇلبۇلدەك سايرىساڭ چاڭ-چاڭ.
سۇبھىدە بۇلبۇلدەك سايرىساڭ چاڭ-چاڭ،
ئىنسانىنى، ھاياتنى كۈيلەپ ئۇلۇغلاپ.
ھەسرەتكە تىنغ ئۇرغان مەسۇم ئاۋازىڭ،
تۇرسىكەن قايغۇنى، تەشۋىشنى قوغلاپ.

تۇرغان شاۋۇدۇن

# بوراندىن كۈچلۈكلەر

1

بۇ ئالەمنىڭ سېھرى كۆپ،
ھەمدە ئوتلۇق مېھرى كۆپ.
كېلىپ ئادەم ئالەمگە
چەككەن ئازاب، جەبرى كۆپ.
شۇڭا ھەردەم كۈرەشمەك
بولدى ئادەم قىسمىتى.
شۇ قىسمەتتە ئېچىلىپ
كەلدى ئالەم ھېكمىتى.
كۈرەش قىلغان ئادەمگە
يوق قىيىن ئىش ئالەمدە.
بويسۇندۇردۇق ئالەمنى
شۇڭا ھەر بىر قەدەمدە.
بولسۇن تىمسال سۆزۈمگە
« بوران يولى » يېزىسى.
يەتسۇن ئەلگە بوراندىن
كۈچلۈكلەرنىڭ قىسسىسى.

بوران،
بۇ نام ھەممىگە
ھەممە يەردە تونۇشلۇق.
كەزسەك پۈتكۈل ئالەمنى،
ئۇندىن خالىي ئورۇن يوق.
بولماس كۆرۈپ كۆز بىلەن،
تەسۋىرلەش تەس سۆز بىلەن.
چىقسا ئەگەر ھۆركىرەپ
كارى يوق پەس، تۈز بىلەن.
دۆڭنى سۈرۈپ ئازگالغا،
ئازگاللارنى تىندۇرۇپ.
تۇتاشتۇرار يەر-كۆكنى
چاڭ-توزانغا تولدۇرۇپ.
ۋەھىمدۇر ئىنسانغا
ئۇنىڭ شورلۇق سەپىرى.
كېتەر ئۇچۇپ ئۇ بىلەن
ئىنسانىنىڭ ئىش-ئەجرى.
سەسكەندۈرەر كىشىنى
شۇڭا ئۇنىڭ نامىمۇ.
يەتمەس ئۇنى توسۇشقا
ئىنسانلارنىڭ چامىمۇ.
تەبىئەتنىڭ ھەيۋىلىك
قارام تەلۋە كۈچى ئۇ.
تا ئەزەلدىن يېڭىلمەي
كەلگەن غالىب نوچى ئۇ.

بوران،
ھەردەم ئاڭلىسام
ۋەھىملىك ئىسمىنى؛
كېتەر ئۇچۇپ خىيالىم
ئاتلاپ نەچچە ئون يىلنى.
چۈشكەن ئىدىم تۆۋەنگە
خىزمەت بىلەن مەن ئۇچاغ.

« بوران يولى » يېزىسى
ئاچقان ماڭا كەڭ قۇچاق.
بۇ يېزىنىڭ ئالدى ساي،
كەينى ئىدى توپا تاغ.
قاپلىغان ھەر تەرەپنى
يۇلغۇن، يانتاق، ھەم توغراق.
يۇلغۇن، يانتاق ئارىلاپ
ياتار ئېتىز سوزۇلۇپ.
ھاسىل بولغان قۇمدىن تاغ،
يۇلغۇنلارغا تورۇلۇپ.
قورغىنىكەن مايسىنىڭ
شۇ تەبىئىي تاغ-توساق.
ياتار قۇمنى باغاشلاپ،
چىقسا بوران كۆك يانتاق.
ئاشتى قاراپ ئۇنىڭغا
قىزىقىشىم چېكىدىن.
قۇرۇلغاندۇر بۇ دۇنيا
ئەزەلدىنلا زىتلىقتىن.
دېمەلۇق گۆش كىرپىنى،
نەشتەر ئۇنىڭ تىكىنى.
بۆرە ياۋۇز بولسىمۇ،
يەۋېتەلمەيدۇ ئۇنى.
سۆڭەكسىز قولۇلىنىڭ
تاشتىن قاتتىق قېپى بار.
دەسسەسەڭمۇ ئۈستىدىن
قىلماس ئاڭا قىلچە كار.
ئەسلەتمەمدۇ بۇ يېزا
شۇ مەنتىقە-قىسمەتنى.
شۇنداق يېزا قەلبىڭدە
قوزغاتمامدۇ ھۆرمەتنى.
باغلاپ ئىشقى-مۇھەببەت
بولدۇم ئۇندا مەن ئۇزاق.
ھەرمايسىغا تۆكتۈم تەر،

دېھقان بىلەن تەڭ ئورتاق.
پات-پات بوران ھۆركىرەپ،
كۆرسىتەتتى ئۆزىنى.
قۇم-توپىلار ئۇچاتتى
توسۇپ كۈننىڭ يۈزىنى.
يۇلۇناتتى مايسىلار
تۇپراق بىلەن قوشۇلۇپ.
تىنىپ بەزەن كارىزلار،
قالاتتى سۇ توسۇلۇپ.
ئېچىناتتىم ئىچىمدىن
بۇ ئۇشتۇمتۇت زىيانغا.
ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرلەيتتى
غەزەپ-قەھرىم بورانغا.
ئۇنىڭ يۇلغان مايسىسى،
مايسا ئەمەس جان دەيتتىم.
ئۈزۈپ قويغان سۇلارنى
تومۇردىكى قان دەيتتىم.
بىراق بۇ ئىش دېھقاننىڭ
قاپىقىغا كەلمەيتتى.
تولدۇرۇشقا زىياننى
پۇرسەتنىمۇ بەرمەيتتى.
كەتسە ئېلىپ مايسىنى،
تېرەر ئىدى تولدۇرۇپ.
كۆمسە قۇمغا كارىزنى،
ئاچار ئىدى يەڭ تۈرۈپ.
كارىز سۈيى شۇڭغىلاشقا
ئاقار ئىدى شارقىراپ.
ئۆسەر ئىدى مايسىلار
مايىلاشقاندەك پارقىراپ.
چېلىش، يېڭىش شادلىقى
جۇش ئۇراتتى دىللاردا.
شۇڭا زاغرا يېسىمۇ
قەن تېتاتتى تىللاردا...

## 2

مانا بۈگۈن ئارىدىن
ئوتتۇزچە يىل ئۆتكەندە.
(ئىسلاھاتنىڭ قۇياشى
نۇرىنى مول تۆككەندە).
سېغىنىشتا بۇ يۇرتقا
كەلدىم قايتا كۆرگىلى.
تەرىم سىڭگەن تۇپراقنى
كۆزلىرىمگە سۈرگىلى.
يۇلغۇن، يانتاق كۆزۈمگە
يىراقتىنلا تاشلاندى.
ھاياجانلىق يۈرەكنىڭ
سوقۇشىمۇ باشلاندى.
ئۇ ئەمەسمۇ سىمۇولى
«بوران يولى» ئەھلىنىڭ.
ئۇ ئەمەسمۇ قورغىنى
دېھقاننىڭ ساپ ئەجرىنىڭ.
يېڭى باھار نۇرىدا
ئۇ ياشارغان تېخىمۇ.
كىرگەن كۆركەم سۆلەتكە
يۇرتنىڭ توپا تېغىمۇ.
ئايلىنىپ تاغ باغرىنى
بوپتۇ پەيدا ئورمانلىق.
سوزۇلۇپ ئۇ ئۇزاققا،
شىر ياپىلدەك تۇرار تىك.
بويلاپ يېڭى كوچىنى
يېڭى ئۆيلەر سېلىنغان.
ھەر ھويلىدا تال ئۈزۈم
بېدىشلارغا ئېلىنغان.
دېسەڭ زۇمرەت باغ-ھويلا،
ئۆيلەر خۇددى ئاق سەدەپ.
كۈلكىسىدەك سەنەمنىڭ

تۇرار چاقناپ ھەرتەرەپ.
ھەر ھويلىدا غاز - ئۆردەك،
ئېغىللاردا قوي - كالا.
روھلۇق شۇنچە كىشىلەر،
يۈزلىرىدە نۇر - شولا.
چىقتى تونۇش - بىلىشلەر،
خۇشال - خۇرام كۆرۈشتۇق.
ئەسلەپ ئۆتكەن ئىشلارنى
چاقچاقلاشتۇق، كۈلۈشتۇق.
دەيتتى كۈلۈپ ھەممىسى،
قېنى ئۆيگە كىرەيلى.
كاۋاب قىلىپ بىر قوينى
تازا مەززە قىلايلى.
كىرىپ چىقتىم بىرمۇ بىر
بارچە تونۇش ئۆيىگە.
تولدى قەلبىم دەپتىرى
يۈرتنىڭ يېڭى كۈيىگە؛
«بوران يولى» ئاتىلار
بىزنىڭ ئۇشبۇ يېزىمىز.
بىلسەڭ بوران قۇشىدۇر
بىزنىڭ ئوغۇل - قىزىمىز.
ئەمەلىمىز ھەرقاچان
بوران بىلەن ئېلىشماق.
كېسىپ بوران يولىنى،
دادىل پەرۋاز قىلىشماق.
بىلمەس ھەرگىز توختاشنى
پەرۋازىمىز ئەبەدكە.
شاد ياشايمىز يېزىنى
ئايلاندۇرۇپ جەننەتكە...

*   *

ئاھ دېھقىنىم، دېھقىنىم،
سەن بۆلەكچە يېقىنىم.
سەنسىز ۋىسال تاپالماس،
تۇپرىقىم ھەم ئېقىنىم.
تۇپراق، ئېقىن سەن بىلەن
يارىتىدۇ مۆجىزات.
گەۋدىسى سەن ئالەمنىڭ،
جۇپ بىلىكىڭ جۇپ قانات.
چەكسىزلىكنىڭ سەتھىدە،
بولسۇن نامىڭ سەرلەۋھە.
شەرەپ قۇچقان ھەرسەپتە،
ساڭا تالىق ھەرلەۋھە.

ئۆمەر ئوسمان شىپاھى

# ئىككى غەزەل

## 1

سېغىندىم زەپ سېنى دىلبەر، ۋىسالىغا ئىنتىزار بولدۇم،
شوراي دەپ بال لېۋىڭدىن، بىر كۆرۈشكە بەك خۇمار بولدۇم.
بولۇپ پەيدا ئوڭۇم ھەتتا چۈشۈمدە پەرىۋەش يەڭلىغ،
كۆزۈمدىن كەتمىگەچ چېھرىڭ جۇنۇن، گۈلخانى نار بولدۇم.

ئانار مەگزىلىك، شېكەر لەۋزىلىك، قەلەم قاشلىك، قارا ساچلىك
گويا قان تۆككۈچى تىغ بوپ ۋۇجۇدى پارە-پار بولدۇم.
يارالغانسەن نىھانچە تاش يۈرەك بوپ ئەي رەھىمسىز يار،
ئەجەب زىبا يىگىت ئەردىم، سىنىڭ ئالدىدا خار بولدۇم.
قاچانكى كەلدى بۇ قىسمەت، ئازابتىن تولغىنادۇرمەن،
كى بىلمەيمەن گۇناھىمنى، سازايى شەرمسار بولدۇم.
ئۈمىدىم شول: پەرى-پەيكەر، كەرەم دەرياسىنى كەڭ قىل،
پەقىرنى جۈپتى غۇلمان بىل، يولۇڭدا بىقارار بولدۇم.
ئۆزۈڭ قۇتقاز سىپتەمىلەردىن، ئازازۇل مۇتىھەمىلەردىن،
شىپاھىنى بۇ غەمىلەردىن، ساڭا شەيدايى يار بولدۇم.

2

قامىتى شەمشاد ئىدىم، ئۆرتەپ ئادا قىلدىڭ مېنى،
كىرپىكىڭ ئوقياسىدا كۆكسى يارا قىلدىڭ مېنى.
مەن ئىدىم ئۆتكەن بىھاجەت، كىشىگە تەلمۈرمىگەن،
دىل قۇشۇم رىشتىڭ بىلەن باغلاپ گادا قىلدىڭ مېنى.
بىر زېھرەك دانىش ئىدىم زەرقەسىرىگە چەككەن نەقىش،
نازلىنىپ ئىدراك، ئەقىل-ھوشتىن جۇدا قىلدىڭ مېنى.
قانچە قۇچسام شان-زەپەر يوقتى قانائەت ئەيلىشىم،
سەن ماتاپ غەپلەتكە بىھوش، بورىيا قىلدىڭ مېنى.
ئەي ئىېزىتقۇ، بولدى بەس، ئەقلىمنى بەرگىن قايتۇرۇپ،
ئىشقى دامىڭغا قىلىپ بەنت بەدگۇناھ قىلدىڭ مېنى.

**مەسئۇد مەرۇپ**

# يەرتەكتىگە يول ئالدى يىلتىز

## غەلبە

ئۇرۇق چاچتى تۇپراققا دېھقان،
ھايات رىسقى ئۈچۈن سالدى ئىز.
كۆككە قاراپ يۈزلەندى مايسا،
يەرتەكتىگە يول ئالدى يىلتىز.

سەھەر تۇرۇپ كەچ ياتتى دېھقان،
كۈچ كۆرسەتتى بار - يوققا تۇرمۇش.
ئاخىر بىر كۈن ئېلىندى خامان،
پۈتتى گويا بىر يىللىق «ئۇرۇش».

ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ دېھقاننىڭ
ئىشكىنى چەككەن بىر مېھمەت.

## غەيۋەت

دۇنيا قارىشى غەلىتە ئۇنىڭ،
چەتتە تۇرار ھەقتىن، ھەغدادىن.
ئاياغ، كۆزى ئايغاقچى، زۇغوي،
قەلبى، ئەركى يىراق خۇدادىن.

ئىستىكىدە رەڭمۇ رەڭ پىتنە،
قىسمىتىدە بىر ساياق كەچمىش.
خىيالىدا نىزا ۋە مەزھەپ،
جۈملىسىدە ئەپسانە مىش - مىش.

## ئەگىز

سەن - پەسلىنىڭ خوش دېگەن سۆزى،
مۇھىت يازغان يېڭى بىر خەۋەر.
سەن ھارارەت ھېدىنى سېزىپ،
زېمىن ئۇزرە ئېقىپ يۈرگەن تەر.

سەن رەڭگىدىن كەتكەن مەنزىرە،
تەقدىرىگە تېز پۈككەن مۆھلەت.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# ئەقىدە تاخشىلىرى

## ئۈرۈمچىنى سېغىنىش

شەھەرسەن بويلىرىڭ ئاۋات، سېنى كۆرگۈم كېلۇر ھەر تاڭ،
قىزىل تاكسى بىلەن يول - يول ئارا يۈرگۈم كېلۇر ھەرتاڭ.
سەھەر دەريادا ئاققاندەك پۈتالغان لاللەر بەرگى،
گۈزەل قىزلارنى رەستەگدە كۆرۈپ كۈلگۈم كېلۇر ھەرتاڭ.
قۇياش قونغان بىنالارغا قاراپ سەھراچە سۆيگۈمدە،
ئېگىز بالكوندا تاشتەككە سىگىپ ئۇنگۇم كېلۇر ھەرتاڭ.

يورۇق يوللاپ سەھەرلەرگە ھامان ئۆچمەس چىراغلارنى
ساناپ، ئۇششاق قۇياش بەھرىن يەنە سۇرگۈم كېلۇر ھەرتالى.
باراي دەيمەن، ئۇزۇن بۇ يول، ئۇمىد بولغاچقا تەسكىن بار،
بارالمايسەن، دېگەنلەرگە قاپاق تۈرگۈم كېلۇر ھەر تالى.

## سەھرا دېگەن...

بار دېسە جەننەتنى گەركىم جەننىتى سەھرا دېگەن،
نى گۈزەل، قايناق شەھەرنىڭ بەركىتى سەھرا دېگەن.
گۈل سېغىنساق گۈل ئېرىقنىڭ بويلىرىدا چايقىلار،
بۇ جاھاننىڭ سەنئىتىدە سەنئىتى سەھرا دېگەن.
ئۈستىڭگە نان چىلايمىز، داستىخاندۇر كەڭ دالا،
يوق تەكەللۇپ، روھىمىزنىڭ لەززىتى سەھرا دېگەن.
باغلىرىدا يوق تارازا، تويمىشنىڭ ئۆلچەم ساڭا،
تىترىگەن باققالغا مەردلىك بەرگۈچى سەھرا دېگەن.
كەل شەھەرلىك دوستلىرىم كەل، ئەمدى سەھرا چۆل ئەمەس،
چۆل دېگەنگە بايلىقىدا زەربىچى سەھرا دېگەن.

## ئەقدە ناخشىسى

كېچە چىققىن بوسۇغاڭغا، سېنى ئويغاق بىلىپ كەلدىم،
يولى جاڭگال يىراقلاردىن ھېرىپ ئۇھ دەپ تىنىپ كەلدىم.
يامان، يۇرتۇڭدا ئادەملەر مېنى قوغلايدۇ كەتسۇن دەپ،
شۇڭا كۈندۈز ئەمەس تۈندە ئارا پىنھان مېڭىپ كەلدىم.
كىچىكلەر بەك قاۋاپ قوغلاپ ئۆيۈڭگە شەپە سالغاندا،
سېنى بار دەپ قېچىش ئارزۇسىدىن دەرھال يېنىپ كەلدىم.
قولۇم قىسقا، ساڭا ئالتۇن ئۈزۈك ئەسلا ئالالمايمەن،
تىكىپ ساتسۇن دېدىم دوپپا، ئاران يىڭنە ئېلىپ كەلدىم.
ئالاتىنىڭ بىز كىچىك چاغدا كۆلۈپ، سۇنسامىمۇ بىر تال گۈل،
شۇنى ئويلاپ بۇ سوۋغامنى يۈرەككە چىڭ تېڭىپ كەلدىم.

### ئانامغا بېغىشلاپ

ئۆتتى كۆپ زاتلار جاھاندىن، سەنچە بىر زات ئۆتمىدى،
بەرمىسەكمۇ مېھرى بەرگەن مېھرى قات-قات ئۆتمىدى.
سۈت كېلەرمىش خۇن-جىگەردىن، سۈت بېرىپ كەلدىڭ ماڭا،
خۇن ساتۇرلەر ئۆچرىتىگە سەن كەبى يات ئۆتمىدى.
جان ئاتامنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن گۈزەللىك، ھۆسنىدىن،
بىر مېنى باقماق ئۈچۈن كەچكەن پەرىزات ئۆتمىدى.
قانچە قەغىش ئەيلىسەم تۈن ئاينى ئاسماندىن تىلەپ،
ياق دېمەي كەلگەن سېنىڭدەك كۆڭلى ئازاد ئۆتمىدى.
رەنجى يوق رەنجىشكىمۇ كەلسەم قۇرۇق قول قاشىڭە،
كەل بالام، دەپ ھەر قاچان كۈتكەن دىلى شاد ئۆتمىدى.

### بىلمىدىم

ئاھ ئەجەب قىلدىڭ ماڭا، كىمنى سۆيەرىڭ بىلمىدىم،
مىڭ ئۇۋال ئەيلەپ ماڭا، كىمگە كۆيەرىڭ بىلمىدىم.
سۆيگۈدىن سۆيگۈ يانار دەپ بەك ئاسان ئويلاپتىمەن،
مەن ئۈچۈن بۇتناپ يۈرۈپ ياتقا كۈلەرىڭ بىلمىدىم.
ئاي بولۇپ باقتىم ساڭا تۈگىلۈكۈڭدىن، باقمىدىڭ،
مەن ئاراباققان يەنە قايسى ھۆكەرىڭ بىلمىدىم.
شۇنچە كەڭ ئالەم ئىچىدىن سەن ياراپ قالغان ماڭا،
مېھرىبان قەلبىمنى خار ئەيلەپ ئۆتەرىڭ بىلمىدىم.
ياقمىدى رايىڭغا بۇ ئاپئاق كۆڭۈلنىڭ راھىتى،
بۇندىن ئارتۇق قۇت بىلەن كۆكلەپ يۈرەرىڭ بىلمىدىم.

ئىبراھىم نىياز

## خىلۋەت ماكان

توختاپ قالدى توك،
كۆيۈپ بولدى يەنە بىر تال شام.

ئاخىرقى بىر شامنى ياندۇرماق بولۇپ
سەرەڭگىنى ئالدىم قولۇمغا،

غەم باسقانچە ئولتۇرار ئاتام.
كۆيۈۋاتقان شام
ئاتامنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ ئەجەب.

بۇ يەردە
ئاتام سۈپەت مويسىپىتلار كۆپ،
ياشايدۇ دۇنيادىن تامام بىخەۋەر
ئىشىنىدۇ چۆچەكلەرگىلا
ئىشەنمەيدۇ تارىخ دېگەنگە،
ئۆزى تارىخ يازغانغا قەدەر...
سۆزلەپ قالساڭ پەلسەپە ياكى
ماتېماتېكا توغرىلىق ئەگەر
سەپسەتىگە ھەيدەپ ھەممىنى
راست قىلماق بولىدۇ رىۋايىتىنى.
ئىسپاتلىماق بولىدۇ تېخى
مۇشۇ خىلۋەت مەھەللىسىنىڭ
ئايرىم دۇنيا ئىكەنلىكىنى.

بۇ يەردە،
جىق ئادەم بار شۇنچە ئاق كۆڭۈل،
تېپىلىدۇ سەندە يوق نەرسە.
بىلىدىغىنى

رىۋايەتتۇر ئۆزى توغرىلىق
سۆزلەپ كېتەر بىر - بىرىدىن تالىشىپ،
ئۆمۈر دەرىخىدىن ياپراق تۆكۈلسە.
خىلۋەتتىكى ئاشۇ ماكاندا،
ياشايدۇ ئاتام ۋە خىيالچان ئانام
ياشايدۇ ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلىرىم،
ئۆزلىرى توقۇغان قوشاقنى ئوقۇپ،
ئاشۇ كىچىك مەھەللىسىنى
كۆڭلىدىكى ۋەتەن دەپ بىلىپ،
ئاپتوبۇس كەلمەيدۇ بۇ يەرگە ئەسلا
ئاسفالت يول كەلمىدى تېخى.
تېخىچە ئۇلارنىڭ قاتناش قورالى،
ئىككى چاقلىق ئېشەك ھارۋىسى.

كۆيۈپ بولدى ئاخىرقى بىر شام
ياشاڭغىراپ، تۇرغان ئانامنىڭ
نۇرسىز ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىدەك...
توك،
تېخىچىلا كېلەي دېمەيدۇ،
تۈگەپمۇ قالدى شامدەك ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرى توغرىلىق رىۋايىتىمۇ،
تۈگەپ قالدى ھەممىلا بىردەك.

**ئىسمائىل سابىر**

# سۆيگۈ تەشنالىقلىرى

**1**

بۇ جاھاندا يار سېنىڭدەك سەۋرى قامەت بارمىدۇر،
بىر كۈلۈپ كۆز تاشلىشى مىڭ جانغا ئاپەت بارمىدۇر.
ئورنىدى ئىشقىڭ يۈرەككە گۈل يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ،
ئايرىلىشقا دەم سېنىڭدىن مەندە تاقەت بارمىدۇر.
خەستە دىل سۆيگۈڭ تىلەپ ئىشق دەشتىدە ئاۋارىدۇر،

يەتكىلى ۋەسلىڭگە مەندەك زار-بىتاقەت بارمىدۇر.
ئاختۇرۇپ كۆرگىن ھاياتىم دەپتىرىنى بىرمۇبىر،
يادلىماي ئۆتكەن سېنى دەقىقە-سائەت بارمىدۇر.
بارچە راھەت بار بېھىشتە، بۇ سۆزۈڭ ئەپسانىدۇر،
ئەھلى ئاشىققا ۋىسالدىن ئۆزگە راھەت بارمىدۇر.
خالىي ئىستەر سەن بىلەن بىللە ئۆتۈشنى بىر ئۆمۈر،
قىسمىتىمدە بىر تەرىقە قۇت-سائادەت بارمىدۇر.

## 2

ئارامى جان، ھۇزۇرى دىل، تېنىمگە كۈچ-مادار، دىلدار،
ئۆزۈڭ بىر تال قىزىلگۈلسەن، سۆزۈڭ كۆڭلۈمگە باھار، دىلدار.
يېقىملىق بىر كۈلۈپ قىلغان مۇھەببەتلىك نىگاھىڭدىن
مېنىڭدە ھوش-ئەقىل تۇرماق كېتەر ئەرك-ئىختىيار، دىلدار.
گۈزەللىكتە جىمى ئالەم سېنىڭدىن ئەندىزە ئالمىش،
بويۇڭ سەرۋى، دىلىڭ-قەلبىڭ گوياكى تۇنجى قار، دىلدار.
ئۈمىد ئۈزمەك قىيىن بەكمۇ، ۋىسال تاپماق بەسى مۇشكۈل،
ئامالسىزمەن بېرىشقا، سەن كېلىشكە بى قارار، دىلدار.
لاۋۇلدايدۇ يۈرەكىمدە بولۇپ گۈلخان ساڭا ئىشقىم،
قۇياش ئۆچكەندىمۇ ئۆچمەي ئەبەدكە ئۇ يانار دىلدار.

## 3

يوق ئەيىب، نۇقسان مېنىڭدە ساڭا كۆيگەندىن بۆلەك،
ھېچ گۇناھ يوق ھەم سېنىڭدە مېنى سۆيگەندىن بۆلەك.
دىل بېغىمدا تۇنجى رەت ئاچقاي چېچەك بىر گۈل ئۆزۈڭ
گۆھىرى ئاققان كۆزۈم گۈل ئىستىسە سەندىن بۆلەك.
لەبلىرىڭ شېرىنلىكىنىڭ ئالدىدا زەمزەم نېمە؟
كۆر ئىچىپ يوق خىسلىتى ھېچ سۇ سۇمۇرگەندىن بۆلەك.
ئېيت ئارامىزدا نېمە ئىش ئۆتتى غەش بولدى كۆڭۈل،
كوچا-كوي ئەل ئالدىدا ھەم بىللە يۈرگەندىن بۆلەك.
ئاشىقلىق دەرماندىن كەتتى بۇگۈن كۆرمەي سېنى،
مەلھەمى بولغاي نېمە يار سېنى كۆرگەندىن بۆلەك.
شۇندىمۇ چىن سۆزنى ئېيت، مەيلى ئازاب بولسۇن ماڭا،
بولسا گەر قەلبىڭ تۆرىدە ئەزىزى مەندىن بۆلەك.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **ماموت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت**

## خاتىرە ۋە ئەسلىمە

ئەخمەت تۇردىيېۋ

# كونا چامدان

(ئەسلىمە)

ئىنسان هايات مۇساپىسىدە كۆپ ئىشلارغا يولۇقۇپ، ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرگە ئىگە بولىدىكەن. مەن ئاز كەم 70 يىللىق ئۆمرۈمدە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم. ياخشى كۈنلەرنىمۇ، يامان كۈنلەرنىمۇ كۆردۈم، نەتىجىمۇ ياراتتىم، نۇرغۇن ياخشى كىشىلەر بىلەن ئەسرامۇ بولدۇم، يامان ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكىگىمۇ ئۇچرىدىم... بۇلارنىڭ كۆپلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما ئادەم ئۆز هاياتىدىكى بەزى ئىشلارنى ئۇنتاي، دەپمۇ ئۇنتالمايدىكەن. بەلكىم بۇنداق ئۇنتۇلماس ئىشلار شۇ ئەينى چاغدا ساڭا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ناۋادا سەن كۆرگەن، قاتناشقان ۋەقە-هادىسىدىن ئۆزۈڭدە بىرەر ماددىي نەرسە ساقلىنىپ قالسا، ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بولىدىكەن. ۋاقت ئۆزارغانچە ئۇ، شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ شاهىدى سۈپىتىدە ئاشۇ ئەينى چاغنى ساڭا ئەسلىتىپ، سېنى هاياجانغا سېلىپ، ياشاش يولىدا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن.

مېنىڭ ئۆيۈمدە ئەتىبارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاددىي پانىركا تاختايدىن ياسالغان، كۆرۈنۈشى قوپال، سىرلاقسىز بىر «چامادان» بار، بۇ، مېنىڭ 50يىلغا يېقىن ئۆمرۈمنىڭ شاهىدى، قىممەتلىك يادىكار بويۇمۇم.

ئۆتكەن يىلى هېيت مۇناسىۋىتى بىلەن هېيتلاپ كىرىشكەن بىر نەچچە ياشلار ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئەتىبارلاپ تىزىپ قويغان ئاشۇ چامادانىنى كۆرۈپ، ئاۋۋال ئۇنى زاڭلىق قىلىشتى، كېيىن بولسا بۇ چامدانىنىڭ تارىخىنى سوراپ تۇرۇۋېلىشتى.

مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، ئۇنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

* *

مەن 1944-يىلى توققۇز تارا ناهىيىسىدىن بىر نەچچە ئون دوستلىرىم بىلەن ئىلىقىدا قوزغالغان قوراللىق قوزغىلاڭ —

مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پارتىزان بولۇپ قاتنىشىپ، توققۇز تارا، غۇلجا شەھىرى، سۇيدۇڭ، (ھازىرقى قورغاس) ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا بىۋاستە قاتناشتىم. بىز سۇيدۇڭ، كورە-لەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سۇيدۇڭدە تۇرۇپ قالدۇق. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بۇ يەردىكى پارتىزان قىسىملىرى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مۇنتىزىم ئارمىيىگە «ئازاد نىشانلىق سۇيدۇڭ 1 - ئاتقۇچىلار پىيادە پولكى» غا ئۆزگەرتىلدۇق. مەن 1 - باتالىيون 1 -روتىغا تەقسىم قىلىندىم. بىزنىڭ باتالىيون كورەگە (كونا جاڭجۈن يامۇلى قورۇسىدا) ئورۇنلاشتى. كورە ئاساسەن تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاچقا، سېپىل ئېچىدىكى ئۆيلەر ئانچە زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمىغانىكەن.

بىز كورەگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قاتتىق ھەربىي ئىنتىزام بىلەن مۇشەققەتلىك ھەربىي مەشىقنى باشلىۋەتتۇق. پارتىزان ۋاقتىمىزدا قورالنى ئىشلىتىشنى بىلسەكلا بولاتتى، مۇنتىزىم قىسىمغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قورال ئىشلىتىش ئاددىي ساۋات بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەربىي ئىنتىزام ۋە تۈزۈم ھەققىدىكى ئۆگىنىش، تۈرلۈك قىيىن توساقلاردىن ئۆتۈش، ئېگىزگە، پەسكە چىقىپ چۈشۈش، نەيزىۋازلىق، قوچاقلاشما جەڭ، ئاكوپ، خەندەك قېزىش، پاناھلىنىش، ھۇجۇم قىلىش، ئۇزۇن يول يۈرۈش، يۈگرەش، ئۆمىلەش قاتارلىق ئىنتايىن جىددىي ۋە مۇشەققەتلىك مەشقلەرنى ئېلىپ باردۇق. بەلگىلەنگەن تەلەپكە يەتمىسەك، مەشىق مەيداندىن قايتمايتتۇق.

ھۆل-يېغىن، بوران-چاپقۇن بولغان كۈنلىرى كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي دالادا تېخىمۇ قاتتىق مەشىق قىلاتتۇق. ھەپتىدە ئىككى قېتىم كېچىسى جىددىي ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، مەشىق قىلاتتۇق، بۇ مەشىق كۆپىنچە كورەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تىكلىخان تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا، جىرا، ئىدىر، ئېگىز-پەس جايلاردا غايىبانە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، سەھەرلىكى ياكى كۈن چىققان مەزگىللەردە كورەگە قايتىپ كېلەتتۇق...

بەزى كۈنلىرى تولىمۇ ئېغىر مەشىقتىن قايتىپ كەلگەندە ياتاقتا يېتىپ، ئەتە ئورنۇمدىن تۇرالارمەنمۇ؟ دېگەن ئەندىشىلەردىمۇ بولاتتۇق. بىراق ھەربىي تۈزۈم مۇتلەق بۇيرۇق بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىسى يەنىلا مەشىققە چىقماي ئىلاجىم يوق ئىدى.

ئادەم قانداق تۇرمۇش شارائىتىدە ياشىسا، شۇ تۇرمۇش شارائىتىغا كۆنۈپمۇ قالىدىكەن. ئادەمدە بىر خىل ئىرادە بولىدىكەن، مەن باشقىلاردىن قالارمەنمۇ؟ خەق يەڭگەن قىيىنچىلىقنى مەنمۇ يېڭەلمەمدىكەنمەن؟! دېگەن پىكىر كاللامدا ھۆكۈمران ئىدى. ھەممىمىز ئاشۇ جاھىللىقمىز بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جاپا ۋە ئاغىرچىلىقلارغا چىدايتتۇق. جاپا-مۇشەققەتكە يولۇقساق بىر-بىرىمىزگە مەدەت بېرىپ، تىرىشىپ-تىرەجەپ بىرلىكتە يېڭەتتۇق، ھەرىكەتتە بىرلىكنى ساقلاتتۇق. ئېغىر مەشىق بەدىنىمىزنى تاۋلاپ، ئىرادىمىزنى

مۇستەھكەملەيتتى...

* *

قىسمىمىز بۇيرۇق بويىچە 1945-يىل
ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا شىمالىي ئۇتتۇرا يۆنىلىش
بويىچە ئالدىنقى ئۇرۇش لىنىيىسى بولغان
شىخوغا قاراپ يولغا چىقتۇق، ھەر بىر
جەڭچى كىيىم-كېچەك، قورال بولۇپ 15
كىلوگىرام يۈك كۆتۈرۈپ كېتىپ بارسىمۇ،
ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، چىرايىدا كۈلكە،
كۆزىدە ئىشەنچ ئۇتى يېنىپ تۇراتتى، بىز
ئۆزىمىزدىن سان جەھەتتە، قورال، تېخنىكا
جەھەتتە نەچچە باراۋەر ئۈستۈن تۇرىدىغان
كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشقا
كېتىۋاتاتتۇق، بۇ ھەممىمىزگە ئېنىق ئىدى،
بىراق جەڭچىلەرنىڭ چىرايلىرىدا ئەندىشە،
ۋەھىمىدىن قىلچىمۇ ئەسەر كۆرۈنمەيتتى.
ھەممىسلا خۇددى بىر توي، ساياھەتكە
كېتىپ بارغاندەك خۇشال-خورام ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق روھىي قىيا-
پەتلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە، بۇ نەدىن
كەلگەن غەيرەت-جاسارەتتۇ؟ قانداق
قۇدرەتلىك كۈچنىڭ تۈرتكىسىدۇ؟ تووۋا بۇ
يىگىتلەر دۈشمەننىمۇ، ئۆلۈمنىمۇ كۆزگە
ئىلماي، ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك ئويۇن
چاقچاق، كۈلكە بىلەن كېتىۋاتىدۇ، بۇ. بىر
تىلسىماتتەك ئەھۋالغۇ!؟ دېگەنلەرنى
ئويلىغانىدىم.

بىز كۈرەدىن ئەتىگەن سائەت ئالتىلەر
بىلەن قوزغىلىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت
بەشلەر بىلەن لوسىگۇڭغا يېتىپ كەلدۇق.
بۇ يەر خېلىلا چوڭ بازىرى بار مەھەللە
ئىكەن، بىز يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە
بىر كونا دەڭگە ئورۇنلاشتۇق، بۇ يەردە
كەم قوراللار تولۇقلاپ بېرىلدى.

بىز لوسىگۇڭغا كېلىپ سەككىزىنچى
كۈنى ئەتىگەن سائەت ئونلار بىلەن
ھەممىمىزنى مەشىق مەيدانىدىن قايتۇرۇپ
كېلىپ، پولك ئىشتابى ئورۇنلاشقان بىر
چوڭ قوروغا يىغدى، شۇ كۈنى لوسىگۇڭدا
سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بىر دەمدىلا
«ئېلىخان تۆرە كەپتۇ» دېگەن خەۋەر
تارقالدى، ھەممىمىز ئېلىخان تۆرىنى
كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇردۇق، ئارىدىن
كۆپ ئۆتمەيلا پېشايۋاندا ئېلىخان تۆرە
باشلىق غۇلجىدىن كەلگەن بىرنەچچە
كىشى ھەم پولكنىڭ رەھبەرلىرى پەيدا
بولدى، بۇ مېنىڭ ئېلىخان تۆرىنى تۇنجى
قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئېلىخان تۆرە قىسقىلا،
ئەمما مەزمۇنلۇق سۆز قىلدى. «...
سىلەر ئالدىنقى سەپ — شىخونى ئازاد
قىلىش جېڭىگە بارىسىلەر، ھازىرقى نىشانىمىز
شىخونى ئازاد قىلىپ، ئالتاي، چۆچەكلەردى-
كى بىزنىڭ پارتىزان قىسىملىرىمىز بىلەن
بىرلىشىش، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى كەڭ
كۆلەمدە ئىسكەنجىگە ئېلىش، سىلەر پۈتۈن
ئۆلكىمىزنى ئازاد قىلىش جېڭىنى قىلىسىلەر،
ھەققانىيەت بىز تەرەپتە، ئاخىرقى غەلىبە
بىزگە مەنسۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ
ئازاد-ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
چېكىنمەي-يانماي باتۇرلارچە جەڭ قىلىشىڭلار-
نى ئۈمىد قىلىمەن، سىلەرگە ئاللا مەدەت
بەرگەي!» بارلىق جەڭچىلەر جاراڭلىق
ئاۋاز بىلەن «ئازادلىق ئۈچۈن جېنىمىز
پىدا!»، «ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز

ئالغان باسمىز! » دەپ شۇئار توۋلاپ جاۋاب قايتۇرۇشتى.

بىزنى لوسگۇك خەلقى ۋە جەگچىلەر-نىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، ئائىلە تاۋاบات، ئەل-ئاغىنىلىرى بولۇپ مىڭغا يېقىن كىشى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ مېڭىشتى، بۇ داغدۇغىلىق ئۇزىتىش مەندە ئاجايىپ بىر تەسىرات قالدۇرغانىدى، بەزى چوڭلار چاقچاق قىلىپ « جەگچى باللار، خاتىرجەم بولۇڭلار، قايتىپ كەلگىنىڭلاردا يۇرتىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلار سىلەرنىڭ، ئۇلار سىلەرنى كۈتىدۇ... » دېيىشسە، بەزىلىرى دۈشمەننى كۆپلەپ يوقىتىشىمىزنى، خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىزنى تىلشەتتى، بەزى تارتىنچاق قىزلار، ياش چوكانلار جەگچىلەرگە دالا گۈللىرىنى ئۈزۈپ كېلىپ مەيدىلىرىگە تاقاپ قويۇشاتتى... ئۇزاتقۇچىلارنىڭ سۆزلىرىدە، چىرايلىرىدا بىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىشىمىزغا ئىشەنگەنلىك، ئۈمىد باغلىغانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مەن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ئۆز كۆڭلۈمدە بۇ ھالەت شۇ ئەينى چاغدىكى مىللىي ئازادلىق كۈرەشنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇرغىغان مىللىي غۇرۇردىنمۇ، ياكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان چەكسىز غەزەپ ئوتىنىڭ لاۋۇلدىشىدىنمۇ ۋە ياكى ئەركىنلىكنىڭ دەسلەپكى ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، ئۆز قەدىر-قىممىتىنى ئەتىۋارلاش پۇرسىتىگە ئېرىشۋاتقانلىقىنىڭ شاراپىتىدىنمۇدۇر، دېگەنلەرنى يول بويى ئويلىغاندىم... بىز كەگسايىغا كەچ سائەت بەشلەردە يېتىپ كەلدۇق، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى، قىسمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، جەگچىلەرنى قارىغايزارلىق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردۇق.

بىز سۈيدۈڭ، كۈرەلەردە ئېلىپ بارغان قاتتىق مەشقىنىڭ پايدىسىنى كۆردۇق، چۈنكى بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىز خۇددى تاغ ئارىلىرىدا ئېلىپ بارغان مەشقلىرىمىزگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇڭا كەگسايىغا كېلىپلا، بىردەمدىن كېيىن ھاردۇقىمىز چىقىپ قالغانىدى، ھەممىسىنىڭ روھى تېتىك، جەگگىۋارلىق قىياپىتىنى ساقلىغان ھالدا مېڭىپ كېلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە پولك بويىچە تەلكە تېغىنىڭ تىك داۋىنىغا قاراپ ماڭدۇق، سائەت ئونلار بىلەن داۋاننىڭ چوققىسىدىكى سىمپۇتۇزا دېگەن يەرگە يېتىپ چىقتۇق. بىز داۋان ئۈستىگە چىقىپلا، خۇددى بۇ چېتى ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك سايرام كۆلىنى كۆردۇق، قىسىم سايرام كۆلى بويىدا بىر ئاز ۋاقىت دەم ئالدۇرۇلدى. سايرام كۆلىنىڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولمايدىكەن، چۈنكى تۇزلۇق-قىرتاق ئىكەن، ئاما خۇددى بىر مۆجىزىدەك، كۆل ياقىسىدا، كۆل سۈيىدىن بىر نەچچە مېتىرلا يىراقتا ئاجايىپ سۈپسۈزۈك تاتلىق سۇلۇق بولاقلار بارىكەن، ھەممىمىز ئاشۇ بۇلاق سۈيى بىلەن نان يەپ، قورساق تويغۇزدۇق، ئاندىن سايرام كۆلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سەنتەي دېگەن يېكەتكە قاراپ كۆلنى ياقىلاپ ماڭدۇق، بۇ سەپىرىمىز ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم جىددىي بولدى، كۆڭۈللىكلىكى سول تەرىپىمىز چەكسىز كەتكەن سۈپسۈزۈك سايرام كۆلى، ئوڭ ۋە ئارقا تەرىپىمىز

يا پېپشل ئۇتلاق، ئۇنىڭ نېرىسى قويۇق قارىغايزارلىق، ئالدى تەرىپىمىز تۈز ھەم چاتاق-توپسىز يول ئىدى. جەڭچىلەر رەتلىك تىزىلغان ھالدا ئەتراپقا قاراپ چىرايلىق مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاچ مېڭىشتى.

بىز سەنتەيدە ئىككى كېچە قونۇپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۈرۈمچى-غۇلجا تاشيولىنى بويلاپ شەرققە قاراپ ماڭدۇق. بىز ئورنىمىزدىن قوزغىلىپ كۆپ ئۆزىمايلا گىياھسىز قاقاس تاغ ئارىسىغا كىرىپ ماڭدۇق، كۈن بارغانچە قىزىپ، ئۇسسۇزلۇق تولىمۇ قىيناشقا باشلىدى. بىر مۇنچە جەڭچىلەر ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپمۇ چۈشتى.

بىز مىڭبىر تەسلىكتە ئاشۇ قاقاسلىق ئىچىدىكى سىتەي دېگەن يەرگە ئاز قالغاندا، قوشۇن بىردىنلا سەپەر يۆنىلىشىنى ئوڭ تەرىپىمىزدە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈچ تاغ — تەلكە تېغى تەرەپكە بۇرىدى. بىز ئەمدى ھەم يولسىز، ھەم ئېگىز-پەس ئېدىرلارنى بېسىپ مېڭىپ، يېرىم كېچە بىلەن قويۇق تاغ ئورمىنى — قارىغاي، ئارچا قاتارلىقلار بىلەن قاپلانغان غولغا كېلىپ توختىدۇق، بۇ يەرنى «چۆل ئېدىر» دەپ ئاتايدىكەن، مانا شۇ تاغ ئىچىدە بىر ئاي دالا ئۈرۈشى، تاغلىق رايونلاردىكى ئۈرۈش مەشقىنى قىلدۇق، بىز كۆرەدىكى مەشىقلەرنى قىيىن دېگەنكەنمىز، بۇ يەردىكى مەشىق ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قىيىن بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇسكوۋدا بىزگە بىر قىسىم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرلىرى كېلىپ قوشۇلغانىدى. ئۇلار ھەربىي-تەلىم-تەربىيىگە مەسئۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ مەشىق تەلىپى بەكمۇ قاتتىق ئىدى.

ئاشۇ تاغ ئارىسىدا بىز چىقمىغان چوققا، چۈشمىگەن ئوي، ياماشمىغان قىيا قالمىغانىدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى، بىر كۈنى كەچقۇرۇن سائەت تۆتلەر بىلەن پولىنىڭ ئىشتابى تەرەپتىن خەۋەرچى كېلىپ، بىزنىڭ باتالىئون ئىشتابىغا كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئون مىنۇت ئۆتمەيلا مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشقان ھەربىي قىسىملار دەرھال قوزغىلىپ، شىمال تەرەپ — ئۈرۈمچى-غۇلجا تاشيولى تەرەپكە جىددىي يۈرۈش قىلدى. يېرىم كېچە بىلەن ئېگىز-پەس ئېدىر، جىرا، يارداڭلىقلارنى بېسىپ، بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق، سەنتەيدە تۇرىدىغان پولىنىڭ ئىشتابىمۇ شۇ يەرگە كېلىپ، ۋاقىتلىق چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشقانىكەن، بىز شۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە ئارام ئالدۇق. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىز ئەتراپىدا تاشيولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى «قۇرۇق تاغ» (بورتالا خەلقى قۇرۇق تېرەك دەپمۇ ئاتايدىكەن) قا قاراپ ماڭدۇق. بۇ تاغدىن ھالقىپ ئۆتسەك، بورتالاغا چۈشىدىكەنمىز، جىك، تاغىياڭزا دېگەن يەرلەردە قېرىنداش قىسىملىرىمىز گومينداڭچىلار بىلەن قانلىق جەڭ ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىز بورتالا ئارقىلىق جىڭنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ، شىخونىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىدىكەنمىز. بىز قۇرۇق تاغقا ياماشقىچە ھاۋا ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كەتتى، ئەتراپ قىپقىزىل كۆيۈك تاغ، يول بويى پاناھلانغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخ، يا بىر تېمىم سۇ يوق. ئىنتايىن قىينالدۇق، ئىلاجسىزلىقتىن جەڭچىلەر سەنتەيدىن چۆل ئېدىرغا كەلگۈچە

ئۇسسۇزلۇقنى بىر ئاز بولسىمۇ بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن بەزى تەجرىبىلىك جەڭچىلەرنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئاغزىغا ئۇرۇقچىدەك قارا تاشنى سېلىپ، ئۇنى ئېغىز ئىچىدە تىلى بىلەن ئۇياق-بۇياق ئايلاندۇرۇشتى. بۇنداق قىلسا ئېغىزنىڭ ئىچى بىر ئاز نەمدىلىپ تۇرىدىكەن، شۇ ئامالار بىلەن ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئونلاردا بورتالاغا كەل-دۇق. راستىنى ئېيتساق بۇ يەرگە ئارانلا يېتىپ كېلەلىگەندۇق. بورتالانىڭ ھاكىملىرىدىن ئىمىن ھاجى، لامجىن (مۇڭغۇل)، قۇسمانىيە (قازاق)، مامۇتخانلار، سوت باشلىقى بالا مەمەت، ساقچى باشلىقى ھاشىمباي قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەر مىللەت خەلقىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم بورتالانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «يۇقىرىقى تاش كۆۋرۈك» دېگەن يەردە مانتا، سامسا، گىردە قاتارلىق ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرۇپتىكەن.

ئادەم ئاچلىققا چىدايدىكەن، ئۇسسۇز-لۇققا چىدىماق تەس ئىكەن، شۇڭا ھېچنېمىگە قارىماي، بورتالا دەريا سۈيىدىن قانغۇچە ئىچتۇق، پولك روتىنى ئاساس قىلىپ بۆرتالا شەھەر ئىچىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىزنىڭ 1-روتا شەھەرنىڭ شەرقىدىكى مەترىمھاجى دېگەن كىشىنىڭ تۈگمىنىنىڭ بوستانلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىز بۇ يەردە بەش كۈن تۇردۇق. ئالتىنچى كۈنى شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. جىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قىزىل تۇز كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كونا كارۋان يولى بىلەن ماڭدۇق. بۇ قېتىمقى سەپەر ئالدىنقى سەپەرلەردىن ئىنتايىن جىددىي-لىكى، بەلگىلەنگەن جايغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش ۋە يول بويى ۋاڭ-چۇڭ قىلماي ئىلاجى بار چاڭ-توزان چىقارماي مېڭىش، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇش ھالىتىنى ساقلاش قاتارلىق پىرىنسىپ ۋە شەرتلىرى بىلەن پەرقلىنەتتى. ئالدىمىزدا ماڭىدىغان رازۋېت قىسىملىرى يەتكۈزگەن خەۋەر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە دەم ئالاتتۇق، تاماق يەيتتۇق. بىز سوتكىسىغا 5-6 سائەتلا دەم ئېلىپ ئۇخلاپ، قالغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدىلا يول يۈرەتتۇق، ۋاقىت ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، پۇتلىرىمىز قاپىرىپ، بەزىلىرىمىزنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنىڭ چەملىرى تېشىلىپ، يول مېڭىشىمىز بارغانچە قىيىنلىشىپ كەتكەندى، ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەلگىلەنگەن جايغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش شەرت ئىدى. ئۆگەنگەن ھەربىي نەزەرىيىمىز بويىچە ئېيتقاندا، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇش ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، جەڭچىلەر بىر-بىرىنى رىغبەتلەندۈ-رۈپ، يۆلەشتۈرۈپ، ئاجىزراقلارنىڭ يۈكىنى قاۋۇلراقلىرى بۆلۈشۈپ كۆتۈرۈۋېلىپ مېڭىشات-تى، شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھېچكىمنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قالغۇسى، دوستلىرى، سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىسى كەلمەيت-تى، پەقەت ھەممە قىيىنچىلىققا چىداپ، ھەسسىلەپ غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، ئالدىنقى سەپ-ئۇرۇش مەيدانىغا بۇرۇنراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. مانا بۇ بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ جاسارىتى،

ئالىيجاناب پەزىلەتى ئىدى. ھەر بىر جەڭچىدە نېمە قىلىش كېرەك، نەگە بارىدۇ، نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، كىم بىلەن جەڭ قىلىدۇ، دېگەن ئۇقۇم ئېنىق، مۇستەھكەم ئاڭلىقلىق ئاساسىغا ئورنىتىلغان پولاتتەك ئىنتىزام بار ئىدى. شۇڭا غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. قىيىنچىلىق ئالدىدا بوشاپ قالمايتتۇق.

سەپىرىمىز تۆتىنچى سوتكىغا ئۆتكەن كۈنى سائەت 11لەر بىلەن چۆچەك ۋىلايىتىگە تەۋە بىر چارۋىچىلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان يايلاققا يېتىپ كەلدۇق. چارۋىچىلار بىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقان ئوخشايدۇ، چۈنكى بىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇلار ماللىرىنى سويۇپ، چوڭ قازانلاردا گۆش ۋە شورپىلارنى پىشۇرۇپ تەييارلاپ قويغانىكەن. قىسمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە روتىلارنى بىرلىك ئاساس قىلغان ھالدا رەتلىك ئولتۇرۇپ، ھوزۇر قىلىپ گۆش يەپ، شورپا ئىچىپ تاماقلاندۇق، بۇ يەردە 3-4 سائەتچە ئارام ئېلىپ توختاپ قالدۇق، ئاشۇ يەردىكى چارۋىچىلار بىزنىڭ قاتتىق قىينالغانلىقىمىزنى، بولۇپمۇ بۇ تاغ يولىدا پىيادە مېڭىشنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىكىنى ھېس قىلىشىپ، قىسىم رەھبەرلىكىگە چارۋىچىلار ئۆزلىرىدە بار بولغان، مىنگىلى بولىدىغان ئۇلاقلىرىنى يىغىپ، بىزنى مىندۈرۈپ، بارىدىغان يەرگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىشقانىكەن، قىسىم رەھبەرلىكى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئاشۇ 3-4 سائەت ئىچىدە ئۇتلاققا قويۇۋەتكەن ئات، كالا، تۆگە قاتارلىق مىنىشكە بولىدىغان ئۇلاقلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كېلىشتى، بىز ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئۇلاقلارنى مىنىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇردۇق.

بۇ ئەھۋال ناھىيىمىزدە بولغان غەلىتە بىر ئىشنى ئېسىمغا سالغانىدى. 1944-يىلىنىڭ باشلىرى ناھىيە بويىچە خەلقنىڭ ئۈستىگە چېرىكلەرگە ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى توشۇيدىغان ئالۋاڭ چۈشكەنىدى، ئۇنى خەلق « سەيسە » دەپ ئاتىشاتتى، بۇ ھەر يىلى ئىككى-ئۈچ قېتىم بولاتتى. ئەمما بۇ ئالۋاڭنىڭ شەپىسى چىقىشى بىلەنلا خەلقلەر ئات-ھارۋىلىرىنى ئېلىپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىشەتتى. ياكى ھارۋىلىرىنى چۇۋۇپ، ئاتلىرىنى سېتىۋېتىپ ئولتۇرىشاتتى، شۇ يىلى مەنمۇ ئائىلىمىزدىكى يالغۇز ئېتىمىزنى مىنىپ، غۇلجا شەھىرىدىكى بىر تۇغقىنىمىزنىڭكىگە قېچىپ كەتكەنىدىم، خەلق ئۇ چاغدا ئەسكەرلەرنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان ئالۋاڭدىن بىزار ئىدى. ھازىر بولسا بۇ چارۋىچىلار قىسمىنىڭ دېگەن يېرىگە يېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆز ئات-ئۇلاقلىرىنى ئەكىلىپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ. بىر پولك ئادەمنى تاماقلاندۇرماق ئاسان ئەمەس، بۇ چارۋىچىلار ئۆزلىكىدىن مال سويۇپ، گۆش، شورپا بىلەن مېھمان قىلىۋاتسا، بۇ ئەھۋال ھەرقانداق ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەمدۇ؟ ھاياجانغا سالمامدۇ؟ بۇنداق ئۆز ئارا قوللاش، ئىناقلىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ ئاساسىي كاپالىتى ئەمەسمۇ؟ خەلق ئۆز ئارمىيىسىنى ھىمايە قىلسا، ئارمىيە ئەلۋەتتە ئۆز خەلقىنى قوغدايدۇ-دە، بۇ ھەممىمىزدە

چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان، بىزنى ئاجايىپ روھلاندۇرۇپ، دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەن-لىكىمىزنى قوزغىغانىدى. چارۋىچىلار يېقىندا بىر تۈركۈم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ، بىر توپ ئات، كالا، قويلارنى زورلۇق بىلەن بۇلاپ ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئۇنى ئاز دەپ بىر ئۈچۈم باندىتلارمۇ بىر مۇنچە ماللارنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلار ئۈستىدىن زارلاپ بېرىشتى.

بىز بۇ يەردىن قوزغىلىپ بىر يېرىم سوتكىدىن ئۇششۇق يول يۈرگەندىن كېيىن شىخۇ-چۆچەك يولىدىكى «سارجاقا» دېگەن يەر بىلەن «قارا پوچۇق» دېگەن يەرنىڭ ئارىلىقىدىكى شىخو-چۆچەك يولىغا چىقتۇق. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى بىزنى ئاشۇ «سارجاقا» دېگەن يەرگە كەلگەندە بايقاپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ بىز چەپىيەزە دېگەن يەرگە 10-15 كىلومېتىر قالغۇچە يېقىنلاپ بېرىۋېلىپ، ئاندىن چارۋىچىلارنىڭ ئۇلاقلىرىنى قايتۇرۇۋەتتۇق، ئۆزىمىز بولسا جەڭ مەيدانىغا كىردۇق.

* *

ئۇرۇش ھەربىي قوللانمىلاردا يېزىلغىنىدەك، گازارمىلاردا مەشىق قىلغىنىدەك قائىدە-يوسۇن بويىچىلا بولۇۋەرمەيدىكەن. ئۇ يەر قارىغا ئېتىش مەشىق مەيدانى ئەمەس، سەن دۈشمەننى بايقىساڭ، دۈشمەنمۇ سېنى پايلايدۇ-دە. چۈنكى ئۇرۇش ئادەم بالىسىنىڭ بارلىق ئەخلاق-پەزىلەت، رەھىم-شەپقەت، مېھر-مۇھەببەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەسەبىيلەشكەن ھالەتتىكى ۋەھشىيلىكىنىڭ پارتلىشى، جەڭ مەيدانىدا پەقەت قاباھەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. شۇڭا ھەر بىر جەڭچى جەڭ مەيدانىدا ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن ئۆزىنى قوغدىشى، دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئەپچىللىك بىلەن مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشى، ئۆز ھەرىكىتىنى جەڭ مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بويىچە ئىلاجى بار ئۆز قىسمىنىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا غەلىبىلىك جەڭ قىلالايدۇ. جەڭدە كوماندىرنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، چۈنكى جەڭ ئۈستىدە كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى شەرتسىز ئىجرا قىلىنىدىغان قانۇن. ھېچكىم ئۇنىڭغا نارازىلىق قىلىشقا، خىلابلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر جەڭدە كوماندىر سەۋەنلىك، يېڭىلىك قىلسا، ئۇ ئاشۇ ئۆز قىسمى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ زىيان، ھەتتا تالاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى يېزىپ ئولتۇرۇشۇمدىكى سەۋەب، بىز چەپىيەزە جېڭىگە كىرىش بىلەنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتۇق. بۇ ھەربىي ئىنتىزام-جەڭ قىلىش تەرتىپىگە خىلاپ ئىدى، بىراق ئەمەلىي جەڭ مەيدانى، شارائىت ئاشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولغانىدى. چۈنكى، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر شارائىتى بىزگە ناتونۇش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كېچە سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ھۇجۇمغا ئاتلاندۇق، يەنە كېلىپ بىز تۈزلەڭ تەرەپتىن دۈشمەننى قورشاپ ماڭدۇق، شىمال تەرەپتە چۆچەك پارتىزانلىرى — ئابلاخان پولكى (گومىنداڭ قىسمىدىن

ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىللىي ئىنقىلاب تەرەپكە
ئۆتكەن قىسىم) قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانـ
كەن. ئۆز قىسىمىزنىڭ نەدىن-نەگە
مېڭىشىنى ئېنىق بىلەلمەي، ئۆز ئالدىمىزغا
ھەرىكەت قىلغانىدۇق، شۇنداق قىلماي
ئىلاجىمۇ يوق ئىدى، ھەر ھالدا تاڭ
يورىغىچە بىز دۈشمەننى غەربىي، شىمالىي
تەرەپتىن قورشاپ، ئىسكەنجىنى تارايتقانـ
دۇق، تاڭ يورىغاندىن كېيىن قىسىمدىكى
يۇقىرىقىدەك چېچىلاڭغۇلۇق بىر قەدەر
تۈزەلدى، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ جەڭچىـ
لىرى ئامال قىلىپ ئۆز قىسىملىرىغا قايتىپ
بېرىۋېلىشتى. چەپ يېزا ئەسلىدە كىچىك
بىر يېزا بازىرى بولسىمۇ، ئەمما ئىستراتېگـ
يە جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىدى.
شۇڭا گومىنداڭ ئارمىيىسى بۇ يەرگە
مۇستەھكەم مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى
قۇرۇپ، بۇ يەرنى چۆچەك-شىخو يولىدىكى
ئىشەنچلىك مۇداپىئە قورغانى قىلىپ، بىر
ئاتلىق پولكنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن.

بىز مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى بارغانچە
تارايتىپ، دۈشمەن بىلەن ئارىلىقنى
100-150 مېتىرغا قەدەر قالدۇرغانىدۇق.
ئەمما دۈشمەن ئىستىھكامىدىن بۆسۈپ
ئۆتكۈدەك بىرەر يوچۇق، بىرەر قولاي جاي
تاپالماي، تىت-تىت بولۇۋاتاتتۇق.

روتىمىزنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى
ئارتۇقۇۋ تاقەت قىلالمىدىمۇ، مېنىڭ ئىزۋۇۋ-
تىمدىكى ھۆسەيىن باشلىغان 1-بەننى
ئۇدۇلدىكى دۈشمەن پوتىيىنى ھۇجۇم قىلىپ
ئېلىشنى بۇيرۇق قىلدى. كوماندىرنىڭ
بۇيرۇقى ھەرقانداق شارائىتتا دەخلىسىز
ئىدى. ئەمما پوتەي بىلەن بىزنىڭ
ئارىلىقىمىزدا پاناھلانغۇدەك بىرەر تۈپ
گىياھ، ياكى ئۆي-دۆڭ يوق ئىدى، پەقەت
دۈشمەن ئوقىغا مەيدىنى كېرىپ قارشى
يۈگۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى،
ھۆسەيىن ماڭا بىر قاراپ قويدى-دە، ئۆز
بەندىكى جەڭچىلەرگە «ئۇدۇلىمىزدىكى
دۈشمەن پوتىيىنى ئېلىشقا مەن بىلەن
ئالغا!» دەپ كوماندا بەردى. يەر
بېغىرلاپ 11 جەڭچى ئالغا ئىنتىلدى.
ئەمما ئارىدىن مىنۇت ئۆتمەيلا بەش
جەڭچى قۇربان بولدى، باشقىلارمۇ ئالغا
ئىلگىرىيەلمىدى، ئارتۇقۇۋ ئۆزىنىڭ خاتا
بۇيرۇق قىلغانلىقىنى سېزىپ قالدىمۇ ياكى
بىھۇدە قۇربان بولغان بەش نەپەر جەڭچى
ئۈچۈن ئېچىنغانلىقىدىنمۇ بىلمىدىم، گەدە-
نىگىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە ماڭا قانداق
قىلىمىز؟ دېگەندەك قىلىپ قارىدى، مەن
ئۇنىڭ بۇ مەنىلىك قارىشىنى چۈشىنىپ،
ھۆسەيىنگە «دەرھال چېكىنىپ ئۆز
ئورۇنلىرىڭلارغا قايتىڭلار!» دەپ بۇيرۇدۇم
ۋە ئىزۋۇتتىكى بارلىق جەڭچىنى دۈشمەن
پوتىيى ۋە ئەتراپتىكى ئوت توچكىلىرىنى
قاتتىق ئوققا تۇتۇپ، ھۆسەيىنلەرنىڭ
چېكىنىۋېلىشىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرۇدۇم،
ئاخىرىدا ئارتۇقۇۋقا پولك ئىشتابى قارىمىقىدىـ
كى زەمبىرەك، مىناميوت قاتارلىق ئېغىر قوراللار
بىلەن دۈشمەن ئىستىھكامىنى نۇقتىلىق
بومباردىمان قىلىشنى پولك ئىشتابىدىن تەلەپ
قىلىشنى سورىدىم، ھۆسەيىنلەر ئالتە
جەڭچى بىرلىكتە تەستە ئۆز ئورنىغا
چېكىنىۋالدى، بەش نەپەر جەڭچىمىزنىڭ
جەسىتى بىرنەچچە مېتىرلا ئالدىمىزدا
ياتاتتى. ئارتۇقۇۋ مېنىڭ پىكرىمنى ماقۇل

كۆردىمۇ، ياكى خاتا بۇيرۇق قىلىپ بەش نەپەر جەڭچىنىڭ قۇربان بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقىدىن خىجىل بولدىمۇ، گەپ قىلمايلا ئارقىمىزدىكى سۆكسۆك ئارىسىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى. ئارىدىن 20 مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن، بىز تەلەپ قىلغان ئېغىر قوراللار ئۇدۇلىمىزدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى قاتتىق ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى، دۈشمەنلەر ئىستىھكاملىرى ئارىلىقىدا پاتپاراق بولۇشقا باشلىدى، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ تۆزلەڭ-لىك، تىكەنلىك سىم توساق ۋە چوڭقۇر خەندەكلەردىن ئۆتتۇۋالدۇق. بىز ئاساسىي توساقتىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، بىر-بىردىن دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى ئىگىلىدۇق. دۈشمەن ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆپلىگەن جەسەت ۋە قوراللىرىنى چەپبەي-زە دەرياسىغا تاشلاپ شىخوغا قېچىپ كېتىشتى.

بىز چەپبەيزىنى شۇ كۈنى كەچ سائەت تۆت ئەتراپىدا تولۇق ئىگىلىدۇق. بىز تەرەپتىن 13 جەڭچى قۇربان بولدى، بۇ سەپداشلىرىمىزنى شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇق. نامىزنى پولك ئىمامى ئابدۇرېھىم يۈسۈپ چۈشۈردى، شۇ ئارىلىقتا ھاۋا تۇتۇلۇپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. پولك ئىشتابى چەپبەيزە بازىرى ئىچىدىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى، قالغان قىسىملار دەريا بويىدىكى چاتقال ئارىلاش قويۇق ئورمان ئىچىگە ئورۇنلاشتۇق. يامغۇر تاڭ ئاتقۇچە ياغدى، ئۈستىمىزدىكى كىيىملەر ھۆل بولۇپ كەتكەندى، ئۆزىمىز مۇزلاپ دۈگدەرەپلا قالغاندۇق، چۈنكى كېچىسى ئوت يېقىش چەكلەنگەنىدى، يامغۇرنىڭ شۇنچە ياققىنىغا قاراپ كۆڭلۈمدە، قۇربان بولغان 13 سەپدىشىمىز ئۈچۈن تەبىئەتمۇ بىر كېچە يىغلىدى-ھە! دېگەننى ئويلى-غانىدىم.

ئەتىگەن سائەت يەتتە بىلەن پولك بويىچە بىر تۆزلەڭلىككە يىغىلدۇق. پولك كوماندىرى مۇگۇتنوۋ سەپ ئالدىغا چىقىپ، چەپبەيزە ئۇرۇشىدىن قىسقىچە خۇلاسە چىقاردى، ئاندىن ھەر قايسى روتىلار بويىچە بۆلۈنۈپ، ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىپ قايناقسۇ بىلەن قۇرۇق نان يەپ، سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا شىخوغا قاراپ ماڭدۇق، دۈشمەن ئايروپىلانى ئارقا-ئارقى-دىن كېلىپ بومبا تاشلاپ، قىسمىنىڭ يۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلدى، ئەمما زىيان يەتكۈزەلمىدى، شىخوغا ئاز قالغاندا دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ بىرىگە ئوق تەگدى، (بىز دۈشمەن ئايروپىلانى كېلىشى بىلەنلا تارقاقلىشىپ، قولىمىزدىكى بار قورال بىلەن ئايروپىلانغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتۇق، شۇڭا ئۇ ئايروپىلان پەسلەپ نىشاننى ئېنىقلىيالماي، ئېلىپ كەلگەن بومبىسىنى قارا قويۇق تاشلاپ كېتىپ قالاتتى) ئۇ ئايروپىلانغا تەگكەن ئوق جەڭچىلەرنىڭ ئاتقان ئوقى ئىدى. ئايروپىلان ھاۋادا كەينىدىن قاپقارا قويۇق ئىس چىقارغىنىچە شىخو تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇقساق، مايتاغ يولى بويىغا چۈشۈپ پارتلاپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن ئايروپىلانى كەلمىدى.

بىز ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 11لەر بىلەن كونا شىخو دېگەن جايغا يېتىپ

كەلدۇق، بۇ يەردە ئۇستىمىزدىكى قورالدىن
باشقا ئېغىر - يېنىك يۈكلىرىمىزنى خوجىلۇق
بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ، شىخوغا ھۇجۇمغا
تەييارلاندۇق. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن
ئېخى سۈيى تارتىلمىغان شال ئېتىزلىرىنى
كېچىپ ماڭدۇق، ئۇ يەردە شاللىق كۆپ،
يەرلىرى زەيكەش ئىكەن، پىلان بويىچە
سائەت تۆتتە شىخوغا يېتىپ بېرىپ
ئورۇنلىشىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىز
كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يولدىن ئېزىپ، ئاشۇ
شاللىق ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەي تاڭ
ئېتىپ كەتتى، بىز تاڭ ئاتقاندىن كېيىن
يولىمىزنى تېپىپ، سائەت ئونلار بىلەن
شىخونىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى
قارىياغاچلىققا (بىر چېتى شەھەرگە
تۇتىشىدىغان، ئارىلىرىغا ئاز تولا زىرائەت
تېرىلىدىغان ئورمانلىق) ئۇلاشتۇق.

ھەر قايسى قىسىم بەلگىلەنگەن
نىشان بويىچە شىددەت بىلەن ھۇجۇم
قىلىپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا قىستاپ
بېرىپ، قارىياغاچلىقنى سائەت ئىككى
ئەتراپىدا ئىشغال قىلغاندۇق. ئەمما كۆپ
ئۆتمەيلا شىخو شەھىرى تەرەپتىن ئىككى
تانكا ۋە ئۇنى دالدا قىلىپ كېلىۋاتقان
1000دەك ئەسكەر قايتارما ھۇجۇم قىلىپ
بىز تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى،
بۇرۇن تانكا كۆرۈپ باقمىغان جەڭچىلەرگە
بۇ تاساددىپىلىق تۇيۇلۇپ، كەينىمىزگە
200 مېترچە چېكىندۇق. شۇ ئارىلىقتا
دۈشمەننىڭ ئىككى تانكىسىنىڭ بىرى
زەخىملىنىپ توختاپ قالدى. (ئەسلىدە
3-روتىنىڭ ئىززۆۋت كوماندىرى غوجا
ھوشۇرۇۋ جەڭچى ئابدىراخماننىڭ قولىدىكى
تانكا ئاتار قورالى «پېتر» نى يولۇپ
ئېلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن تانكىسىغا قارىتىپ
ئارقا-ئارقىدىن ئىككى پاي ئېتىپ ئېغىر
زەخىملەندۇرگەنىدى.) يەنە بىر تانكا
ئەھۋالنىڭ ناچارلىقىنى بايقاپ، زەخىملەن-
گەن تانكىنى سۆرەپ شىخو بازىرى ئىچىگە
چېكىنىپ كەتتى، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن
دۈشمەن قىسمىمۇ قارىياغاچلىقنى تاشلاپ
چېكىندى. كەچ سائەت بەشلەر بىلەن
قارىياغاچلىقنى تولۇق ئىشغال قىلدۇق.
ئەتىسى ئەتىگەندە شىخو شەھەر بازىرى-
نىڭ شىمال تەرىپىدىكى قارا دۆڭ مەھەل-
لىسىنى ئىگىلىدۇق. قارىياغاچلىق، قارا دۆڭ
مەھەللىلىرى ۋاقىتلىق سىرتقى مۇداپىئە
توساقلىرىدىنلا ئىبارەت ئىكەن، ئەسلى
مۇداپىئە بىز ئىگىلىگەن قارا دۆڭ مەھەل-
لىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بۇتخانا،
ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۆگمەن ئەتراپى
ۋە غەرب تەرىپىدىكى تۆگمەن ۋە بىر
نەچچە چوڭ-كىچىك مۇستەھكەم پوتەي
ھەم ئۇلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ
تۇرغان ئۆمۈچۈك توردەك ئاكوپ يوللىرى،
مەخپىي ئوت توچكىلىرى بىلەن قاپلانغانە-
كەن. بۇ تەرەپتىن شىخو بازىرىغا كىرىش
ئۈچۈن كەڭ كەتكەن تۈزلەڭ سازلىقدىن
ئۆتۈش كېرەك ئىكەن، بۇ، دۈشمەن ئۈچۈن
ئېخمۇ پايدىلىق شارائىت، يارىتىپ بېر-
دىكەن. قىسقىسى شىخو ھەقىقەتەنمۇ
ئىنتايىن مۇستەھكەم مۇداپىئە تورى
شەكىللەندۈرگەن، مۇستەھكەم مۇداپىئە
ئەسلىھەلىرىنى قۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە
گومىنداڭنىڭ ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كەلگەن
تاللانغان قوشۇنلىرى بىلەن قوغدىلىۋاتقان

ئاساسي ھەربىي بازا ئىكەن. كېيىن
ئۇقۇشمىزچە، دۈشمەن بىزنى غەرب
تەرەپتىن كېلىپ، جىڭ ناھىيىسى تەرەپتىن
ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ، ئاساسلىق مۇدا-
پىئەلىنىيىسى بىلەن مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى
غەرب تەرەپكە قۇرغانىكەن، كېيىن بىزنىڭ
شىمال تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇقۇپ،
بىر قىسىم ئاساسلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى-
نى بۇ تەرەپكە (شىمال تەرەپكە)
يۆتكەپتىكەن، بىز ئاساسلىق كۈچنى
بۇتخانىغا قارىتىپ نەچچە قېتىم ھۇجۇم
قىلغان بولساقمۇ، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئوت
كۈچى ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى بۆسۈپ
ئۆتەلمىدۇق، ھەتتا دۈشمەن مۇداپىئەلى-
رىگە تۈزلەڭ سالسىلىقتىن ئۆتۈپ يېقىنلىشالمى-
دۇق. نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىز ئاشۇ بۇتخانا
ۋە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پوتەي،
ئاكوپلاردىن ئېتىلغان گىرەلەشكەن ئوق
ئاستىدىن ئۆتەلمەي قۇربان بولدى،
كۆپلىگەن سەپداشلىرىمىزدىن ئەنە شۇ
يەردە ئايرىلىپ قالدۇق، ئۇلارنىڭ جەسەت-
لىرى سالسىلىقتا قالدى. بىراق، بۇ پاجىئەلىك
يوقىتىشلار جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتىنى
سۇندۇرالمىدى، ھەتتا سېستىرا قىزلارمۇ
يارىدارلارنى ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي
يارىدار جەڭچىلەرنىڭ يارىسىنى تېڭىپ،
ئەپلىك يەرلەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، بىز
بىلەن بىللە ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. مانا
مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە غۇلجىدىن
كەلگەن بىزنىڭ ئىككى بومباردىمانچى
ئايروپىلانىمىز شىخو سېپىلى دەرۋازىسىنىڭ
ئالدىغا ۋە ئاشلىق، ئوق-دورا ئىسكىلاتى،
بىر قىسىم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا بىرنەچ-
چە ئېغىر بومبا تاشلاپ، شىخو بازىرىنىڭ
ئۈستىدىن ئايلىنىپ ئۇچۇپ قايتىپ كەتتى.
(بۇ شىخوغا ھۇجۇم قىلغاننىڭ 4-كۈنى
چۈشتىن بۇرۇن بولغانىدى) بۇ ئەھۋال
دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىپ، بىزگە روھىي
جەھەتتە زور ئىلھام بەردى. بىز ئاشۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۈشمەننىڭ ئىستىھ-
كاملىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى غەلىبىنى
قولغا كەلتۈردۇق.

شىخو ئۇرۇشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى
ھەققىدە ئۆتكەندە بىر نەچچە ئەسلىمە
يازدىم. بۇ ھەقتە تەكرار سۆزلەپ
ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمىدىم.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى
ئىچىدە شىخو ئۇرۇشى زامانىۋىلىقى، كۆلەم
جەھەتتە زورلىقى، مۇنتىزىم قارىمۇ قارشى
ئىككى ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىپ
بېرىلغان جەڭ بولۇشى، ھەر ئىككى
تەرەپتىن ئۆلۈم-يېتىم ۋە چىقىمىنىڭ كۆپ
بولغانلىقى بىلەن باشقا ئۇرۇشلاردىن
ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. دۈشمەن قورال-
ياراق، تېخنىكا، سان جەھەتتە بىزدىن
زور دەرىجىدە ئۈستۈن ئىدى، بىزنىڭ
قوشۇنىمىز بولسا، روھىي جەھەتتىكى
ئۈستۈنلۈكى، نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىقى-
نى ئېنىق ۋە ئاڭلىق چۈشىنىدىغانلىقى
بىلەن دۈشمەن قوشۇنىدىن ئۈستۈن ئىدى،
بۇ ئەھۋال بىزنىڭ غەلىبە ئىشەنچىمىزنى
ئاشۇراتتى.

شىخودىكى شىددەتلىك جەڭ 4-سوتكى-
غا يۈزلەنگەندە، دۈشمەننىڭ بىر قىسىم
يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرى
500 دەك مۇھاپىزەتچى ئەسكىرىنى باشلاپ

ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەتتى. قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى تەسلىم بولدى. بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىنتايىن كۆپ چىقىم بولدى. بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ شىخوغا توپلانغان خىللانغان قىسمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يوقىتىلدى. بىزدىنمۇ ئۆلگەنلەر ئاز بولمىدى. بىزنىڭ 1-روتىنىڭ 150 ئادىمىدىن 70 ئادىمى قالغان ئىدى، 3-روتىنىڭ دەسلەپكى ئادەم سانى 153 نەپەر ئىدى، شىخو ئۇرۇشىدىن كېيىن 38 نەپەر ئادىمى قالدى.

بۇ ئۇرۇشتا شۇنچە كۆپ جەڭچىلەردىن، ئاجايىپ جەسۇر، ئاق كۆڭۈل يىگىتلەردىن، ئاجايىپ خۇش چاقچاق دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم ئىنتايىن پاراكەندە ئىدى، كۆڭلۈمدە بىرەرمۇ خۇشاللىق ياكى كۈلكىدىن ئەسەر يوق ئىدى، پەقەت ئاچچىق ھەسرەت بىلەن ئاشۇ قۇربان بولغان دوستلىرىم، سەپداشلىرىمنىڭ قىساسىلا بار ئىدى، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشنىلا خالايتتىم، ئاشۇ چاغدا قەلبىمدە قالغان ھەسرەت دېغى ھازىرغىچە مېنى ئازابلايدۇ، ئويلىسامىلا ئۆپكەم ئۆرلەپ، كۆزۈمدىن ياش ئەگىدۇ...

* *

شىخو ئۇرۇشى تۈگەش بىلەنلا مەن ئۆزۈم بار روتىغا ۋاقىتلىق روتا كوماندىرى قىلىپ بەلگىلەندىم ۋە روتىنى باشلاپ، شىخونىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى (مايتاغ يولى بويىدىكى) ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان خارابە ئايرودرومنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ماڭدىم. جەڭچىلەر يېرىم ۋەيران بولغان بىر زالنى تۈزەشتۈرۈپ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى، روتا شتابى ئانچە بۇزۇلۇپ كەتمىگەن پوتەي ئىچىگە ئورۇنلاشتى، جەڭچىلەر پوتەي ئىچىنى بىردەمدىلا پاكىز سۈپۈرۈپ، بىر چەتكە خېلى ئەپچىللا بىر كارىۋات قۇرۇپ بەردى. گەرچە دۈشمەن تار-مار بولۇپ، ئۇزۇل-كېسىل يېڭىلگەن، شىخو ئەتراپىدا قايتا ھۇجۇم قوزغاش ئېھتىمالى قالمىغان بولسىمۇ، ھەربىي تۈزۈم بويىچە يەنىلا ھوشيارلىقنى ساقلاش، ھەرقانداق چاغدا دۈشمەن قايتارما ھۇجۇم قىلىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن دەپ قاراپ، بىردەممۇ بىخۇتلۇق قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا، ئايرودروم ئەتراپىغا پوستلارنى كۆپەيتىپ قويۇپ، ئۇنى دىجورنى كوماندىر ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ياتاقتىكىلەر ھوشيار تۇرۇشى لازىم ئىدى، ئۇ يەرگە بېرىش بىلەنلا جەڭچىلەر ياتىدىغان ئۆيلەرنى تەييارلىغىچە، مەن پوست قويىدىغان مۇھىم ئورۇنلارنى بەلگىلەپ چىقتىم. بىر قۇر جايلىشىپ ئالدۇق، ئەمما ھەممىزنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ھېچكىمگە كۈلكە، چاقچاق خۇشياقمايتتى، چۈنكى سەپەردە ھەمراھ، مۇشەققەتتە ھەمدەم، جەڭدە سەپداش جەڭچىلىرىمىزنىڭ كۆپىدىن ئايرىلىپ قالغاندۇق. مەن ئاشۇ سەۋەبتىنمىكىن، تولىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەندىم، يوقىلاڭ ئىشلارغىمۇ تېرىكىپ بوغۇلۇپ كېتەتتىم. مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى ئۆز روتامدىكى جەڭچىلىرىم ياخشى چۈشەنگەچكە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆزىلا

جاي-جايدا ئورۇنداپ قويۇپ، ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا دوكلات قىلىپ قوياتتى. جەڭچىلەرنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ، مېنى ئاياۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈمدە ئۇقۇپ تۇراتتىم، مەن جەڭچىلەرنى ئايىغىنىم، ياخشى كۆرگىنىمدەك، ئۇلارمۇ مېنى شۇنداق كۆرەتتى. چۈنكى، مەن جەڭچىلەر بىلەن باشتىنلا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا كوماندىر، پرىنسىپتا قاتتىق، بوش چاغلاردا دوست-ئاغىنە بولۇپ، ئويۇن-چاقچاق بىلەن ئۆتەتتىم. قىسقىسى، ۋەزىپە ئۆتەشتە كوماندىر جەڭچى، جەڭدە سەپداش، مۇشەققەتتە دوست، تۇغقان ئىدۇق.

بۇ يەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقىلى بىر ھەپتىگە يېقىن بولۇپ قالغانىدى، مەن ئۆز ئادىتىم بويىچە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۆز ئورنىمدا ئوڭدا يېتىپ، يەنە ئاشۇ قۇربان بولغان سەپداشلىرىمنى ئويلاۋاتاتتىم، بىرى ئىشىك سىرتىدىن ئىچكىرى كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، مەن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپ، ئورنىمدا ئولتۇردۇم. روتا خوجىلىق بۆلۈمىدىكى خۇش چاقچاق مەخمۇت دېگەن ۋاكىپېتىر (خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى خادىم) قولىدا بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىشقا كىرگەنلىكىنى سورىغىچە ئۇ ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تىك تۇرۇپ:

— مۆھتىرەم روتا كوماندىرى! روتىمىزدىكى جەڭچىلەر ئىچىدە ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى بارلار بۇ يەردىكى چېچىلىپ ياتقان پارچە تاختايلار ئىچىدىن تاللاپ سىزگە ئاتاپ بۇ چامادانىنى ياسىغانىدى، شىخو ئۇرۇشىنىڭ خاتىرىسى، جەڭچىلىرىڭىزنىڭ يالدامىسى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن بۇنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمىز، دەپ سىزگە سوۋغا قىلدى. قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن! — دېدى-دە، ئارقىغا چەبدەسلىك بىلەن بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. مەن جەڭچىلىرىمنىڭ بۇ غەمخورلۇقى، مېھرىبانلىقىغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، بوغۇزۇمغا خۇددى بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدىم...

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ چامادان مەن بىلەن ماناس دەرياسى بويىدا مۇداپىئەدە قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا بانىدىت تازىلاش جەڭلىرىدە سۇيدۇڭ، غۇلجا، بۆرتالا ئىچكى مۇداپىئە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا كۆپ يىل بىرگە بولدى، بۇ چامادانى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ئاشۇ بىر تارىخىي جەريان، ئاشۇ جەسۇر جەڭچىلەر، ئوتتەك قىزغىن جەڭ مەيدانلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرى، چاقچاقلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن، ھازىر ھايات بارلىرىنى ئەسلەيمەن، بەزىلىرىگە خەت يازىمەن. قىسقىسى، بۇ چامادان ئاشۇ بىر تارىخىي جەرياننىڭ جانلىق شاھىدى، شۇڭا بۇ چامادانىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايمەن...

مۇشۇ چامادانىنى ياسىغان ماخمۇت ۋە ھېلىقى ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى بار جەڭچىلەر ھازىر نەدىدۇ؟ سالامەت بارمىدۇ؟ بىلمەيمەن. لېكىن شۇلارنى بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

## ماقالىلەر

مجىت ناسىر

# دادىل ئىزدىنىپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى

يولداشلار!

ئالدى بىلەن سىلەرگە قىزغىن سالام يوللايمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، سىلەردىن سەممىي ھال سورايمەن.

بۈگۈن سىلەر 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىۋاتىسىلەر. مەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە پائالىيىتى يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە يەتتە قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلدى، ژۇرنال باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلۇپ، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، شۇنداقلا بۇ پائالىيەت داۋامىدا كۆپلىگەن ئىقتىدارلىق ئاپتورلار ۋە مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەر مۇكاپاتلاندى، ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا بىر تۈركۈم قابىل ياش كۈچلەر قېتىلىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلار سېپى كۈچەيتىلدى. بۇ پائالىيەتلەر ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ژۇرناللارنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش نىشانى ئاستىدا بارغانسېرى ياخشى ئېلىپ بېرىلىپ، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىپ، تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ۋە تەسىر پەيدا قىلدى. بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، بۇ پائالىيەت ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجادىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئۈچ چوڭ ئىش» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «بەش بىر قۇرۇلۇش» نى چىڭ تۇتۇش جەھەتتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە

ئىگە ئىلكىنى كۆرسەتتى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىزنىڭ ئاساسىي نىشانىمىز. مانا مۇشۇ ئاساسىي نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مانا مۇشۇ ئۇلۇغۋار يۈنىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك. شۇڭا بىز تىرىشىپ ئىزدىنىپ، دەۋرگە لايىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى بەرپا قىلىشىمىز ۋە گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۈنىلىشى ۋە «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە ھەقىقىي كېپىللىك قىلماقتا. ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكى، ئەمەلىيەتتە، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۈنىلىشى ۋە «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر. ئاساسىي مۇقام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە ياخشى بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ خىلمۇ خىل، جانلىق ۋە كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بىز ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىش، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى، تېما، شەكىلنىڭ رەڭدار بولۇشى ۋە تۈرلۈك ئۇسلۇب، ئېقىملارنىڭ ئەركىن بەسلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ساغلاملاشتۇرۇش، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئاساسەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمدە كۆرۈلىدۇ.

ئەنئەنىگە ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مىللىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم.

ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش، ساغلام، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئارقىلىق يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى روھىنى يارىتىش ئەدەبىياتچىلارنىڭ باش تارتقىلى بولمايدىغان تارىخىي مەسئۇلىيىتى. ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يولداش جياڭ زېمىننىڭ رومان، كىنو-تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى ۋە باللار ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش

توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ئەمەلىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مەركەزنىڭ بۇ «ئۈچ چوڭ ئىش» نى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇتۇش ئارقىلىق باشقا ئەدەبىيات-سەنئەت ژانىرلىرىنىڭمۇ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، ئەدىبلەردىن جەمئىيەتكە، ئەۋلادلارغا، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنى تۇتۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۈچ چوڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنىڭ ئەمەلىيلىشىش دەرىجىسى مىللەتنىڭ بىر دەۋر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى تۇتۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش دەۋرنىڭ چاقىرىقى، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى. بىز پۇرسەتنى قولدىن بەرسەك، دەۋرگە مۇناسىپ، خەلققە ئېھتىياجلىق ئەسەرلەرنى يارىتالمىساق، پارتىيە، خەلق ۋە تارىخ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمىز.

دەۋر روھىغا ئىگە، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەر كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە بولىدۇ، خەلقمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەسەرلەرلا ئېسىل ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئېسىل ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە رولى ئادەتتىكى نەچچە ئون ئەسەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن يازغۇچىلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكمىگەندە يېڭى دەۋردىكى يېڭى تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىغىلى بولمايدۇ. تۇرمۇش — ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ تۈگىمەس بۇلىقى. خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى يارىتىش پائالىيىتىدىن ئۇزۇقلۇق ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلاش، ئۆزىنى ئۆستۈرۈش — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ توپ يولىدۇر. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزى مول ۋە ئىجادكارلىققا باي ئەمەلىيەت. ئىسلاھات دەۋرىدە يېڭى شەيئىلەر، يېڭى مۆجىزىلەر ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇدقا كەلمەكتە. مانا بۇ رېئاللىق يازغۇچىلارنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كەڭرى ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىز مانا مۇشۇنداق ئوتتەك قىزغىن، قايىنام-تاشقىنلىق تۇرمۇش ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، دەۋرىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆلمەس تىپلىرىنى يارىتىپ، دەۋرگە مۇناسىپ ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىمىز لازىم.

ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى، ژۇرناللار پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىجادىيەتكە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ژۇرناللار كەڭ ئاپتورلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ،

ئۇلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلغاندىلا ئېسىل ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە يول ئاچقىلى، جۈملىدىن ژۇرناللارنىڭمۇ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇھەررىرلەر تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، تەھرىرلىك ئىستىلى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشى ھەمدە ئاپتورلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىقتىدارلىقلارنى بايقاشقا ۋە يېتەكلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم. مەنىۋى مەھسۇلات يارىتىش مۇرەككەپ ۋە ئېغىر ئەمگەك. ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز، ھەرخىل ئېقىم ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، يولسىزلارچە ئارىلىشىۋېلىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئىتتىپاقلىققا، ئىجادىيەتكە پايدىسىز مۇنازىرىلەرگە يول قويماسلىقىمىز، بۇ ئارقىلىق ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

يولداشلار!

«تارىم» ژۇرنىلى ساھىبخانلىقىدىكى بۇ يىغىنىنىڭ پىچانىدا ئېچىلغانلىقىنىڭمۇ ئەھمىيىتى چوڭ. بۇ، ئەدىبلەرنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىشىگە، ئاساسىي قاتلامنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى كۆرۈشىگە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى بەرپا قىلغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق. بىز بۇ يىغىنىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا بەدىئىي ئىجادىيەتنى بەس-بەستە چىڭ تۇتۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزدا يېڭى مەنزىرە يارىتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باھارىدا ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى ياراتماقتا. دەۋرىمىز ئۇلۇغ دەۋرگە، ئۇلۇغ خەلققە مۇناسىپ ئەسەرلەرنى يېزىشقا چاقىرماقتا. بىز ئەمەلىي ئىجادىيەت نەتىجىلىرىمىز بىلەن 21-ئەسىرگە قاراپ ئاتلىنايلى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى.

قەييۇم تۇردى

# 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

يولداشلار، دوستلار:

7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىۋاستە تەشكىللىشى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، پىچان ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللىشى، مەدەت بېرىشى بىلەن بۈگۈن بۇيەردە — گۈزەل تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئېسىل مەرۋايىت پىچان ناھىيىسىدە رەسمىي باشلاندى.

بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىش؛ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئورتاقلىق تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئىجادىيەت ماھارىتىگە ئىلمىي ئاساستا توغرا باھا بېرىپ ئىلھاملاندۇرۇش؛ شۇنداقلا ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى قۇدرەت تېپىۋاتقان ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چوڭقۇر، كەڭ تەسىرگە ۋە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن.

مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسىتىگە ۋاكالىتەن، بۇ قېتىمقى يىغىنغا جايلاردىن كېلىپ قاتناشقان ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرىنى، مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنى ھەمدە يول ئېچىش روھى بىلەن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ

كېلىۋاتقان ھەرقايسى ئەدەبىيات ژۇرناللىرى مۇھەررىرلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن؛ تۇرپان ۋىلايىتى، پىچان ناھىيىسىدىكى بۇ يىغىنىمىزنى سەمىمىي قوللىغان، مەدەت بەرگەن رەھبەرلەرگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاكىمە يىغىنىمىزنىڭ ئوبدان ئۆتكۈزۈلۈشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۈنىڭدىن ئۈمىد كۈتتى. مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ تۆمۈر داۋامەت، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر ئالاھىدە بېغىشلىما يېزىپ، يىغىنىمىزنى تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش قەييۇم باھاۋۇدۇن يىغىننى ياخشى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا بىرقانچە ئۈمىدىنى بىلدۈردى، مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىر يازما سۆز قىلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەييۇم باھاۋۇدۇننىڭ يىغىندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى قىسقىچە يەتكۈزىمەن. قەييۇم باھاۋۇدۇن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

«پىچاندا ئېچىلىدىغان ژۇرنال باش مۇھەررىرلىرى ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى بىر قېتىملىق ئەھمىيەتلىك ئىلمىي پائالىيەت، مۇھاكىمە پائالىيىتى، ياخشى ئىش. ئەسلىدە مىجىت ناسىر ئىككىمىز چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ بۇ يىغىنغا قاتنىشىشنى، يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى نىيەت قىلغان. مۇشۇنداق بولغاندا ناھايىتى ياخشى بولاتتى. بىراق، خىزمەت سەۋەبى بىلەن بۇ ئارزۇيىمىز ئىشقا ئاشماي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ بۇ يىغىندىن كۈتىدىغان مۇنداق تۆت ئۈمىدىم بار: 1) ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرناللار، بولۇپمۇ ئەدەبىي ژۇرناللار ئاز ئەمەس. يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىش لازىم. مېنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەيدىغىنىم چوڭ يۆنىلىشنى، ئۆتكەلنى ئوبدان ئىگىلەش، خەلققە ساغلام، يارامىلىق مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىش، كىشىلەرگە كۈچلۈك ئىلھام بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 2) نادىر ئەسەر ئېنىق بولۇش كېرەك. مەيلى ژۇرنال چىقىرىش، مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولسۇن، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە، ئەمما ھەقىقىي ياڭرىتىدىغان نادىر ئەسەر، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىش بىزنىڭ ئاساسىي نىشانىمىز بولۇشى كېرەك. ئېسىل ئەسەر يارىتىش ۋە ئۇزاققىچە ئاممىنىڭ ياڭرىتىشىغا ئېرىشىش — سەۋىيە، بۇ، ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نادىر ئەسەر ئېنىق بولماي تۇرۇپ بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ بۇ جەھەتتە كۆپرەك ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 3) ئاممىغا يۈزلىنىش مەسىلىسى. ئەدەبىي ئىجادىيەت كۆپ خىل بولۇشى كېرەك. لېكىن، كىم ئۈچۈن ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، ئاساسىي مۇقامىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش

قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچى كۈچى — كەڭ ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھى، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۇنى ئاممىغا قايتۇرۇش مەسىلىسى. بۇ جەھەتتە نەتىجىلىرىمىزمۇ، كەم يەرلىرىمىزمۇ بار. مەسىلەن، دەۋر روھى مەسىلىسى، يەنە مەسىلەن، ئاساسىي قاتلامدىكى ياشلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىنتىلىشى، تەربىيىلىنىش مەسىلىسى. ئەمەلىيەتتە ياشلار بىزنىڭ ئەڭ قىزغىن، ئەڭ ئىنتىلىشچان كىتابخانلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، غايىسى، ئۆسۈپ يېتىلىش يوللىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بۇ جەھەتتە يازغۇچىلارنىڭ كۆپرەك ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن؛ 4) ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئىتىپاقلىقى مەسىلىسى. بۇ جەھەتتە چوڭ ئېقىم ياخشى، مۇقىم، لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس. مېنىڭچە، ئەدەبىيات ئېقىمى، ئىجادىيەت نۇقتىسىنەزەرى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى مەسىلىسى باشقا بىر ئىش؛ يازغۇچىلارنىڭ تېما، ئۇسلۇپ، ئۇسلۇب تاللاش جەھەتتىكى خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلىش، قالايمىقان ئارىلىشىۋالماسلىق لازىم. بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز نىشان، چوڭ يۆنىلىش توغرا بولۇشى كېرەك، بۇ پىرىنسىپ مەسىلىسى. مېنىڭچە، بىر يازغۇچىنىڭ ئاساسلىق ئىشى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەسىلىسى، يېڭى سەۋىيە، يېڭى پەللە يارىتىش ۋە چوڭراق تۆھپە قوشۇش مەسىلىسى. ئىتىپاقلىقتا كۆپرەك سىردىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بولۇش، ئەپۇ قىلىدىغان، چۈشىنىدىغان، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنىمۇ ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىمۇ كۆرىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا باسىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، شۇنداقلا چوڭ ئومۇمىيلىقنىڭ تەلىپى. مەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇشۇنداق روھتا ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن...»

يولداشلار، دوستلار:

رەھبەرلەرنىڭ مۇھاكىمە يىغىنىمىز ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىلىرى، كۆرسەتمىلىرى بىز ئۈچۈن زور ئىلھام، رىغبەت ۋە قوللاش. يىغىن جەريانىدا بۇ روھنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرى ئېلىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تەرەققىيات پىلانىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى ئاستىدا پۇختا قەدەم بىلەن گۈللىنىش يولىغا قەدەم قويماقتا. «بەش بىر قۇرۇلۇشى»، ئالدى بىلەن رومان ئىجادىيىتى، كىنو-تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى ۋە باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. چوڭقۇر بىلىم، تالانت ئىگىلىرىگە تايىنىش ئېڭى، نادىر ئەسەر يارىتىش ئېڭى، رېئاللىققا يۈزلىنىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ روھىي دۇنيانى قېزىش ئېڭى، دەۋر روھىنى ئىپادىلەش، خەلق بىلەن تەقدىرداشلىق ئېڭى بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ ئىجادكار-سەنئەتكارلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا. جۇشقۇن ئىجادكارلىق، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە كۆپلىگەن ياش يازغۇچىلار ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا كىرىپ كېلىشى ئەدەبىيات-سەنئەت

سېپىمىزنى جانلاندۇرغان ھاياتىي كۈچىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى بولۇپ قالدى. قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، 12 مۇقام تەتقىقاتى ۋە سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى كىشىگە چوڭقۇر ئىلھام، رىغبەت ئاتا قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنىۋاتقان ئەللىككە يېقىن ئەدەبىي ژۇرنال (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدىكىسى 15) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش-ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم بازا ۋە سەھنە. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ ۋە تەكشىلىپ، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ساپاسى ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ تەھرىرلىك ساپاسى ئۆسكەنلىكتىن، ئاز بولمىغان ژۇرناللار نادىر ئەسەرلەر، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر پات-پات كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئازادە گۈلزارلىققا ئايلانماقتا. ھەرقايسى ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بارغانچە روشەن گەۋدىلىنىپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئويناپ، ئەدەبىي تۇرمۇشىمىزنى بېيىتتى. بىز مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىدىكى نەتىجىلەرنى كۆرۈش ۋە ئۇنى دادىل مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئىلمىي يول-ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ژۇرناللارنى مەركەز قىلغان ھالدا قانداق قىلىپ تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، قوللاش، يېتىشتۈرۈش ئىككى مەسىلىسى ۋە نادىر ئەسەر يارىتىش ئىككى مەسىلىسىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم.

ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۈپ ۋەزىپە دەۋر روھى بىلەن تولۇپ-تاشقان، كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان، ئۇزاققىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتمايدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش؛ ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىش، كۆپ خىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇش — ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشنىڭ توغرا يولى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەقىل بۇلىقى كەڭ ئېچىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كەڭ ئازاد قىلىنىدىغان، يېڭىلىق ياراتقۇچى زامانىمىز قەھرىمانلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشتا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدىغان ئۇلۇغ تارىخىي جەريان، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى سەھنىسىدە رەڭگا رەڭ تۈسكە ئىگە، چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك بىرلىككە تويۇنغان كۆپلەپ ئېسىل ئەسەرلەر، مەشھۇر يازغۇچى-سەنئەتكارلار مەيدانغا كېلىدىغان قىممەتلىك تارىخىي پۇرسەت. بىز ئۆزىمىزنى مۇشۇ تارىخىي جەرياننىڭ ئىچىگە قويۇپ ۋە دەڭسەپ، ئۆزىمىز مەنسۇپ بولغان مىللەت ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر

ئۆزگىرىشلەر ئىچىدىكى روھىي ھالىتى، تۇرمۇش رىتىمى، تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى، ئەنئەنىلەرگە بولغان يېڭىچە مۇناسىۋىتى، كونا-يېڭى قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى قاتارلىقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان تۇرمۇش بىلىملىرى بىلەن ئۆزىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، نادىر ئەسەر يارىتىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، بۇ بىر يازغۇچى-سەنئەتكار ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئەسەر يارىتىش ئېڭىغا ئىگە سەنئەتكار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىق.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە ھازىر بارلىقنى خەلققە بېغىشلاش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزىملىق، سوتسىيالىزملىق روھ ۋە ئىدىيە، ئەمگەكنى، پەننى قەدىرلەش، پايدىلىق ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلە گۈزەللىكى، ئىنتىپاقلىشىپ بىرلىكتە يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىشقا ئىنتىلىدىغان يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدىغان سالماقلىق تېما، ئاساسىي مۇقام بارغانچە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، بازار ئىگىلىكى دولقۇنىغا ياندىشىپ، يەنە نام-مەنپەئەت، ئابروي قوغلىشىدىغان، ھېچقانچە سەنئەت قىممىتى بولمىغان چاكىنا، چۈشكۈن، ئىزىلەڭگۈ، يىغلاڭغۇ، ھەتتا چۈشىنىكسىز، مۇقامى تولىمۇ تۆۋەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىغان «ئىجادىيەت» مەھسۇلاتلىرىمۇ ئەپلەپ-سەپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلماقتا. ئەسلىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مۇھەببەت — ئۇلۇغ، مەڭگۈلۈك تېما ئىدى. لېكىن بەزى ژۇرنال ۋە يەنە ئاپتورلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا بۇ ئۇلۇغ تېما بارغانچە ئۆز قىممىتىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويماقتا. ئەلۋەتتە، يېڭى دەۋر روھى، كىشىلىك مۇناسىۋەت نوقۇل ئائىلە ماجىراسى، مۇھەببەت پاجىئەسىلا ئەمەس-دە!

بىزنىڭچە، يازغۇچىنىڭ نېمىنى يېزىشىغا قالايمىقان ئارىلىشىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، بىرپىشىپ يېتىلگەن ھەقىقىي يازغۇچى-سەنئەتكاردىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تاللاش، تېپىكلەشتۈرۈش، تاۋلاپ ۋايىغا يەتكۈزۈش قانۇنىيىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى تېپىك ئاساسىي رېئاللىقنى، خەلق جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم تېمىلارنى، خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئەتى، تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىپادىلەپ، خەلققە ئىلھام، روھ، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىشى، زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىقتىساد، پەن، مەدەنىيەتتە تېزرەك قەد كۆتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىمىز. قىسقىسى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتا، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق، شادلىق، گۈزەللىك، ئۈمىد-ئىشەنچ بەخش ئېتىشىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم. بۇ ھەقتە يولداشلارنىڭ باراۋەرلىك ئاساستا كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

پېچان يېغىنى ئۈلگە بولۇپ قالسۇن، ئىنتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسايلى، يېڭى دەۋر دولقۇنىدا بىرلىكتە ئىلگىرىلەپ، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ يارامىلىق مەنىۋى مەھسۇلات تەقدىم قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشايلى.

ۋاڭ جۇڭمىڭ

# تەبرىك ۋە تىلەك

(ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ پىچان ناھىيىسىدە ئېچىلىدىغانلىقىدىن خۇشاللىق بىلەن خەۋەر تاپتىم. مەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىن قاتناشچىلىرىغا سەممىي سالام يوللايمەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە. ئۇ پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە ئۇلۇغ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇنداقلا جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دۇنياۋى شان-شۆھرەتكە نائىل بولغان بىر تۈركۈم نادىر يازغۇچى ۋە نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.

يېڭى دەۋر باشلانغاندىن بۇيان، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بولۇپمۇ كىشىنى ئالاھىدە خۇشال قىلىدىغىنى، ئەنئەنىۋى شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا، ھېكايە، رومان، ئەدەبىي ئاخبارات، دراماتۇرگىيە، كىنو، تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى قاتارلىق ژانىرلارمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەدرىجىي مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەشكە باشلىدى، بۇ جەھەتتىمۇ مۇھىم بىر ئىجادىيەت، قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك تايانچ قوشۇن مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇنداق زور تەرەققىيات ئەدەبىياتنىڭ يېڭى دەۋردىكى رېئال ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارنى، جۈملىدىن ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ھەمدە ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈستىدە

مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا مۇۋاپىق تۈردە تەقدىرلەپ مۇكاپاتلاش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ گۈللەپ ياشنىشىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتلىك ئىش. يەكۈنلەش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەم ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ نەتىجىلىرىنى، تەجرىبىلىرىنى ئەقلىي بىلىشكە كۆتۈرۈش، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام يول بىلەن غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىنىڭ كاپالىتى. ھالبۇكى، ھەر مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەجرىبىلەرنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىشى، يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈستىدە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى ۋە بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۇسۇلى.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە بىر دۆلەت ياكى مىللەتنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئەدەبىياتنىڭ بولماسلىقى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. ئەدىبلەر يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان، ھالبۇكى، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك ۋە جەلىبكارلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، دەۋرىمىزنىڭ سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش بىز بىر ئەۋلاد ئەدىبلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن رېئال تۇرمۇشقا ئۆزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈپ، توختىماي ئۆگىنىشىمىز، داۋاملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز، ئىدىيە ۋە كەسپىي سەۋىيىمىزنى ھەمدە بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىمىزنى بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئەدىبلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى مۇھىم كۈنتەرتىپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇھىم گەۋدىلىك ئورۇنغا قويىماقچى. بۇ، مەركەزنىڭ مۇھىم بىر ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى. بىز مەركەزنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىگە ئاساسەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

مۇھاكىمە يىغىنىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

1996 ـ يىل 22 ـ سېنتەبىر، كېچە.

(نەيىم يۈسۈپ تەرجىمىسى)

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

جۇرئەت سەيپۇللا

# ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ 90 - يىللاردىكى يېڭى يۈزلىنىشى

90 - يىللار ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى بولدى. بۇ يىللاردا ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەتنىڭ توۋلاشقان دەۋرى باشلاندى. بۇ يىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مەدەنىيەتنى ئېستېتىك دەۋرگە ئېلىپ كىردى.

بۇ يىللاردىكى ئەدەبىيات سولچىللىققا قارشى تۇرۇش، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش مەزمۇندىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى، يازغۇچىلار ئۆز ئورنى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىدىغان، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئىجادچانلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يىللاردىكى ئەدەبىيات ھازىرقى زامان تەرەققىياتىدىكى توۋلاشقان دەۋرگە قەدەم قويدى.

90 - يىللاردىكى ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىنساننى ھەمدە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يىگانە ئۆز ئوبيېكتى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ئىنساننىڭ بىر خىل يېڭى مەۋجۇتلۇقى بولۇپ قالدى. بۇ يىللار ئېلىمىز ئەدەبىياتىنى تېما، ئۇسلۇب، شەكىل، ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتىن يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1. ھېكايە ئىجادىيىتى جەھەتتە:

90 - يىللاردا نۇرغۇنلىغان ياخشى ھېكايىلەر ئىجاد قىلىندى. بۇ ھېكايىلەر ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، ھەجمىنىڭ كىچىك بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، بۇ ھېكايىلەر ياشاش مۇھىتى ھەققىدە ئىزلىنىش داۋامىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى. بۇ ھېكايىلەر ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا ۋە مۇنەييەن تېمىغا چاپلىشىۋېلىشتىن ساقلىنىپ، ھازىرقى ئەڭ يېڭى تېما ۋە ئىجتىمائىي تېمىلار، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلار ھەمدە ئەل-جامائەت ھەممىدىن بەك

قىزىقتۇۋاتقان، غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان تېمىلار ئۈستىدە دادىل ئىزلىنىپ، ئۇنى يېڭىچە يول بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەردى. بۇ ھېكايىلەر پۈتۈنلەي ئىشقى-مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن، قولۇم-قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل-ماجىرا، ئەر-خوتۇن، قىز-يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇششاق-چۈششەك زىددىيەت-توقۇنۇشلار ياكى ئائىلىۋى ئىناقلىق قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايىلەردىن چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك جەھەتتە زور دەرىجىدە ھالقىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، ئىنسانغا چېتىشلىق بولغان تۇرمۇش دېتاللىرىنى قېزىپ، ئادەتتىكى تۇرمۇش ئەمەس، ئۆتكۈر تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنى، تۇرمۇشنىڭ توپ ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەن بۇرۇنقى ھېكايىلەردىن ئالاھىدە پەرقلەندى. مانا بۇ ھېكايىچىلىقنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، 90-يىللاردىكى ھېكايىچىلىق مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيە ۋە تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ۋەزىيەت ياراتتى.

بۇ يىللاردىكى ھېكايىلەر مەلۇم بىر شەيئىي ئۈچۈن ئەمەس، ياكى «مەن» ئۈچۈن، مەلۇم شەخس ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ئۈچۈن يېزىلدى. ھېكايە يازغۇچىلىرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتنى تولۇق تونۇدى ھەمدە ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى بىلەن ئەمەلىيەتكە يۈزلەندى. ئۇلار ھاياتنى قىزغىن سۆيدى، ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇردى، ئەمما دىن تەرەپكە ئاغمىدى، ئۇلارنىڭ دېتاللىرى نۆۋەتتىكى تۇۋارلاشقان جەمئىيەتتىن كەلدى. ئۇلار ھېكايىنى بىر خىل ئېھتىماللىق قىلىپ، ھەم ئەمەلىي ھەم ئەھمىيەتلىك بولغان مەڭگۈلۈككە يېقىنلاشتۇردى. ھېكايىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى، جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى زور تەرەققىيات. ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى بۇنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىپ، ئۆز ھېكايىچىلىقىدىكى ئىدىيە ۋە تېماتىك مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تىرىششى كېرەك. تۇۋارلاشقان دەۋر ئىنساننىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھېكايە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قايتىدىن يورۇتۇپ بېرىپ، ئۇنى قۇتقازدى. مانا بۇ ھازىرقى دەۋر ھېكايىچىلىقىنىڭ ئەھمىيىتى، مانا مۇشۇ خىل ئەھمىيەت ھېكايىدىن ئىبارەت كەم بولمايدىغان ژانىرنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 90-يىللاردىكى جۇڭگو ئەدەبىياتى كۆپ قۇتۇپقا قاراپ راۋاجلاندى. نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ۋەزىيىتى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. كۆپلىگەن يازغۇچىلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى ئاساسىدا يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ، تارىخىي خاراكتېرگە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ يېڭى ئىجادىيىتى ئىلىمىزنىڭ پېشقەدەم يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن ماسلىشىپ، مەنبەئىي ئۈزۈلمەس ئەدەبىي بۇلاقنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى غايەت زور ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى، ئۇلار تۇرمۇشتىكى كۆرەش-ۋەزىيەتلەرنى ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بىلەن بايقاپ، ئەمەلىيەتكە دادىل

يۈزلىنىپ، ئىددىيە تىلەرنى پاش قىلىپ، تىز پۈكمەيدىغان ئىسلاھات روھىغا ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىستىك ئەنئەنىسىنىڭ جارى بولۇشىغا ئالاھىدە ھۆسن قوشتى.

2. رومان ئىجادىيىتى ھەققىدە:

80 - يىللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى - ئۈچ يىلىدا پوۋېست، ھېكايە يېزىش بىلەن ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان ياش، ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار 90 - يىللاردا رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ يىللاردا رومان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ، كۆپلىگەن يازغۇچىلار بۇ ساھەگە بۆسۈپ كىردى، بۇ ۋەزىيەت «پېشقەدەم يازغۇچىلار رومان يازىدۇ، ياش، ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ھېكايە يازىدۇ» دەيدىغان قاراشنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ھەممىزگە مەلۇم رومان ھەرقانداق ژانىردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سەنئەت شەكلى. 90 - يىللاردىكى رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىدىيە ۋە مەزمۇن يېڭىلاندى، روماندىكى ھېسسىيات، تىل، تېما ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. لېكىن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلىپ، كىشىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلمىدى. مەسىلەن: جياپىڭۋانىڭ «تاشلاندۇق شەھەر» ناملىق رومانى مۇشۇ يىللاردىكى رومان ئىجادىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. 400 مىڭ خەتلىك بۇ روماندا ئاپتور ئۇسلۇب، ئىپادىلەش شەكلى، تىل جەھەتتە ئۆزگىچە بىر خىل يول ئېچىشقا تىرىشىپ، قىسمەن دەرىجىدە شۇ مەقسەتكە يەتكەن. بىراق روماندىكى پېرسوناژلار ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغان، روماندىكى پېرسوناژلار كىتابخانلاردا ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرالمايدۇ. روماندا ھەممە پېرسوناژلار سۆزلەيدۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايغۇسىمۇ، خۇشاللىقىمۇ بار، ۋاھالەنكى بۇئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭلا ئىشى بولۇپ قېلىپ، كىتابخانلارنى قىلچىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ.

بۇ يىللاردا ئىقتىساد ۋە توختاۋسىز ئۆركەشلەۋاتقان ئىسلاھات دولقۇنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ھەمدە مۇشۇ شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئي، يېڭى ئەھۋاللار كىشىلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى، غەربلىشىش، مودا قوغلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقلارنىڭ توقۇنۇشى قاتارلىقلار ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ئەڭ قىزىق نۇقتا بولدى.

بەزىلەر: «ھازىر رومان يازىدىغان دەۋر ئەمەس، كىتابخانلارنىڭ ۋاقتى بۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەن ئىسراپ بولۇپ كېتىپ، بەزى ياخشى ئەسەرلەرنىڭ لەززىتىنى ئېتىبالمايۋاتىدۇ» دېيىشمەكتە. بۇ سۆزنى پۈتۈنلەي توغرا دېيىشكە بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بەزى ئەمەلىي تەرەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. دەرۋەقە بازارغا نەشرى شىددەتلىك تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كىتابخانلار ھەقىقەتەن رومانىنى ئوقۇپ لەززەتلىنىشكە ۋاقىت ئاجرىتالمايۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ

رېئاللىق ئالدىدا تۇرمۇشنى ئەينەن ئىپادىلەيدىغان، چىن ۋەقە، چىن ئادەمنى يازىدىغان ئەدەبىي ئاخبارات بۇ مەزگىلدە ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە گۈللەنگەن ژانىر بولۇپ قالدى.

3. ئەدەبىي ئاخبارات ھەققىدە:

ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە بىزگە ناتونۇش، ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان يېڭى ھادىسىلەر مەيدانغا كەلدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات يېڭى زىددىيەت ۋە كۈرەشنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلاھاتنى مەدھىيلەش، زىددىيەت-توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش، ئىسلاھات داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە چىن ۋەقە، پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش، ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتى، ماھىيىتى، روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش، مۇقەررەر يوسۇندا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان چىن ۋەقە ھەمدە چىن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەپ، شۇ ماكان، شۇ زاماندا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىپ، ئىسلاھات بىلەن ماس قەدەمدە ماڭدى، ئىسلاھات بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ئىسلاھات ئۈچۈن ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق، مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ ئۇلارنى ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم.»

ئەدەبىي ئاخبارات 90-يىللاردا كىتابخانلار ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، ئەڭ كۆپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان قىزىق نۇقتا ۋە مۇھىم تېمىلارنى دەل ۋاقتىدا يورۇتۇپ بېرىدىغان، ھېچقانداق ژانىر ئورنىنى باسالمايدىغان ئورۇنغا ئۆتۈپ، دەۋرنىڭ تەلىپىنى ياخشى ئورۇندىدى. بۇ يىللاردا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشىشى ۋە مۇشۇنداق ئورۇنغا ئىگە بولالىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭدا تاللانغان تېما ۋە يورۇتۇلغان ئىدىيىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقىدا، ياكى ئەدەبىي ئاخباراتتىكى مەزمۇن ۋە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ كىشىلەرگە تولىمۇ تونۇش بولغانلىقىدا. چۈنكى ئۇنىڭدا تاللانغان تېما كۆپچىلىك ئەڭ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان، كۆڭۈل بۆلۈشۈۋاتقان ئىشلار، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىدىغان شەخسلەر. ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىرلەنگەن بۇ پېرسوناژلار بىر ھېسابتا كىتابخانلارنىڭ دەل ئۆزى. چۈنكى كىتابخانلار بۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى، ئارزۇ-ئارمىنى، قىسقىسى ئۆز ئوبرازىنى كۆرىدۇ. بۇ پېرسوناژلار ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئارتىپ كاتتا رەھبەرلەرگىچە بولغان ھەممە ساھەدىكى كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەدەبىي ئاخبارات ئاشۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ زور تۆھپە يارىتىپ، جاندىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى قىزغىن

مەدھىيىلەپ، ئىسلاھات شامىلى ئېلىمىز زېمىنىگە ئېلىپ كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن، مانا بۇ، ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن: ئىسلاھات جۇڭگو يېزىلىرىدا پەيدا قىلغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرىلگەن ماكرو ئەدەبىي ئاخبارات «قۇتلۇق يول»دا، ئاپتور خېنەن ئۆلكىسىدىكى مەلۇم ناھىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسى لىيۇرىنىڭ ئەگرى-توقايلىق ئىچىدە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، نامرات بىر ناھىيىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بەرپا قىلىپ، ئۇ ناھىيىنى پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتقانلىقىدەك ئىش-ئىزلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە قەيسەر ئىسلاھاتچى، پاك دىيانەتلىك بىر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئىسلاھاتنىڭ خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن پايدىسىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «كىشلىك ھاياتنىڭ كوردىناتسىيە نۇقتىسىدا» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتتا، ئاۋستىرالىيىدە بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەن ئاددىي دوختۇر لىيۇشاۋچېڭنىڭ ئەۋزەل خىزمەت شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، مۇدەنجياڭغا كېلىپ، بۇ يەردە يۈرەك قان تومۇرى دوختۇرخانىسى قۇرغانلىقى ۋە ئاشۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا خەلققە نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇ ئارقىلىق يازغۇچى ئىنساننىڭ ئۆزئارا يار-يۆلەكتە بولۇشى، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئىپادىلىگەن. بۇ يىللاردا يەنە «ئىككى قىز ۋە ئالتە كادىر پەرزەنتى»، «مېيىپ بوۋاق ئۆيىڭىز نەدە؟»، «تارىم قۇياشى»، «سۆزۈك سۇدا بېلىق بولمايدۇ» قاتارلىق خېلى زور تەسىر قوزغىغان كۆپلىگەن ئېسىل ئەدەبىي ئاخباراتلار ئىجاد قىلىندى. ئۇلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، كىشلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىسلاھاتنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەدەبىي ئاخبارات ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەۋزەللىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، 90-يىللاردىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن بىر ژانىر بولۇپ قالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، 90-يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىپادىلەش ئۇسۇلى، مەزمۇنى، ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ياخشى بولۇشى ۋە يۇقىرىلىقى بىلەن 70-80-يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن پەرقلەندى. 90-يىللار گەرچە مەزمۇنى ئاددىي ياكى يارىتىلغان ئوبرازى ئانچە يارقىن بولمىسىمۇ، لېكىن رومان ئەڭ كۆپ ئىجاد قىلىنغان مول ھوسۇللۇق يىللار بولدى. ھېكايە بۇ يىللاردا تېز تەرەققىي قىلىپ، تېمىنىڭ جەھەتتىن كېڭىيىپ، بۇرۇنقى يىللاردىكى كاتېگورىيىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەدەبىي ئاخبارات بولسا 90-يىللاردا گۈللىنىپ، يۇقىرى پەللىگە يەتتى. مانا بۇ ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ 90-يىللاردىكى يېڭى يۈزلىنىشىدۇر.

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**

ئىسمايىل تۆمۈر

# ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ رولى

ئىسلاھاتنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا، تۇرمۇش قارىشىدا، قىممەت چۈشەنچىسىدە، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىدىمۇ خېلى روشەن ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتتىمۇ خېلى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. دېمەك، ئىسلاھات ئەدەبىي ئىجادىيەتكىمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىش، يۈكسىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

ئەدەبىياتنى تارىخىي نۇقتىدىن نەزەرگە ئالغاندا، ئۇ، تۇرمۇشنىڭ، تارىخنىڭ ئەينىكىدۇر. خەلققە مەنسۇپ بولغان ئەدەبىياتنى جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجادىيەتچى، كىتابخان، مۇھەررىر ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەردە بىر ئورتاق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتۇر. نۇرغۇن ئەدىبلەر ئەدەبىياتنى قۇشقا ئوخشاتسا، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى قۇشنىڭ ئىككى قانىتى ھېسابلىشىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى، كونكرېت ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ رولى نېمە؟ بۇ مەسىلىلەرنى ھازىر يەنە تىلغا ئېلىشنىڭ، تەكىتلەشنىڭ، تەشەببۇس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئىنتايىن چوڭ. ئەدەبىيات — فولكلور، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى ئۆز مەزمۇن دائىرىسىگە يىغىنچاقلىغان بىر ئۇقۇم. بىزنىڭ ھازىر ئەدەبىيات ئۇقۇمى دائىرىسىدە تەكىتلەۋاتقىنىمىز، ئاساسلىقى، ئەدەبىي ئىجادىيەت. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى دېگىنىمىزدە خىلمۇ خىل ژانىر ۋە تۈرلەرگە

مەنسۇپ بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى، ئەدەبىي مەسىلىلەر، ئەدەبىي ھادىسىلەر، ئەدەبىي ئېقىم، ئىجادىيەت مېتودلىرى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبلارغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات، تەھلىل، تەقرىزچىلىك ۋە باھالاشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ھەر بىر ژانىر ۋە تۈرلەر بويىچە يارىتىلغان ئەسەرلەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەدىئىي پىكىر، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە نۇقسانلار ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، كونكرېت ئەسەرنى ئومۇمىي ئىجادىيەت يۈزلىنىشى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش، ئاخىرىدا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يۇقىرىقى دائىرىلەر بويىچە ئۆز بۇرچىنى ئىنچىكىلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلالىغاندا ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، نادىر ئەسەرلەرنىڭ يارىتىلىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ، گېپى كەلگەندە، پۈتكۈل ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا پەيدا قىلىدىغان تەسىرى ۋە پىكىر ئېقىمى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئالدى بىلەن سىياسىي ئىدىيىۋى جەھەتتە قاتتىق تەربىيىلىنىش، كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش تەلىپىنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا، ئەدەبىي ئىجادىيەتچى ۋە كىتابخانلارغىمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ خاراكتېرى، رولىنى توغرا تونۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلىش كېرەك. دەرۋەقە، بىزدە ئىلگىرى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالىغاندا بىر تەرەپلىملىك، يۈزەلىك، شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرۇۋېلىش قاتارلىق ناچار خاھىشلار كۆرۈلگەن. يەنە شۇنىڭدەك كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى قاتارلىقلار ئۈستىدىلا كونا ئەندىزە بويىچە ئوبزور يازىدىغان ھادىسىلەر — كەسپىي كەمتۈكلۈك خېلى بىر مەزگىلگىچە ساقلىنىپ كەلدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىسمەن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئىناۋىتى ۋە سالاپىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنىدى.

ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بولغان تونۇشى يېڭىلىنىپ بارماقتا، شۇنداقلا كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان چۈشەنچىسى ۋە تەلپىدىمۇ يېڭىلىقلار كۆرۈلمەكتە. ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا قويغان تەلىپى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئاممىنى ئىلھاملاندۇرۇش، تۇرمۇشتىكى بەزى ئىللەتلەرنى كۆرسىتىش ۋە تەنقىدلەش دېگەندىنلا ئىبارەت بولغان. ھالبۇكى، كىشىلەر ھازىر ئەدەبىياتنىڭ خەلقنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پىسخىك ئاڭنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرگەن مۇھىت

ئىچىدىكى ئۆزگەرگەن ئاڭ ئارقىلىق كىشىلەرنى تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە ئۈندەشتە غايەت زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى.

ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى نەتىجىلىرى كىشىنى خېلىلا خۇشال قىلىدۇ. مەيلى پوئېزىيە ياكى پروزا بولسۇن، ھەر ئىككىلا تۈردە كۆرۈنەرلىك تۆھپە يارىتىۋاتقان ئەدىبلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ تېما جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنى ئاساسەن تارىخىي تېما، ئىسلاھات دەۋرى تۇرمۇشى تېمىسى ۋە پسىخىك ئىللەتلەرنى كۆرسىتىش ھەم تەنقىدلەشتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. يەنە بەزى ئىزدىنىش روھىغا باي، تىرىشچان ئەدىبلىرىمىز ئىچىدە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، مېتودى جەھەتلەردە سېھرىي رېئالىزم، مودېرنىزم قاتارلىق ئەدەبىي ئېقىملار ئۇسلۇبلىرىغا ياندىشىۋاتقانلارمۇ، يەنە ئۆزلىرىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى يېتىشتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا تىرىشىۋاتقانلارمۇ بار. قىسقىسى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە تىرىشچانلىق كۆپ، ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ نەتىجىلەرمۇ بار.

لېكىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە دەۋر ھالقىيدىغان، ئەسىر ھالقىيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى مەدەنىيەت ساپاسىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش يالغۇز ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرگىلا باغلىق ئەمەس. بۇنىڭدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ماھىيەتلىك رول ئوينايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى مۇئەييەن بىر باسقۇچ، مۇئەييەن بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى تولۇق كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، خۇلاسىلەشتىن ئىبارەت. شۇ ئارقىلىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، نۇقسان-يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت يۈنىلىشىنى توغرىلاپ مېڭىشتا ھەسسە قوشۇشتۇر.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئەمەلىيەتچانلىققا، دەللىككە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك، كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، شۇ ئەسەردە گەۋدىلەنگەن ئالاھىدىلىكنى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتنى نۇقتىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نەمۇنىلىك رولى بار-يوقلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك؛ ياكى شۇ ئەسەردە يېتەرسىز بولغان ھەتتا خاتالىققا يول قويۇلغان تەرەپلەر بولسىمۇ، ئۇنداق تەرەپلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىدا پەيدا قىلىدىغان سەلبىي تەسىرىنى ھەتتا زىيىنىنى كۆرسىتىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولماي، بىرەر كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان تەھلىلنىڭ يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ، شۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت مۇساپىسىغا تور تارتىپ، داشقايناق پىكىر قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقىغا، دەللىككە ئېتىبارسىز قارالغان بولىدۇ.

بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرمۇ خۇددى هامىلەگە ئوخشاش توققۇز ئاي توققۇز كۈن يازغۇچى، شائىرنىڭ ئېڭىدا، ۋۇجۇدىدا تۆرۈلۈپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى قەدىرلەش كېرەك. بۇنداق قەدىرلەشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئەسەرنى چۈشىنىشتە ۋە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىدە ئىلمىيلىككە ئەهمىيەت بېرىشتە گەۋدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي تەنقىدچى ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى چۈشىنىشى، دەۋرنى چۈشىنىشى، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىنى، نىشانىنى چۈشىنىشى كېرەك. ئاندىن كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەهلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. مانا بۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەقەللىي ئىش تەرتىپى.

ئەدەبىياتىمىزنىكى هەر خىل ژانىر ۋە تۈرلەر خۇددى تاغ باغرىدىن پەسكە قاراپ ئاققان تارام-تارام ئېقىنلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلار قوشۇلۇپ شاۋقۇنلۇق دەريانى هاسىل قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت خۇددى بىر گۈلزارلىققا ئوخشايدۇ. ناۋادا قايسى بىر خىل گۈل قۇرۇپ كەتسە، ياكى بىرەر خىلى يامراپ كەتسە، گۈلزارلىقنىڭ كۆركەملىكى، جەزبدارلىقى تۆۋەنلەيدۇ، ياكى ياۋا ئوت-چۆپ كۆپىيىپ كەتسە، گۈلزارلىق چۆپلۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى هەقىقىي خاراكتېرى، مەنىسى، رولى بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى زامانغا لايىق تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

مەسئۇل مۇهەررىر سارەم ئىبراهىم

ئەسئەت ئابدۇرېشىت

# ئەركەكلەر



(ھېكايە)

تۈن يېرىم. تومۇزنىڭ ئىسسىق تەپتى
يەنىلا تارىمىغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي دېرىزىسىز مۇنۇ پاكار ئۆينىڭ
ئىشكى ئىچىدىن نەچچە قەۋەت سىم
بىلەن باغلىنىپ، ھىملەنگەنىدى. شۇ تاپتا
ئۆي ئىگىسى پاشا-كۇمۇتىدىن ياكى بولمىسا
قىممەتلىك بايلىقىنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمۇ؟ بۇنىسى
نامەلۇم. ئۆي ئىچىنى قاڭسىق تەر ھىدى
قاپلىغانىدى. يەردىن غېرىچچىلىك كۆتۈرۈل-
گەن، سۇپا ئۈستىگە تىتىلىپ كەتكەن بىر
پارچە كىگىز تاشلانغانىدى. كىگىزدە
بىرقانچە گەۋدە يەرگە چېچىلغان چوكىلار-
دەك رەتسىز ياتاتتى. ئىشىكنىڭ ئاراشلىرى-
دىن قىسىلىپ چۈشكەن ئاي شولىسى يېرىم
يالىڭاچ بۇ گەۋدىلەرنىڭ ئۇ يەر-بۇيەرلىرى-
نى يورۇتۇپ تۇراتتى. قىسقا، ئەنسىز خورەك
ۋە ئىڭىر پۇشۇلداشلارغا ئىچكىرى ئۆيدىكى
ئاتنىڭ پۇشقۇرتۇشىمۇ ئارىلىشىپ قالاتتى.

رەۋەيدۇللام چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ بىر-بىرى-
گە كىرىشىپ، چاپلىشىپ ياتقان بالىلىرىنىڭ
ئارىسىدىن ئاۋايلاپ پۇت ئالدى. ئۇ
ئەنسىزلىك بىلەن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ
ئىشىكىگە تارتىلغان كونا ئەديالنى قايرى-
دى. يالىڭاچلانغان ئۆيدە باغلاقسىز تۇرغان
ئات قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، پۇشقۇرتۇپ قويدى.
رەۋەيدۇللام شۇ چاغدىلا خاتىرجەم بولۇپ،
ئورنىغا — ئارغامچىدەك چىرمىشىپ كەتكەن
بالىلىرى ئارىسىغا كىرىپ ياتتى. ئات ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئاشۇ تۆت ئوغلىدەك قەدىرلىك
ئىدى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇلارنى «ئەركەك-
لەر ئائىلىسى» دەپ تىلغا ئالغاندا ئاتنىمۇ
نەزەردىن ساقىت قىلمايتتى. رەۋەيدۇللام
بۇ ئەتىۋارلىق «ئوغلى» ئۈچۈن ساراي
ئۆينى بىكارلاپ بەرگەنىدى. ئۇنداق
قىلمىغاندا مەھەللىدىكى ئەسكىلەر ئاتنى
ئوغرىلاپ كەتمىگەندىمۇ، زەھەر بېرىپ
قەستلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنداق بولمىسا

ئۆتكەندە نېمە ئۈچۈن ئابدۇرەسۇل دېگەن ئادەم بىكاردىن-بىكارغا «ئېتىڭغا بەرگىن» دەپ يېرىم خالتا كېپەك ئەكىردۇ. ئەگەر شۇ چاغدا رەۋەيدۇللام سەگەكلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇل چىشىنى كاللا ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتمىگەن بولسا، قەدىناس ئېتىدىن ئاللىقاچان ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. رەۋەيدۇللام شۇ خىياللار بىلەن ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كىر بەدەنلىرىگە ئەيمەنمەي نەشتىردىنى تىقىۋاتقان پىت-بۈرگىلەرنى تۇتۇش بىلەن بەنت بولدى. تۇتقانلىرىنى باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كۈچلۈك ئۇۋۇلىدى. تاڭ سۈزۈلدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆشەندىلىرى قاتارىغا بىزەك چىۋىنلەر قېتىلدى. ئۇ ئالقانلىرىنى كەڭ كېرىپ، چىۋىنلەرنى قارشى تەرەپتىن سىرىپ تۇتۇشقا كىرىشتى. قولغا چۈشكەنلىرىنى تامغا، كىگىزنى قايرىپ يەرگە ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ ھەرىكەت دىمىق ئۆيدە ئۇنى تەرلىتىپ قويدى. غەزىپىنى باسالمىغان رەۋەيدۇللام چىۋىنلەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغاندىن كېيىن، كىچىك ئوغلى ئابدۇللامنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولدى. ئۇ يىلانلاردەك گىرەلىشىپ كەتكەن پاچاقلارنى ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈپ، ئاغزىنى بىرىنىڭ كاسىسىغا چاپلاپ ياتقان ئابدۇللامنى تېپىۋالدى. بىرەر يۈزچە چىۋىن ئۇنىڭ ياش ئېقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە چاپلاشقانىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يەنى ئابدۇللام بەش ياشلار چېغىدا ئاتىسىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قوشنىلار بەرگەن ناننى يېگەنلىكى ئۈچۈن رەۋەيدۇللام ئۇنى قاتتىق ئۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزىدىن ياش قويۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قوشنىلار ئابدۇللامنى دوختۇرغا ئاپىرىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەندە، رەۋەيدۇللام غەزەپلىنىپ: سىلەرنىڭ نېمە چاتىقىڭلار، ماڭا بالا تېپىپ بەرگەندەك گەپ قىلىشىسىلەرغۇ؟ بىلىپ قويۇش، بالامنىڭ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئۆلگىنىدىن كور بولۇپ قالغىنى ياخشى. سەن خەق ئەركەكلەرنىڭ دوختۇرخانىغا بارغىنىنى كۆرۈپ باققانمىدىڭلار، يا... دەپ ۋارقىراپ، ئابدۇللامنى دوختۇرغا ئاپارمىغانىدى. رەۋەيدۇللام ئابدۇللامنىڭ كۆزىگە قونغان چىۋىنلەردىن تۆت-بەشىنى بىر يولىلا تۇتۇۋالدى-دە، يەرگە كۈچەپ ئۇردى. ئۇ باشقىلارنى دۈشكەلەپ، ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ئەبەيدۇللام! رەخمىتۇللام! خەيرۇللام! تۇرۇشمامسەن نان قېپىلار، ئۆيۈڭدا ئەمدى ئاناڭنىڭ ھەققىمۇ قالمىدى. بول دەيمەن ھەي گەكسى! — ئۇ قايسىدۇر بىرىنىڭ كۆتىگە كۈچەپ تەپتى. ئەركەكلەر كىگىز ئۈستىدىن چاچراپ تۇرۇشتى. بۇ بەش جاننىڭ كىيىملىرى ئوخشاشلا رەڭدە ئىدى. بېشىدا سېرىق شەپكە، ئۈچىسىدا قارا چىبەرقۇتتىن ئىشتان-چاپان، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق، ئوخشاش نومۇرلۇق قارا بوتەي بار ئىدى. ئۇلار بۇ «فورما»لىرى بىلەن كوچىدا سەپ تۈزۈپ ماڭغىنىدا ئۇرۇشتىن قايتقان پىدائىيلارغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. مەھەللىدىكى ئۇششاقلار بەزىدە ئۇلارنىڭ يىراقتىن قارىسىنى كۆرۈپلا «ئەركەكلەر كەلدى، قاقىرلار كەلدى» دەپ چۇرقىرىشىپ ئۆيلىرىگە قاچاتتى. ھەممىلا بوتەينىڭ نومۇرى ئوخشاش بولۇشىغا قارىماي ئەركەك-

لەر ئۆزلىرىنىڭكىنى تېنىمە يلا تېپىۋالاتتى.
ئۇنداق بولۇشى رەۋەيدۇللام بوتەيلەرنىڭ
قونجىنى ئۆزلىرىنىڭ يېشىغا قاراپ چوڭ-كە-
چىك قىلىپ، ھالقا چىقىرىپ ئويۇپ قويغان-
دى. ئەركەكلەر ئائىلىسىنىڭ باش « قوماند-
دان » ى ئاتا بولۇپ، باشقا ئەزالار ئۇنىڭ
سىزىقىدىن چىقمايتتى. ئىككى-ئۈچ يىلنىڭ
ئالدىدا باللارنىڭ ئانىسى يېڭى كۆچۈپ
كەلگەن قوشنىسى كىرگۈزگەن بىر تەخسە
لەڭمەننى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ
ئائىلىدىن قوغلانغانىدى.

— تۇردۇڭلارمۇ، ئەركەكلىرىم؟ بۈگۈن
مۇنداق قىلىمىز. ئالدى بىلەن قوناقنىڭ
ئىككىنچى سۈيىنى تۇتىمىز. كىم بىزدىن سۇ
تالىشىدىكەن شۇنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى
ئۈزۈۋالىمەن. ياق ئۈزۈۋالىمىز، شۇنداقمۇ؟

باللار تەڭلا قىلىپ:

— شۇنداق! — دەپ ۋارقىراشتى.

— ئاندىن ئۆز ئىشىمىزنى قىلىمىز.
يەنىلا دەيدىغىنىم خەقنىڭ بىر چىمدىم
ئۇنىغا، بىر بۇردا نېنىغا، ئىشقىلىپ ئۇلار
بەرگەن نەرسىلەرگە قارىمايمىز. سىلەر
تېخى كىچىك، شۇڭا ئۇ ئادەملەرنىڭ نېمە
ئويلاردا يۈرگەنلىكىنى بىلمەيسىلەر. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىز دېگەن ئەركەك، ئۇ كۈنلەر-
گە قالغىنىمىز يوق تېخى!

بۇ خىتاب ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى
سېپىلدەك تاملار بىلەن قورشالغان بۇ
قورۇدا بىر قېتىم جاراڭلايتتى. باللار
ئادىتى بويىچە چاينى ئىچمەيلا سەپكە
تىزىلدى. رەۋەيدۇللام كىچىك ئوغلى
ئابدۇللامنى ھاپاش قىلدى. ئەبەيدۇللام،
رەخمىتۇللام، خەيرۇللاملار ئۇنىڭ ئارقىسىغا
تىزىلدى. ئەڭ ئارقىسىدىكىنىڭ قولىدا
يايداق ئاتنىڭ بويىندىكى شوينىمۇ بار
ئىدى. ئورۇقلۇقتىن قوۋۇرغىلىرى سىرتقا
چىقىپ، قامچا ئۇرسا ئىگىسىگە ئالىيىپ
ماڭىدىغان بۇ ئاتنى مەھەللىدىكىلەر
« باغاچ ئات » دەپ ئاتىۋالغانىدى. ياغاچ
ئاتمۇ باش قوماندانىنىڭ ھۆكۈمىگە تامامەن
بويسۇناتتى. ئاتمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا باشقىلار
بەرگەن نەرسىلەرنى يېيىش ۋە ئەتىگەن-
لىك « ناشتا » دىن مەھرۇم ئىدى. ئۇلار
قاقىرلاردەك سەپ تۈزۈپ، مەھەللىدىن
قايرىلىپ ئېتىزلىققا قاراپ يول ئالدى. ئوخشاش
نومۇرلۇق بەش جۈپ بوتەي ئېتىزلىققا كېلىپ
توختىدى. باللارنىڭ ئالدى ئون بەشنىڭ
قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، مەھەللىدىكى
بىرمۇ بالىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى. ئەڭ
مۇھىمى، ئۇلار مەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى
چۈشەنمەيتتى. رەۋەيدۇللام بۇلار ئۈچۈن
زۆرۈر تېپىلغاندا تىلماچلىق قىلاتتى. قاتتىق
رىجىم ئاستىدىكى بۇ باللارغا تاشقى مۇھىتمۇ
تەسىر قىلالمىغانىدى.

رەۋەيدۇللام ئابدۇللامنى ئېتىزنىڭ
قىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ياغاچ ئاتنىڭ
شوينىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۆزى
ئەتىسىز، ئەمما ئۈستىخانلىق، كۈچلۈك
گەۋدىسىنى قىرغا تاشلاپ يانپاشلىدى.
سۇ قوشنا ئېتىزغا قاراپ ئېقىۋاتاتتى.
ئەبەيدۇللام سۇغا چۈشتى. ئۇ ئالدى
بىلەن ھىم ئېتىلگەن توساقنى بۇزۇپ
تاشلىدى. ئاندىن ئوت-چۆپلەر بىلەن
قارشى تەرەپتىكى توغاننىڭ ئېغىزىنى
بوغدى. رەخمىتۇللام قوللىرى بىلەن توپا
تاشلاپ چۈشۈرۈپ، توساقنى ھىملىدى.

سۇ ئۇلارنىڭ قوناقلىقىغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، ئاياغ تەرەپتىن بىر ياشانغان كىشى كېلىپ، ئەبەيدۇللامنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى.

— ھوي بالام ئۇنداق قىلمىساڭ بوپتىكەن. ئاز قالغانىدى.

ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان ئەبەيدۇللام ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزىگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ۋارقىرىدى:

— دادا، مايائقا كېلە، ماۋۇ ئادەم نېمە دەيدۇ؟

رەۋەيدۇللام ئۈچ مىتىر يەرنى بىر چامداپ دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كەلدى. ياشانغان كىشى سەل قورققاندەك بولۇپ:

— رەۋەيدەللام، خاپا بولما، خاپا بولما، ئۇقماپتىمەن، — دېدى.

رەۋەيدۇللام جىددەللىشىش ئۈچۈن ئالللىبۇرۇن تەييارلاپ كەلگەن چوقمىقىنى بوۋايغا شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— بالىلارنى قورقىتىپ ئۇنداق سەت ۋارقىرىغۇچى بولما جۇمۇ! سەن خەقنىڭ ھاقارەتلىرىنى ئەركەكلىرىمنىڭ كۆتۈرگۈچىلىكى يوق. توڭگۇزنى تىللاپ ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدىغان ئاۋۇ تىلىڭنىڭ زەھەرلىكىدىن ئەركەكلىرىمگە تىلىڭنى ئۆگەتمىگەنمەن. بولمىسا ھەر كۈنى قانچۇق ئىتتەك تولا كاڭشىپ، ئەركەكلىرىمنىڭ قۇلىقىنى يارا قىلىۋېتەتتىڭلار. مەن ساڭا شۇنداق دەپ قوياي، سەن ئەمەس، ئاۋۇ دۈيجاڭمۇ مېنىڭ بالىلىرىمغا تېگىلىپ قاراشقا پېتىنالمايدۇ. مەن زادى سەن خەقنىڭ دەردىدىن كۈن ئالىمەنمۇ-يوق؟ ھەي پوق ساقال قېرى، تولا جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتمەي ماۋۇ يەردىن تېزكەت، بولمىسا ئاچ قورساق تېرىكىپ تۇرغاندا... — رەۋەيدۇللام شۇنداق چىچىلغىنىچە ئالدىغا قەدەم ئېلىۋېدى، ئۇنىڭ تومۇرلىرى كۆۋەجەپ تۇرغان قوللىرى چوماقنى تېخىمۇ چىڭ قامااللىدى. بوۋاي قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن كۆزدىن غايىپ بولدى.

بوۋاي كېتىپ قېلىپ توغرا قىلدى. ئالدىنقى يىلىغۇ دەيمەن. بۇغداي پىشىشقى مەزگىلى ئىدى. «ياغاچ ئات» ئوتتۇرىدا، ئۈچ بالا ئۈچ تەرەپتە مۆرىسىگە ئارقان ئېلىپ، توپىلىق يولدا بىر تاغار بۇغداي بېسىلغان چانىنى كۆچەپ سۆرەپ كېتىپ باراتتى. رەۋەيدۇللام ئابدۇللامنى ھاپاش قىلغان بولسىمۇ تەرلەپ-پىشىپ چانىنىڭ كەينىدىن ئىتتىرمەكتە ئىدى. يول بويى ھېچكىم بۇ ھالەتكە قاراپ كۈلمىدى ياكى بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ، ئۇلارغا ئەقىل كۆرسەتمىدى. پەقەت كۆڭۈلچەك بوۋايلا، نېمە كۆرسەم كۆرمەمدىم، دېگەندەك قىلىپ ئۆيىدىن ئېشەك ھارۋىسىنى ئەكەلدى ۋە بۇغدايىنى ھارۋىغا بېسىشنى ئۆلتىجا قىلدى. ئەمما غەزەپتىن تىترىگەن رەۋەيدۇللام ئابدۇللامنى دۈمبىسىدىن چۈشۈپ قويۇپ، بوۋايغا گۆلەيدى.

— پاھ، پاھ، مۇشۇ سىلەرنىڭ دەردىڭلاردىن خاتىرجەم ياشىغىلىمۇ بولمامدۇ زادى-ھە؟ ھېي، بىلىپ قوي، بىز ئەركەكلەر سەندەك پۈتىغا تەپسە، بېشى لىڭشىيدىغان ئۆلۈمتۈكلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج ئەمەس. ماڭە جۇگۇ، ئۆيۈڭگە بېرىپ ئەتكەن چېيىڭنى ئىسسىقىدا ئىچ، بولمىسا...

بوۋاي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— قاراڭ ئۇكام، بۇ توپىلىق يولدا چانا بىلەن... — بوۋاينىڭ گېپى تۈگە--

تۈگمە يىلا رەۋەيدۇللام ئۇنىڭ گۈشى قېچىپ قالغان ئەتسىز يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى. بالىلارمۇ رەۋەيدۇللامنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈلۈپ كېلىپ، چۈجە-خورازلاردەك ھۆرپىيىشكە باشلىدى. ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن بوۋاي ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ بەدەر قاچتى.

ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. سۇ بىرەر موچە كېلىدىغان قوناقلىقنى قاندۇرغانىدى. ئاتا ئەركىلىرىنى يىغدى.

— ئەركىلىرىم، بىز ئەمدى ھېلىقى يەرگە بارىمىز.

— دادا، ھېلىقى يەر دېگەن بىز كۈندە بارىدىغان ھۆكۈمەتمۇ؟ — سورىدى بالىلارنىڭ كىچىكى ئابدۇللام گەرچە كۈندە بىر قېتىم شۇ يەرگە بېرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ.

— ھەئە، ئۇ دېگەن ھۆكۈمەت. ھۆكۈمەت دېگەن ماۋۇ لامزەللەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىزگە ئۇن، نان بەرمەيدۇ. ئېتىزنىڭ بېشىغا بېرىۋالمايدۇ. سىلەرگە تول خوتۇندەك تولا گەپ قىلىپ، بېشىڭلارنى ئاغرىتمايدۇ. ئۇ پەقەت بىزگە پۇللا بېرىدۇ.

— دادا، ھۆكۈمەت دېگەن قانچىلىك ئادەم؟ — سورىدى ئابدۇللام چۈشەنمەي.

— چىشىم چىقىپ مەنمۇ ھۆكۈمەتنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر قېتىم بېشىم ئاغرىپ، ئېسىمنى يوقىتىپ يېتىپ قالسام باشقىلار، ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ يېنىمغا كېلىشكە ئۇنىماپتۇ. ئەمما ھۆكۈمەت مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپتۇ. ئىشقىلىپ ھۆكۈمەت ياخشى ئادەم. جۇرۇڭلار...

قارا كىيىم كىيگەن ئەركىلەر سەپ تۈزۈپ، پايپاقسىز پۇتلىرىغا كىيگەن بوتەيلىرىنى كولدۇرلاتقىنىچە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭ خېلىغىچە بېسىقمىدى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ سېپىگە دەخلى يەتكۈزمىدى، رەۋەيدۇللام خۇددى يول باشلىغۇچى قېرى ئۆچكىلەردەك ئەركىلەرنى يولنىڭ چېتى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ئۇلار چوڭ دەرۋازىنىڭ بىقىنىدىكى كۆچەتلىك ئارىسىغا كىرىپ جايلاشتى. رەۋەيدۇللام دەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ، «ياغاچ ئات»قا تاشلاپ بەردى. ئۇلار شۇ ئولتۇرغانچە چۈش قىلدى-دە، يەنە كولدۇرلاپ، كەلگەن يولى بىلەن سەپلىرىنى بۇزماي ئۆيگە قاراپ ماڭدى. بۇ ئىشنىڭ تەكرارلىنىۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى. خەيرى-ساخاۋەتلىك كىشلەرنىڭ ئىلتىپاتى مۇشۇ ھۆكۈمەتتە كاتىپلىق قىلىۋاتقان تۇرسۇن دېگەن يىگىتنىڭ قولى ئارقىلىق رەۋەيدۇللامغا تېگەتتى. تۇرسۇن ھەر قېتىم پارچە-پۇرات پۇللارنى ئېلىپ چىققىنىدا «ھۆكۈمەت ھازىرچە مۇشۇنچىلىك بەردى، كېيىن تاپقاندا يەنە بېرىمەن. شۇڭا بۇ يەرگە كېلىۋالماي ئۆيىڭ ئىشىنى خاتىرجەم قىلىۋەرسۇن، دېدى» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. ئەمما بۇ سۆزلەر رەۋەيدۇللامغا تەسىر قىلمايتتى. رەۋەيدۇللامنىڭ بار-يوقى ئاشۇ بىرموچە دېھقانچىلىق يېرىلا بار ئىدى. ئۇ يەرگە بىر يىلى قوناق تېرىسا، يەنە بىر يىلى بۇغداي تېراتتى. ئۇ يەرگە ياغاچ ئاتنىڭ تېزىكىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە چاچمايتتى. ئېتىزدىن چىققان مەھسۇلاتنى بالىلىرىغىمۇ يېگۈزمەي، ياغاچ ئاتقا بېرەتتى. ئۆزلىرىنىڭ يەيدىغىنى بىلەن كىيىدىغىنىنى «ھۆكۈ-

مەت» بەرگەن پۇلغا سېتىۋالاتتى.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. خېلى كۆپ نەرسە-لەر ئۆزگەردى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى. قوي قوتىنىغا ئوخشايدىغان كىنوخانىنىڭ ئەسكى تاملىرى چېقىلىپ، ئورنىغا خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ يازلىق كىنوخانا سېلىندى. باللار-نىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ، ئەرلىك يېشىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەركەكلەر ئائىلىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، قارا چىبەرقۇت كىيىملىرى، ئوخشاش نومۇرلۇق بوتەيلىرى ۋە پاكار، زەي ئۆيلىرى ئۆزگەرمىدى.

پەقەت باللار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا سۆزلىشىدىغان ئايرىم «تىل»لار سەل مۆكەممەللەشتى.

رەۋەيدۇللام گەجگە-سىنىڭ تۈكى چۈشكەن جېدەلخور خورازلاردەك ئۆرگە ئەقىل كۆرسەت-كۈچىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، مەھەللىدىكىلەر-نى ئۆزلىرىدىن تامام بەزدۈردى.

بىر كۈنى رەۋەيدۇللام ئېتىزدا ئىشلە-ۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ، يامغۇر تامچىلاپ ئۆتۈپ توختىدى. رەۋەيدۇللام ئېتىزدىكى ئىشنى توختىتىپ ئەركەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە قايتتى. ئۇ دەرۋازا ئىچىدىن سىم بىلەن چىڭ باغلىدى. «ياغاچ ئات» بىلەن باللىرىنى كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئۆيگە سولىدى. ئۆزى چاي قاينىتىش ئۈچۈن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدى-كى ئاستىغا تاش تىزىپ چوقچايتىپ قويغان پۇچۇق قازانىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ يوغان داش قازاننى قايسى بىر يىلى «ھۆكۈ-مەت» بەرگەنىدى. ئۇ قازاننىڭ لېۋىگە كېلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى چەكچەيدى. قۇرغاق لەۋلىرى تىترىدى. ھۇ، ئاناڭنى، ئەمدى مۇشۇ ئىش قالدىما؟ مېنىڭ قازىنىمغا سىيگەن ھەزلەكنىڭ قانچە بېشى باركىن؟ قېنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي... رەۋەيدۇللام ئۇدۇل ئۆيگە كىردى-دە، سىلىقلىنىپ



كەتكەن بىلەكتەك ئۇزۇنلۇقتىكى چومىقىنى ئالدى. دەرۋازىنى ئېچىپ، كوچىغا قاراپ يولۋاستەك ھۆركىرەپ، بوراندەك يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى چوڭ يولغا ئايلىنىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ توختىدى.

يول ياقىسىدىكى دۇكاننىڭ ئالدىدا بىرنەچ-چە بالا ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. رەۋەيدۇل-لام تەرىنى بۇزۇپ ئۇلارغا خىرىس قىلدى. چالا كەيىپ باللاردىن بىرى سورىدى:

— رەۋەيدۇللاكا، نېمە بولدى؟
— نېمە بولدى دەيسەنغۇ ئىتنىڭ بالىسى. مېنىڭ قازىنىمغا بىرەر چىۋىننىڭ غەيرەت قىلىپ قونۇپ باقىنىنى كۆرۈپ باقمايتىكەنمەن. ھەجەپ سەن خەق بېرىپ ئۇنىڭغا سىيىپ قويۇشۇپسەنغۇ. مېنى بوزەك قىلمساڭ يېگىنىڭ هارام بولامدۇ سەن ھەزلەكلەرنىڭ...

— مۇنداق دەڭ، — دېدى قىزىقچىلىق قىلىپلا يۈرۈيدىغان ئابدۇۋەلى ئۇسمىلىك ئورۇق، ئېگىز كەلگەن بالا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بايام جاپپار توك مەن رەۋەيدۇللامىنىڭ قازىنىغا سىيىپ قويدۇم، نوچى بولسا مېنى ئىزدىسۇن دەپ، ئاۋۇ تاۋۇز سېتىۋاتقان مەسۇمجاننىڭ يېنىغا كەتكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەۋەيدۇللام چاپىنىنىڭ يېڭىنى بىلەككىچە تۈردى. ئاندىن كالتىكنى يەرگە ئىككىنى ئۇرۇپ قويۇپ، مەسۇمجاننىڭ تاۋۇز سېتىۋاتقان لەمپىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تەتۈر ئۇستىخانلىق جاپپار توك لەمپە ئاستىدا ئېيىقتەك زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. رەۋەيدۇللام شۇ بارغانچە ئۇنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن بىرنى سالدى. جاپپار توك ئالدىغا بىر ئاز مۈكچەيدى-دە، ئاندىن تېزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. رەۋەيدۇللام يەنە قولىنى كۆتۈرۈۋېدى، جاپپار توك ئۇنىڭ كالتەك تۇتقان قولىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، كاللا بىلەن يۈزىگە كوچەپ ئۇردى. رەۋەيدۇللام ئارقىسىدىكى سۇسىز ئېرىققا ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئۇ خېلىغىچە كۆزىنى ئاچمىدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىغان جاپپار توك بېشىدىن قويۇلۇۋاتقان قانىنى سۈرتكەچ ئەتراپتىكىلەردىن سورىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئەمدىلا ئېسىگە كېلىپ مەدىراۋاتقان رەۋەيدۇللامىنىڭ ياقىسىدىن يۈلۈپ ئېلىپ، مۇشت بىلەن يۈزىگە بىرنى قويدى. رەۋەيدۇللام بۇ قېتىم بايىقىدىنمۇ يىراقراق يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. ئاغزى-بۇرنىدىن ئاققان قان ئۇنى قورقۇنچلۇق هالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. جاپپار توك پېشنى قېقىپ قويۇپ، كېتىپ قالدى. رەۋەيدۇللامنى يۆلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئارىدىن ئازراق ۋاقت ئۆتكەندە بىرەيلەن ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە سوغۇق سۇ سەپتى. رەۋەيدۇللام بىر سەسكىنىپ كۆزىنى ئاچتى. مەسۇمجان ئۇنىڭغا بىر جاۋۇر سۇ ئەكىلىپ بەردى. رەۋەيدۇللام يۈزىنى چالا-پۇچۇق يۇيدى. ئاندىن ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلماي چومىقىنى قولتۇقىغا قىسىنچە تالشىپ يېگىلىپ قالغان ئىنتەك ئۆيى تەرەپكە قاراپ سوكۇلدىدى. ئۆمرىنى باشقىلارنى ئورۇش، مۇتتەھەملىك قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان رەۋەيدۇللامىنىڭ بايامقى هالىتىگە قاراپ باللار: بۇنىڭ ئەدىپىنى مۇشۇنداق بىرىپ تۇرسا بولغۇدەك، ئاۋۇ تىل ئۇقمايدىغان ئەركەكلىرىمۇ مۇتتەھەملىكتە دادىسىنىڭ ئىزىنى نەق بېسىپتۇ... دەپ كوتۇلدىكىلىرىنى ئېيتىشتى. بۇ گەپ مەھەللىگە بىر تارالدى. ئەسلى قازانغا ھېچكىم سىيمىگەنىدى. ئۇ ھېلىقى سىم-سىم يامغۇرنىڭ قازانغا يىغىلىپ قالغان سۈيى ئىدى. رەۋەيدۇللام خىلىلا ياۋاشلاپ قالدى. ئەمدى كوچىدا ئەركەكلەرنىڭ قاقىرلاردەك سەپ تۈزۈپ مېڭىشلىرى كۆزگە كەمدىن-كەم چېلىقىدىغان، رەۋەيدۇللامىنىڭمۇ باشقىلارغا

ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن قول سالىدىغان مۇتتەھەملىكى يوقاپ قالغاندەك بولدى.

رەۋەيدۇللام شۇ كۈندىن باشلاپ ئەركەكلەرنى ئۆيگە سولىۋالدى. ئۇنىڭ ھېسپتەك كۆپكەن يۈز-كۆزلىرىدىكى ئىششىق سەل ياندى. ئۇ قورسىقى ئېچىپ چاپلىشىپ كەتكەن «ياغاچ ئات»قا تام تۆۋىدە ئۆسۈپ قالغان ئوت-چۆپلەرنى يۇلۇپ بېرىۋاتاتتى. دەرۋازا ھالقىلىرى شاراقشىدى. ئۇ قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئالدى، دەرۋازىنىڭ سىملىرىنى بوشاتتى. دەرۋازا ئالدىدا ئۇدۇل قوشنىسى سىراجە-دىن توكۇر خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك نوكچايسىز ھالەتتە تۇراتتى. بۇ كىشى ئادەتتە ئانچە ئاقساپ كەتمىسمۇ، بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدىن كېيىن پۇتىنى سەللا ئاياپ ماڭغانلىقىغا قاراپ كىشىلەر شۇنداق ئاتىشىۋالغانىدى.

— قاراڭ، رەۋەيدۇللام مۇنداق ئىش ئىدى، بۇلتۇرمۇ سىزگە دەپ كۆرەيلى دېگەنىدۇق بىراق سىزنى خاپا قىلىپ قويارمىزمىكىن دەپ... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە رەۋەيدۇللام سىراجىدىن توكۇرنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ھە، ئۇچۇق گەپنى قىلىڭا؟ زادى نېمە گەپ ئىدى؟

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مانا ماۋۇ ئۆيلەر بەكلا كونىراپ كەتتى. شۇڭا تامنى ئۆرۈپ، باشقىدىن ئۆي سالايلىمىكىن دېگەنىدۇق... — دېدى سىراجىدىن توكۇر دۈمبىسىنى رەۋەيدۇللاملار-نىڭ ھويلىسىغا قارىتىپ تۇرغان كونا ئۆيلەر-نى ئىما قىلىپ، رەۋەيدۇللامنىڭ گەرچە غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، بولىدۇ دېدى تولىمۇ تەسلىكتە. لېكىن ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئاخىرىدا:

— سىراق، ئۆيۈمگە ئوغرى چۈشسە، باللىرىم، ئېتىم زىيان-زەخمەتكە يولۇقسا بېشىڭىز بىلەن جاۋاب بېرىسىز بولامدۇ؟

— دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېلىشتى. رەۋەي-دۇللام تام ئۆرۈلگەن كۈندىن باشلاپ ئىش بېشىدا تۇردى. باللار بىلەن «ياغاچ ئات» ئۆيدە سولاقلىق پېتى تۇرۇۋەردى. پەقەت ئىشلەمچىلەر ئىشتىن چۈشۈپ قايتقاندىلا باللار قاتتىق ناننى سۇغا چىلاپ يېسە، «ياغاچ ئات» ھويلىنىڭ ئۇ يەر-بۇيەرلىرىدە ئۆسۈپ قالغان باۋا ئوت-چۆپلەر بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلە-دى. رەۋەيدۇللام كېچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ گىجىڭلىق قىلىپ، تالاي قېتىم سىراجىدىن توكۇرنىڭ جېنىنى ئېلىپ ياندا قويدى.

تام كۆتۈرۈلۈپ، ئادەم بويى بولغان كۈنى چۈشتىن كېيىن رەۋەيدۇللام قورۇلۇش مەيدانىدا تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئەركەكلەر ئۆي ئىچىدە چۇقان كۆتۈردى. رەۋەيدۇللام ئارقىغا بۇرۇلۇپ، غەزەپ بىلەن ئىشىكنى ئاچتى. ئەركەكلەرنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى.

— نېمە بولۇشتۇڭ؟ بالانى يەيدىغان ئاپەتلەر!

— دادا، ئات ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

— نېمە!؟

رەۋەلدۇللام ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. دېگەندەك «ياغاچ ئات» پۇتلىرىنى كېرىپ، تىلىنى چىشلىگەن پېتى ياتاتتى.

رەۋەيدۇللام ئاتنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆردى. بىرەر قېتىممۇ تويغۇدەك ئۇزۇقلىنىپ كۆرمىگەن « ياغاچ ئات » ئەركىلەر ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك ئارامگاھىغا كەتكەنىدى. ئەركىلەر ئېغىر مۇسىبەتكە چۈشتى. ئۇلار « ياغاچ ئات » - نىڭ ئۆلۈكىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياتقۇزۇپ قويدى. رەۋەيدۇللام ئۆيدىن بىر پارچە ئاق لاتا تېپىپ چىقتى. ئۇ لاتىنى بەش پارچە قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن بالىلىرىغا باغلىدى. ئەركىلەر ئاتنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ھەسرەتلىك يىغلىدى. ئۇلار « مېيىت » نى بىر كۈن ساقلىغاندىن كېيىن، ئەتىسى باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا « دەپنە » - قىلدى. ئۇلۇم ھەممىدىن بەك رەۋەيدۇللامغا ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ تاياق زەربىسىدىن قېپقىزىل قان ئۇيغان كۆزى ياشتىن قورۇمىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىدى. گەرچە ئۇ ئاتنىڭ ئۆلۈمىنى مەھەللىدىكىلەردىن كۆرسىمۇ ئاۋۋالقىدەك كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، سىراجىدىن توكۇرنىڭ ئۆيىنىڭ پۈتۈپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇ سەل سەگەكلەشكەندەك بولدى-دە، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سىراجىدىن توكۇرنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ئۇنىڭ قان قاچقان چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كەتكەن سىراجىدىن خاۋاتىرلىنىپ سورىدى:

— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— مەن ئۆيۈڭنىڭ قانداق پۈتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەپتىمەن. ئەگەر مەن تەرەپكە پۈلك ئۆتۈپ كەتسە جاۋابىنى بېرىسەن. جۆرە، ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تەكشۈرىمىز.

سىراجىدىن توكۇر ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈشتىن كېيىنلا رەۋەيدۇللام قانائەت ھاسىل قىلدى. سىراجىدىن توكۇر ئۇھ دەپ ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۆزىنىڭ ھويلىسى تەرەپكە چىقىرىلغان گەرنىزگە قاراپ رەۋەيدۇللام سەل تۇرۇپ قالدى ۋە بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك بولدى-دە، ۋارقىرىدى.

— سىراجىدىن توكۇر، ھوي سىراجدىن توكۇر، بۇياققا كەل!

سىراجىدىن توكۇر قايتىپ كەلدى. غەزەپتىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپكەن رەۋەيدۇللام سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي، زادى مەن ئادەممۇ ئەمەس، بىرنىڭ بالىلىرىغا كۈن بەرمىسەڭ، بىرنىڭ مېنى ئۇرساڭ، بىرنىڭ ئېتىمغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرسەڭ، ئەمدى كېلىپ سەن توكۇر گەرنىزىڭنى تامنىڭ تۈۋى بىلەن تەڭ چىقارماي، نېمە دەپ مەن تەرەپكە دىڭگايتىسەن؟ مېنىڭ يېرىم يەر ئەمەسمۇ؟

سىراجىدىن توكۇر چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— قاراڭ رەۋەيدۇللام، بۇ دىگەن بىر پاسونكەن، ناھايىتى سىز تەرەپكە كىرسە ئۈچ سانتا كىرگەندۇر. يەنە كېلىپ ئۇ بىر بوشلۇقتا تۇرسا، سىزگە ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.

— نېمە، ئۈچ سانتا بولسىمۇ ئۇ دىگەن ماڭا قاراشلىق يەر، مۇشۇ يەرنىڭ ئاسمىنىمۇ مېنىڭ.

سىراجىدىن توكۇر ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ، قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، دەرھال بېرىپ ئۇستامنى

چاقىرىپ كەلدى. ئۇ ستام يىرىم كۈن ھەپىلىشىپ، كېسەكلەرنى ئارقىغا تارتتى. تام بىلەن تۇپتۇز چىققان بۇ يېڭىچە گەرنىز كىشلەرگە چېكىلىكى يوق شەبكىنى ئەسلىتىپ قويدى.

ئۆيقۇسى قاچقان رەۋەيدۇللام ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمادى. ئۇنىڭ خىيالى سىراجىدىن توكۇرنىڭ ئۆيىگە مەركەزلەشكەندە نىرۋىلىرى سەگەشلەشتى. راست، مەن بىر ئىشنى باشتىلا چالا قىلغان ئوخشايمەن. ئۇ، بوتىينى كىيدى-دە، كالتە ئىشتان بىلەنلا تالاغا چىقتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى خۇددى ئىككى كانەيگە لاخشىگرنى سانچىپ قويغاندەكلا كۆرۈنەتتى. تولۇن ئاي ئەتراپنى تەكشى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ بىرىپ تامنىڭ ئۇلىنى كولىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇل تاشلار ئۇنىڭ ھويلىسى تەرەپكە غىرىچچىلىك كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەركەكلەرنى ئويغىتىپ، تامنىڭ ئۇلىنى كولاشقا باشلىدى. ئۇلار تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر ئاشۇ ھەركەتلىرىنى توختاتمىدى. تام تۈۋىدىن كولىنىپ چىققان تاشلار يوغان بىر دۆۋە ھاسىل قىلدى. ئاستى ئويدانلا كاۋاكلاشقان كېسەك تام تەۋرىنىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى. بىر چاغدا گۇلدۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك بىر ئۆينىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئەركەكلەر قورقىنىدىن ھويلا تەرەپكە قاچتى. ئۇلار دادىسىنى ئازراق كۆتتى. ئەمما سادا بولمىدى. ئەركەكلەر تام ئۆرۈلگەن يەرگە كېلىشىدى، رەۋەيدۇللامنىڭ كىيملىرىنىڭ ئۇ يەر بۇيەرلىرى كېسەكلەر ئارىسىدىن كۆرۈندى. ئۇلار كېسەكلەرنى ئېلىپ، دادىسىنى سۆرەپ چىقتى. بۇ چاغدا رەۋەيدۇللامنىڭ ئاللىقاچان جېنى چىقىپ بولغانىدى. ھەش-پەش دېگۈچە جامائەت يىغىلدى. ھويلىغا يىغىلغانلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى بۇ ھويلىغا قەدەم بېسىپ باقمىغانلىرى كۆپ ئىدى. جامائەت رەۋەيدۇللامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن پايىپېتەك بولماقتا. ئەتىسى پېشىن نامازدىن كېيىن، رەۋەيدۇللامنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. جىنازا كۆتۈرگەنلەر ئارىسىدا ئۇدۇل چىشى يوق ئابدۇرۇسۇل دېگەن كىشى، ناھەق شاپىلاق يېگەن كۆكۈلچەك بوۋاي، جاپپار توك ۋە باشقىلار بار ئىدى. ئەركەكلەر جىنازىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ مېڭىشتى. ئالدىدىكى يول باشلاپ ماڭغۇچى رەۋەيدۇللام بىلەن ئارقىدا ئەگىشىپ ماڭىدىغان «ياغاچ ئات» بولمىغاچقا، ئەركەكلەرنىڭ رېتى بۇزۇلدى. ئۇلار ئايىغى چىقىپ بوگۇن تۈنجى قېتىم يەنى دادىسىنى يەرلەيدىغان كۈنى ئۆز ئەركىنلىكى بىلەن قەدەم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

مەھەللە جامائىتى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئەركەكلەرنىڭ ئانىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ قايتۇرۇپ كەلدى. ئانا باللىرىنى پاكىز يۇيۇپ كىيىندۇردى. يېزىلىق دوختۇرخانا ئابدۇللامنىڭ كۆزىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. مەكتەپ باللارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلدى.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ سانىدىن ئېلىندى)

مەسئۇل مۇھەررىر ماموت زايىت

## يىغىندا جەم بولۇشتى كۆپ قەلەمكەش،
## دىللاردا لاۋۇلدىدى يېڭى ئاتەش

« تارىم » ژۇرنىلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە ساھىبخانلىقى بىلەن بۇ يىل 25-سېنتەبىردىن 27-سېنتەبىرگىچە پىچان ناھىيىسىدە 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا « تارىم »، « قەشقەر ئەدەبىياتى »، « ئىلى دەرياسى »، « يېڭى قاشتېشى »، « تۇرپان »، « ئاقسۇ ئەدەبىياتى »، « قۇمۇل ئەدەبىياتى »، « مايبۇلاق »، « مىللەتلەر ئەدەبىياتى »، « تەڭرىتاغ » ۋە « بوستان » قاتارلىق 11 ژۇرنالنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئاپتورلار، مۇھەررىرلەر، ئەدەبىي تەرجىمانلار، تەتقىقاتچىلاردىن بولۇپ 70 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش ئاپتورلار، كەسپىي يازغۇچىلار، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىن كەلگەنلەر، دېھقانلار بار. ئۇلار ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان.

يىغىن ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەپ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىنغا قىزغىن سالام يوللاپ، يىغىن قاتناشچىلىرىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقى ۋە مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا تەبرىك خەت ئەۋەتىپ، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى. يەنە شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى ھوشۇر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، « مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جىدى ماجا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۇڭمىڭ، « مىللەتلەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە بۇ تەھرىر بۆلۈمىدىن ئەكبەر غۇلام قاتارلىق كىشىلەر ۋە ئورۇنلارمۇ تەبرىك تېلېگراممىسى، تەبرىك خەت ئەۋەتىپ ياكى

تېلېفون بىرىپ، يىغىننى قىزغىن قۇتلۇقلىدى.

يولداش روزى هوشۇرنىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «‹ تارىم › ژۇرنىلى قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار هەم ئەدەبىيات مۇنبىرى، هەم چوڭ مەكتەپ، بۇ ژۇرناللار ئۆز سەهىپىلىرىدىن قىممەتلىك ئورۇن ئاجرىتىپ، هەربىي قىسمدىكى كوماندىر-جەڭچى ئاپتورلارنىڭ كۆيلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى؛ قىسمدىكى هەۋەسكارلار ۋە ئاپتورلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپلىگەن تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، قىسمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، ئارمىيە بىلەن خەلق، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە زور تۆهپە قوشتى. ‹ تارىم › قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ بۇ جەهەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

بۇ قېتىم بۇ ژۇرناللار بىرلىكتە 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇهاكىمە يىغىنىنى ئاچماقچى بولۇپتۇ. مەن بۇ يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشىنى، يىغىن ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور تۆهپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»


يولداش جىدى ماجانىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

« 7-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 3-نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇهاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن. خىزمەت سەۋەبىدىن بۇ يىغىنغا قاتنىشالمىغانلىقىمغا ئەپۇسلانماقتىمەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخى ئەنئەنىگە ئىگە. يېڭى دەۋردە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاش ۋە مۇهاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگۈسى. مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى جۇڭخۇا ئەدەبىيات باغچىسىدىكى چىرايلىق گۈل. مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە



مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىشلىرى ئۈچۈن تۆهپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، تۇرپان ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، پىچان ناهىيىسى



قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ئالاقىدار ساهەلەرنىڭ رەهبەرلىرىدىن قەييۇم تۇردى، مەهەممەت رەجەپ، توختى سابىر، سەمەت ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم




رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسى ۋە ھەيئەت رىياسىتى نامىدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇننىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىللە يىغىندىن ۋە بارلىق ئاپتورلاردىن كۈتىدىغان سەمىمىي ئۈمىدىنى بىلدۈرۈپ بەرگەن تۆت نۇقتىلىق مۇھىم يوليورۇقنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرنىڭ «دادىل ئىزدىنىپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى» دېگەن يازما سۆزى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىندا يەنە تۇرپان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى مەھەممەت رەجەت، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق باش شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، يازغۇچى توختى سابىر، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەتمىن ھوشۇر، پىچان ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاپپار ئىبراھىم، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەھەممەت شاۋۇدۇن قاتارلىق كىشىلەر تەبرىك سۆز قىلدى.



يىغىندا 24 ئاپتور، 3 مۇھەررىر مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىپ كېلىۋاتقان قازاق، قىرغىز، تاجىك ئاپتورلاردىن ئۈچ ئاپتورغا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى بېرىلدى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، مۇكاپاتلانغانلارنىڭ 95 پىرسەنتىنى كۆپرەكى ياش ئاپتورلار بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان مەتسېلىم مەتقاسىم، ئابلىز ئوسمان، ئېزىزجان سادىر، ئەسئەت ئابدۇرېشىت، روزى يۈسۈپ قاتارلىق ئۈمىدلىك ياش ئاپتورلار بار. بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغان ئاپتور ۋە ئەسەرلەرنى قوشقاندا، ھازىرغىچە خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتور ۋە ئەسەر 190 گە يەتتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئىنتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ژۇرناللارنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى بولدى. يىغىندا «تارىم»، «تۇرپان»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «مايبۇلاق»، «تەڭرىتاغ» ژۇرناللىرى ژۇرنال باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى.

يىغىندا يەنە نادىر ئەسەر ۋە تالانت ئىگىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشتىن ئىبارەت مەركىزىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا تولۇق بىر كۈن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.



مۇھاكىمە قىزغىن
كەيپىياتتا ئېلىپ
بېرىلدى. مۇھاكىمە-
دە ۋاڭ جۇڭمېڭ،
زوردۇن سابىر،
توختى سابىر، مەھەم-
مەت شاۋۇدۇن،
ئىسمائىل تۆمۈرى،
شەرىپىدىن ئۆمەر،
ئەرشىدىن تاتلىق،
ئوسمانجان ساۋۇت بە-
لەن مامۇت زايىت،
جۈرئەت سەيپۇللا، ئەكبەر -
غۇلام قاتارلىق كىشىلەر
سۆز قىلدى، ماقالە
ئوقۇدى ياكى ئۇلارنىڭ
ماقالىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. تەجربە ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە يىغىنغا مەتىمىن ھوشۇر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، زوردۇن سابىر، ئارسلان رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن جەريانىدا قەييۇم تۇردى، مەتىمىن ھوشۇر، زوردۇن سابىر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت شاھنىياز قاتارلىق يولداشلار پىچان ناھىيىسىنىڭ كەسىپى يازغۇچىسى مەرھۇم ئابابەكرى ئەمەتنىڭ ئائىلىسىنى يوقلىدى. كۆپچىلىك پىچان ناھىيىسىدە يېڭى بەرپا قىلىنغان تەرەققىيات رايونىنى، چىقتىم، لۈكچۈن يېزىلىرىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت داۋامىدا لۈكچۈن يېزىسىنىڭ تۇر تۇۋى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىكى ئۆسمۈرلەر ئورۇنلىغان مۇقام نومۇرلىرىنى كۆرۈپ، ھەممە يلەن ھاياجانلاندى ۋە ئۇلارنىڭ غەيرىتى، ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى، ئالقىش ياڭراتتى. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارنى 500 يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاپ ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىك يەنە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا بېزەكلىك، ئىدىقۇت قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى زىيارەت قىلدى، بۇ زىيارەتلەر يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئۆگىنىش بولۇپ، قەلەمكەشلەرنى چوڭقۇر ئىلھام ۋە تەسىراتقا ئىگە قىلدى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەلىپى ۋە يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن كېلەر قېتىملىق يىغىننى 1997-يىلى يازدا قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى يىغىننى قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، يىغىنغا ھەر جەھەتتىن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن پىچان ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن پىچان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نامىدىن ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ لەۋھە تەقدىم قىلدى.

ئۆز خەۋىرىمىز

## 7-قىتئەلىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار

«تارىم» ژۇرنىلىدىن:

«باھار يەنە كېلىدۇ» (پوۋېست) 95-يىل 96-يىل 1-،2-سان. مەتتۇسىلىم مەتقاسىم

«يۈلغۈن» (ھېكايە) 96-يىل 6-سان. ئېزىزجان سادىر

«جېمى جايدا جاراڭلار يېڭى يىللىق قەدەھ-جام» (شېئىر) 96-يىل 1-سان. مۇھەممەتجان راشىدىن

«ئۇربىتادىكى سەييارىلەر پاجىئەسى ۋە مەنىۋى نامراتلىق» (ئوبزور)، 94-يىل 6-سان. خەلچەم رېشىت

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن:

«پەرىشتە قونغان ماكان» (ھېكايە) 95-يىل 4-سان. ۋەلى داۋۇت

«سادا!» (نەسىر) 95-يىل 3-سان، ئەخمەت ئىمىن

«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىن:

«ئەركەكلەر» (ھېكايە) 95-يىل 5-6-سان. ئەسئەت ئابدۇرېشىت

«كۆلۈمسىرەش» (شېئىر) 95-يىل 2-سان. ئابلەت ئابدۇللا

«تۇرپان» ژۇرنىلىدىن:

«ئاھ، كېپتار» (پوۋېست) 95-يىل 1-سان. روزى يۈسۈپ

«ياۋا جىگدە» (ھېكايە) 95-يىل 3-سان. ئۆمەر ئابدۇللا

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن:

«ئۇدۇل قوشنىلار» (ھېكايە) 96-يىل 2-سان. روشەن سەيدۇللا

«ئوبناق كۆيلەر» (شېئىر) 94-يىل 4-سان. ئابلىز ئۆمەر ھاجى

«بوستان» ژۇرنىلىدىن:

«ماھىرەنىڭ خاتىرىسى» (ھېكايە) 95-يىل 1-،2-سان. تۇرسۇن ماخمۇت

«شېئىرلار» 94-يىل 4-سان. ھەبىبۇللا خوجا

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىن:

«شېھىد» (پوۋېست) 95-يىل 5-،6-سان. مەتقاسىم ئابدۇراخمان

«تەمەگەر» (ھېكايە) 96-يىل 3-سان. ئالىمجان رەجەپ

«مايىبۇلاق» ژۇرنىلىدىن:

«ھاشارات» (ھېكايە) جۇما باي جەكسەنباي

«رۇبائىيلار» 95-يىل 3-سان. مۇھەممەت مەمتىلى

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن:

«لاي سۇ ئىچكەن جانلار» (پوۋېست) سۇيۇكچىك (تەرجىمىسى) 96-يىل 5-سان

«چار خوراز» (ھېكايە) ئەكبەر غۇلام (تەرجىمىسى) 95-يىل 10-سان

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن:

«دەريا ئۇخلىمايدۇ» (پوۋېست) 94-يىل 5-سان. ئەخمەت موساق

«چىرايلىق ئالۋاستى» (چاتما نەسىر) 94-يىل 6-سان. مەھەممەت ئابلىز بۆرىيار

« ئاقسۇ ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن :
« پىلسىرات كۆۋرۈكى » (پوۋېست) 95-يىل 2-، 3-، 4-سان. ئابلىز ئوسمان
« ئەرۋاھلار ماجىراسى » (ھېكايە) 96-يىل 2-سان. ئوسمان ھوشۇر

## رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار

« تارىم » ژۇرنىلىدىن :
« ت. ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار » (ئوبزور) قاۋسىلقان قامجان (قازاق)
« يامغۇر تەپتى » (ھېكايە) خالىپە ساۋۇت (قىرغىز)
« قۇياشنىڭ زىنياسىدۇر ئارمانلىرىم » (شېئىر) قۇربانەم ئاخۇنباي (تاجىك)

## مۇنەۋۋەر مۇھەررىر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر

« تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن: قېيۇم تۇرسۇن
« تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن: ئەركىن نۇر
« ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن: شاكىرجان ئىبلاجى

## روسىيەدە يېسېنىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى خاتىرلەندى

بۇ يىل روسىيىنىڭ داڭلىق شائىرى سېرگېي يېسېنىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بۇ ئۇلۇغ رۇس شائىرىنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن روسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داغدۇغىلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى.

سېرگېي يېسېنىن قىسقىغىنا 30 يىللىق ھاياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقلىرى ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرى. روسىيەدە چىقىدىغان « ئەدەبىيات گېزىتى » نىڭ 1995-يىل 4-ئۆكتەبىر سانىدىكى خەۋەردە دېيىلىشىچە، خاتىرلەش پائالىيىتى شائىرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 3-ئۆكتەبىردىن بۇرۇنلا باشلىنىپ بولغان. 26-سېنتەبىر مۇخبىرلار ئائىلىسىدە يېسېنىننىڭ كىتابلىرىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. 28-سېنتەبىر كۈنى « گوركى دۇنيا ئەدەبىياتى » تەتقىقات ئورنى شائىرنىڭ شېئىرلار توپلىمىنىڭ 1-تومىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ توپلام جەمئىي يەتتە توم بولۇپ، 1996-يىلى تاماملىنىش پىلانلانغان. 29-سېنتەبىردىن 2-ئۆكتەبىرگىچە « دۇنيا ئەدەبىياتى » تەتقىقات ئورنى « يېسېنىن 21-ئەسىردە » تېمىسىدا چوڭ تىپتىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ يېسېنىننى تونۇشتۇرۇش، يېسېنىننى تەتقىق قىلىش ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى.

شائىرنىڭ يۇرتى رەزان ئۆلكىسىدە «يېسىنىن روسىيىسى» ناملىق سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ يۇقىرى دولقۇنى كانستىپانتىنو كەنتىدە ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن روسىيىنىڭ «يېسىنىن بايرىمى» بولدى.

## برودوبېسكىنىڭ ۋاپاتى روسىيەدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى

ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى رۇس شائىرى، 1987 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شائىر ئىئوسىپ برودوبېسكىنىڭ ۋاپاتى روسىيە ئەدەبىيات ساھەسىدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. «روسىيە ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ 1996 - يىلى 31 - يانۋار سانىدا «روسىيە شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئەڭ قايغۇلۇق كۈن» دېگەن تېمىدا روسىيە قەلەمكەشلەر مەركىزى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلەشمە گەۋدىسى، روسىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتى، موسكۋا يازغۇچىلار جەمئىيىتى، يازغۇچى بىتوۋ، «ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ نيۇ-يوركتىكى مۇخبىرى چېپلوۋ، ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھاجىر مىروسلاۋسكى، پېتربورگلۇق شائىر كوشنېر قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ تەزىيە سۆزلىرىنى ئېلان قىلدى. برودوبېسكى بۇ يىل 28 - يانۋار كەچتە كېسەل سەۋەبى بىلەن 55 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## ئۇ شېئىرلىرىدا كىشىلىك تۇرمۇش توغرىلىق ئىزدەندى

بۇ يىل 73 ياشقا كىرگەن ۋىسۋاۋا. شىنبورسكا 1901 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن توققۇزىنچى پولشالىق، شۇنداقلا دۇنيادىكى مۇشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن توققۇزىنچى ئايال يازغۇچى.

شىنبورسكا 1923 - يىلى 2 - ئىيۇل كورنىكتا تۇغۇلغان. كېيىن كراكوۋدا ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1945 - يىلدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان. 12 شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۆزۈمگە سوئال» ناملىق شېئىرلار توپلىمى داڭلىق.

پولشانىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى «ئۆزۈمگە سوئال» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى شىنبورسكانىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدا گۈزەل شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق زامانىمىزدىكى زورمۇ-زور مەسىلىلەر، پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

73 ياشقا كىرگەن بۇ شائىر فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە نۇرغۇن شېئىرلىرىنى پولەك تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ يەنە ئىككى ئەدەبىي ئوبزورلار كىتابى نەشر قىلىنغان.

**خاسىيەت ئەمەت تەييارلىغان**

## «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

### يېڭى روماندىن تاللانما

قەييۇم تۇردى..........جىمجىت جۇڭغارىيە (روماندىن پارچە) ........4-سان
توختى ئايۇپ..........تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى (روماندىن پارچە) .......7-سان
مەتمىن ھوشۇر..........قۇم باسقان شەھەر (روماندىن پارچە) ......8-سان

### پوۋېستلار

مەتسېلىم مەتقاسىم..........باھار يەنە كېلىدۇ ..........1-2-سان
تۇرسۇن يۇسۇپ..........رازىيە ..........2-سان
ئادالەت ھەبىبۇللا..........بۇمۇ بىر ھايات يولى ..........3-سان
تۇرسۇنجان مۇھەممەت..........كوھىقاپتىكى تەبەسسۇم ..........5-سان
باھارگۈل ساۋۇت..........ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ..........6-سان
توختى سابىر..........قىر ئاشالمىغان يىللاردا ..........7-سان
ئابباس مۇنىياز..........كۆيلەر كۆزى ..........8-سان
تۇرسۇنجان مۇھەممەت..........قاينام ..........9-سان
سۇلتان ھاشىم..........خەير-خوش، يەر شارى (فانتازىيىلىك پوۋېست)...10-11-سان
روزى ھوشۇر..........قەھرىمانىنىڭ ئوغلى ..........11-سان

### ئەدەبىي ئاخبارات، ئۇچېرك، زىيارەت خاتىرىسى، ئەسلىمە

نۇرمۇھەممەت توختى..........خوتەندىن خەت (ئەدەبىي ئاخبارات) ......1-2-سان
تۆمۈر داۋامەت..........ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتكە زىيارەت (سەپەر خاتىرىسى)...1-سان
ئابدۇكېرىم ھاشىم..........ئۇنتۇلماس كۈنلەر (ئەسلىمە) ......2-سان
نۇرمۇھەممەت توختى..........تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە (ئەدەبىي ئاخبارات) ....4-سان
مۇھەممەد سالىھ مەتروزى..........مۇھەببەت (ئەدەبىي ئاخبارات) ......5-سان
روزى ھوشۇر..........خەتەرلىك «ياغاق» (ئوچېرك) .....5-سان
نۇرمۇھەممەت زامان..........ئەقىدە (ئەدەبىي ئاخبارات) .....5-سان
مۇھەممەت شاۋۇدۇن..........كۆكتۆل ئېكرانىمىدىكى سۈرەتلەر (ئەسلىمە) ...7-سان

نۇرمۇھەممەت توختى......يېتىم بالىلارنىڭ كەلگۈسى گۈزەل بولسۇن (ئەدەبىي ئاخبارات)...8-سان

ئۆمەر ساۋۇت......ئاخىرقى دەقىقە (خاتىرە)......8-سان

ئابلىز ئوسمان......يىلتىز كۆكلەيدۇ (ئەدەبىي ئاخبارات)......10-سان

دولقۇن ئەلى......قۇياشقا تۇتاشقان يول (ئەدەبىي ئاخبارات)...10-سان

ئابدۇۋەلى قادىر......كەڭسايدىكى قانلىق جەڭ (ئوچېرك)......11-سان


## ھېكايىلەر


مەتقاسىم ئابدۇراخمان......مىتە......1-سان

توختى سابىر......ئاچامنىڭ چېپى......1-سان

ئا. ئابدۇقادىر......بۆرە ئىت......1-سان

ئەخمەت خېۋىر......پەرىشتە......1-سان

داۋۇتجان ساۋۇت......دوستۇمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى......2-سان

غوپۇر شاكىر......ھۇنەرۋەن......2-سان

جاپپار قاسىم......غايىب بولغان يازغۇچى......2-سان

رىزۋانگۈل يۈسۈپ......جىگدە چېچىكى......3-سان

غۇنچەم سەمەت......قوغۇنچى......3-سان

مۇھەممەت ئىمىن......يالپۇز......3-سان

ئابدۇرېشىت سابىت......ھېساب......3-سان

ماخمۇت مۇھەممەت......ئىككى ھېكايە......3-سان

غالىپ قۇربان......ئايدىڭ كېچە......3-سان

جالالىدىن بەھرام......ئېقىندىكى ياپراق......4-سان

ئەنۋەر مۇھەممەت......تەمبۇر......4-سان

ئوسمان ھوشۇر......مۇئەللەقتىكى ئويۇنلار......4-سان

تۇرسۇن مۇھەممەت ئىمىن......ئىككى ھېكايە......4-سان

ئېزىزجان سادىر......يۇلغۇن......5-سان

ھەجەرگۈل ئىبراھىم......سۇلغان گۈل......5-سان

داۋۇت مەتنىياز......خىلۋەت ئېقىن......5-سان

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار......پەرىدە......6-سان

ئايمەھەممەت ساھىبى......پۇرسەتپەرەس......6-سان

ئابلىتىپ ھېمىت......ۋەسىيەت......6-سان

قۇربان ئېلى......مىكرو ھېكايىلەر......6-سان

ئابلا ئىسھاق......ئاق ئاتنىڭ ھېكايىسى......7-سان

ماخمۇت مۇھەممەت..............يېڭى دەرۋازا ..........7-سان
مەتمىن شىپە...............تۆگمەس جېدەل ..........7-سان
توختاش بەكرى...............ھەمتاۋاقۇپ ..........7-سان
ياسىنجان سادىق...............قاغا ..........9-سان
ئەركىنجان ئەمەت...............باقىنىڭ كۆڭلىرى ..........9-سان
توختاش بەكرى...............مامۇت كۆچمەن ..........9-سان
ئەركىن سابىر...............سالام، يورۇق دۇنيا ..........10-سان
نۇرىيە ئابدۇكېرىم...............نۇرلىنىپ كەلگەن سەھەر ..........10-سان
داۋۇت مەتنىياز...............چۇلۇق تاۋۇز ..........10-سان
مالىك كېۋىر...............باھار ئاپتىپى ..........11-سان
تۇرسۇنجان ھاشىمى...............قانۇن دەرۋازىسى ئالدىدا ..........11-سان

## نەسرلەر

ئەخمەت كېۋىر...............دادا، بىزگە ئاراملىق بەرگىن ..........3-سان
زۇلپىيە ئابدۇراخمان...............ئاشىقلىق چۈشى ..........6-سان
تەلئەت قادىرى...............ئىككى نەسىر ..........7-سان

## شېئىرلار

ئابابەكرى توختى...............گۈزەللىك ۋەسلىگە تويۇنغان جاھان ..........1-سان
جۇمە ئابدۇغېنى...............ئۈچ تەخمىس ..........1-سان
قېيۇم سوپى...............يۈرىكىمدە ئۈنىڭ يىلتىزى ..........1-سان
ھوشۇر ئىبراھىم...............غەزەللەر ..........1-سان
ئىبراھىم ئىزاقى...............ئۆچمەس چاقماقلار ..........1-سان
ئادىل تۇنىياز...............شائىرنىڭ كۆڭلىرى ..........1-سان
ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى...............بۇ يوللاردا ياتار مىڭ سېھىر ..........1-سان
تايىپاس تاھىر...............شائىرغا تەبىر ..........1-سان
ئالىمجان ياسىن...............بىر كۆزۈم تولۇن ئاي، بىر كۆزۈم قۇياش ..........1-سان
ئىلھامجان ئابلىز...............غەزەللەر ..........1-سان
ئەسقەر ياسىن...............ئىككى شېئىر ..........1-سان
مۇھەممەت سالىم...............سۆيگۈ ئىھراملىرى ..........1-سان
ئەكبەر نىياز پەتتارى...............سەھرايىم ..........1-سان

مۇھەممەتجان راشىدىن.........شۇ ئادەملەر ........2-سان
رەخىم قاسىم.........رۇبائىيلار ........2-سان
ئابلەت ئابدۇللا.........ۋىسال قۇچسام مۇبادا ........2-سان
مۇھەممەت روزى.........ياشلىقىمنى تالاشما يىللار ........2-سان
نۇرمۇھەممەت زامان.........دېڭىزدا سەھەر ........2-سان
مۇھەممەت ئىمىن.........يېڭىش تۇيغۇلىرى ........2-سان
ياسىن زىلال.........ساداقەت (داستان) ........2-سان
مامۇت زايىت.........ئەجداد ئابىدىسى ........3-سان
مەھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا.....ئاتا ........3-سان
ئابلىز ئوسمان.........قوملۇقتىكى ئىزلار ........3-سان
مۇنەۋۋەر قۇربان.........ئاي شولىسى تۆنگەن يوللار ........3-سان
تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن.........قارىچۇقۇمدا ئاقاردى سۈبھى ........3-سان
تۇرنىسا ئوسمان.........ئۇچراشقاندا كۆزىمىز بەزەن ........3-سان
ئىبراھىم نىياز.........ئايال ........3-سان
كامىلجان ھەسەن.........پەر قېقىپ كەلگەن قۇشاقلار ئوت گويا ........3-سان
تەلئەت قادىرى.........كۆزۈڭدىكى ۋەتىنىم ........3-سان
ئابلىكىم خېۋىر.........نىم پەدە (باللادا) ........3-سان
تۇرغان شاۋۇدۇن.........تۇتاش تۇپراق، تۇتاش كۆك ئاسمان ........4-سان
ئابدۇللا تالىپ.........باھار مۇھەببىتى ........4-سان
مۇسا ئەھەد.........بولارسەنمۇ چۈشۈمدىكى ئايتېكىن ........4-سان
ئابلەت ئەخمەت.........بىر ئالەمنى كەتتىك ھاپاشلاپ ........4-سان
ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى.........ئىككىنچى مۇھەببەت ........4-سان
تۇراپ دايىم.........ئاق بۈژغۈنلار گويا ئەتىرگۈل ........4-سان
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت.........دەرەخلەردىن ساقىيدۇ يۇلتۇز ........4-سان
مۇساجان يۇنۇس.........بالقىپ چىقتىم تىنىقلىرىڭدىن ........4-سان
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر.........ھايات نەزمىلىرى ........4-سان
ئابلىز ھوشۇر.........ئالقىنىڭدا جەننەت ئەندىزى ........5-سان
ئابدۇرېھىم ئابدۇللا.........ئاتام مېنى مىندۇردى ئاتقا ........5-سان
ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن.........ئەللەي ئېيتەر تەبىئەت ئانا ........5-سان
ھاجى مىرزاھىد كېرىمى.........بۇ ئەمەس زىمىستان چېچەكلىرى ........5-سان
مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)... شېئىر يازدى قەلبىمگە شېئىر ........5-سان
مۇھەممەتجان راشىدىن.........مەن باھارنى ھەر كىمنىڭ يۈرىكىدىن سورايمەن...5-سان
تاھىر تالىپ.........ئارىلىقتا بىر ئەزىم دەريا ........5-سان

ئابدۇكېرىم مەخسۇت (بۇلبۇل)...... كۆكۈل چاچقۇلىرى ..................5-سان

ئەركىن داۋۇت..................ئانا سەھرا، سىياقىڭ بىر گۈل ..........5-سان

ئىدرىس روسۇل..................مەڭگۈلۈك ئىنتىلىش ..................5-سان

پەرھات مۇھەممەت...............ئارسلان غەزەللىرىگە مۇخەممەس ..........5-سان

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن..............يۇلتۇزلىرى ئويغاق ئالەمنىڭ ...........6-سان

مۇساجان يۇنۇس...................غەزەللەر ..........................6-سان

ئابدۇرېھىم زۇنۇن................ سۆيگۈ پۈتمەس، ئالەم قېرىماس ..........6-سان

ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن) ........قۇچقىڭ مۇھەببەت ئۇچقى گويا ...........6-سان

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت..............سەھەردىكى سەھرا ......................6-سان

ئابدۇقادىر ھەسەن................ئاقسۇ دەرياسى ........................6-سان

غوجا مۇھەممەت قابىز.............كەچكىچە ..............................6-سان

جاببار ئەمەت....................بولسام ئەگەر يۈكسەك بىر قىيا ..........7-سان

ئۆمەر ئوسمان شىپاھى...........دېھقان مۇقەددەس ......................7-سان

مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)... قىسسە سۆزلەپ كېلىدۇ خىزىر .................7-سان

ئەركىن مۇھەممەت كامالى.........ھەر كۈنى بىر باھار ياساۋاتىمىز ..........7-سان

نۇرمۇھەممەت توختىنىياز......... شېئىرلار .............................7-سان

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇراخمان.........يۇرتۇم ...............................7-سان

ئابلەت ئەخمەت...................يۈرەك بولۇپ يارالغان زېمىن ..............7-سان

ئابلەت ئابدۇللا.................ئۆز-ئۆزىنى يوقىتىش .....................7-سان

ئەخمەتجان تۇرۇپ.................ئايدىڭدىكى زۇمرەت شوللار ...............7-سان

ھۈسەن روزى تىرىك...............ئىككى شېئىر ...........................7-سان

ھەسەن تىلىۋالدى.................سۆيگۈ ئالار ئىمتىھان ..................7-سان

سىدىق قاۋۇز......................يىراق يۇرت ئىلھاملىرى ...................7-سان

مۇسا ئەھەد.......................غەزەللەر ..............................7-سان

ئەيساجان تۇردى...................سەبىي مۇھەببەت ........................7-سان

نۇرمۇھەممەت جېلىل...............راست ۋە يالغان ........................7-سان

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن................مىسلى ئالەم بەختىم مېنىڭكى ..............8-سان

مەتقاسىم مەتنىياز................چىراغ تۈۋىدىكى كۆلەڭگىلەر ...............8-سان

مۇتەللا ئىبراھىم.................ئاقىن، قىران دەرياسى ..................8-سان

مۇسا ئەھەد.......................ئۈزۈك تىنىقلار ........................8-سان

ئەركىن روزى.......................يۈرەك دېگەن ...........................8-سان

ياسىن زىلال.......................خىيال پەرۋازلىرى ......................8-سان

مۇھەممەت خېۋىر...................پىنھان غەزەللەر ........................8-سان

ئىبراھىم ئەلى............ئىلھام چەشمىلىرى ....................8-سان
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت..........كۆكۆل ئارمانلىرى ....................8-سان
ئىبراھىم ئىزاقى............ئانا دىيار كۈيلىرى ....................8-سان
ئابدۇشۈكۈر راشىدىن..........سەن بۇلاق، سەن ئانا قۇش ...............9-سان
ئەخمەت ھامۇت..............سەن ئادەمسەن، تەگرىدىن ئۇلۇغ ..............9-سان
ئوسمان ھوشۇر.............ئۇ غەۋۋاسنۇر پەن ئوكيانىدا ...............9-سان
ئەكرەم ئابدۇمجىت..........ناخشا ئېيتار روھىي ئىنژېنېر ..............9-سان
ئۆمەر ئىمىن................شېئىر ۋە قىتئەلەر ....................9-سان
مۇھەممەتجان راشىدىن..........تاتلىق تىلەكلەر ....................9-سان
روزى ھاپىز..................يار .............................9-سان
تەلئەت ناسىرى...............ئالەم گۈزەل .......................9-سان
مامۇت زايىت.................سۆيگۈ چاقچاقلىرى ....................9-سان
ھوشۇر ئىبراھىم...............غەزەللەر ........................9-سان
قېيۇم سوپى...............كۆزلىرىڭ سۈبھىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنى .........9-سان
مۇھەممەت روزى...............گۈلگۈن قەترىلەر ....................9-سان
كېرىمجان سۇلايمان..........ئالدىمدا ئاقارغان بىر دۇنيا ..............9-سان
ئەخمەتجان تۇرۇپ.........قەلبىمدە، پۈرەكلەپ قالدى سېغىنىش .........9-سان
ئادىل تۇنىياز.............. ئاتا، سەن نەدە .....................9-سان
تۇرسۇنجان ھاشىمى...............ئىككى بۆشۈك ...................9-سان
جاببار ئەمەت............ئانا يۇرت ھەققىدە قەسىدە ................10-سان
تەلئەت ناسىرى...............ئالتاي ئارمانلىرى ....................10-سان
ساداقەتجان ھاجى.........ھەممىنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى ۋەتەن ..........10-سان
مۇھەممەتجان سادىق.......ئاتام ئۆتكەن يۇرت، ئانام ئۆتكەن يۇرت ....10-سان
مۇساجان يۇنۇس.........بۇ دۇنيا جەسۇرلارغا ئىجىل، ئامراق ...........10-سان
ئوسمانجان ساۋۇت..............تۇن تىۋىشلىرى ....................10-سان
تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن..............زۆھرە يۇلتۇز ....................10-سان
روزى سايىت..........مادار ياشتىن ئارتۇق، ئىجاد نەۋقىران ..........10-سان
ساۋۇتجان تاھىر...............ئىككى غەزەل ......................10-سان
مەمتىلى مەنسۇر...............ئىككى شېئىر ......................10-سان
ئابدۇللا كېرىم.............تەلپۈنگەن يۈرەك ....................10-سان
ئەخمەتجان تۇرۇپ..............قىلار پاكلىق تەبەسسۇم ...............10-سان
مۇنەۋۋەر قۇربان..............خىزمەت مىلودىيىسى ....................10-سان
ئۆمەرجان شاۋۇدۇن..............ۋىسال ئارزۇلىرى ....................10-سان

ئەسقەر ياسىن..................ھايات نۇرى ...........................10 ـ سان
مۇرات ناسىر..................كۈتۈش ...........................10 ـ سان
ھاۋاخان ئەخمەت..................تويۇك بولغان كۈن .........11 ـ سان
ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى..................رەيھان ...........11 ـ سان
ئامانگۈل ئېلى.................. ئىككىنچى باھار مۇقەددىمىسى ...........11 ـ سان
ئابدۇشۈكۈر راشىدىن..................سەككىزىنچى قىتئە ...........11 ـ سان
ئۆمەرجان مۇھەممەدى..................ئوغلۇمغا ...........11 ـ سان
دىلشات قېيۇم.................. قېنى ...........11 ـ سان
شەۋكەت ئىبراھىم..................يامغۇرلۇق دالا ...........11 ـ سان
مۇھەممەت مەتېلى..................ئىككى قىتئە ...........11 ـ سان
ئاينۇر نىياز.................. دەرەخ ۋە ياپراق ...........11 ـ سان
كۈرەشجان ھۇسەيىن..................رۇبائىيلار ...........11 ـ سان
مەھەممەتجان راشىدىن..................غەزەللەر ...........11 ـ سان
مۇسا ئەھەد..................كېلەر شۇگۇپ بىر دەستە نۇر ...........11 ـ سان
ئابلىز ھوشۇر.................. بىر ئۆمۈر پەرۋانىمەن ...........11 ـ سان
ئابدۇرېھىم زۇنۇن.................. سەن سەھرانىڭ ئاددىي بىر گۈلى ...........11 ـ سان
ئادىل تۇنىياز.................. مۆجىزىلەرنىڭ تىكىچىنى سۆككەندە ...........11 ـ سان
ئابدۇرېھىم سىدىق..................رۇبائىيلار ...........11 ـ سان
تۇراپ ھەسەن..................ئىسسىقلىق يەتكۈزگىن، قىشتا ئوت بولۇپ ...........11 ـ سان
ئابدۇسەمەت خېلىل..................ئۆتۈنۈش ...........11 ـ سان
ئابدۇلئەھەت قادىرى..................غەزەللەر ...........11 ـ سان
تەلئەت قادىرى..................تاغ قەلبىدە ...........11 ـ سان
ئابدۇلھېكىم مەخسۇم.................. چىمەنلەر جىلۋىسى ...........11 ـ سان
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم.................. سۆيگۈ تۇمارى ...........11 ـ سان
ئابلىمىت سەمەت..................كۆكۈل سۈرەتلىرى ...........11 ـ سان
ئابلەت ئەخمەت..................بەختلىك ياشاشقا كۆپ ئەجىر كېرەك ...........11 ـ سان
ئەخمەتجان ئىمىن ئارمان..................ئىككى شېئىر ...........11 ـ سان

## ئۆمىد چېچەكلىرى

ئىدرىس روسۇل تەمكىن..................ئىككىنچى يوقتىش ...........2 ـ سان
ئۆمەرجان سىدىق..................باغرىمغا يېقىلغان سۆيۈملۈك لالەم ...........2 ـ سان
مۇھەممەت كامال..................ياپراقتىكى شەبنەم جۇلاسى ...........2 ـ سان
مۇرات ناسىر..................شاراب غەۋغالىرى ...........2 ـ سان
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم يىلتىز.................. پاشا، شىر ۋە ئىت ...........2 ـ سان
ئۆمەرجان شاۋۇدۇن..................ئۈچ غەزەل ...........2 ـ سان
ئابلىمىت مىجىت.................. تەگۈگلۇقتا ياشايدۇ جاھان ...........2 ـ سان
ئەخمەتجان تۇرۇپ..................سەھرا بەرگەن مىسرالار ...........4 ـ سان
ھاشىمجان قادىرى..................ئېھ، بۇ تۈنجى ئاۋغۇست كېچىسى ...........4 ـ سان

ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈر.......... مەڭگۈلۈك ھەيكەل ...............4-سان
ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق.......... قۇياش كۈلەر تۈڭلۈكتىن ماراپ ........4-سان
ئۆمەرجان مۇھەممەدى.......... تەنھالىق كۈيلىرى ........4-سان
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت.......... كۆز ۋە قىز .........4-سان
نۇرمۇھەممەت خېلىل.......... ئېسىڭدىمۇ، سۆيۈملۈك موما ........4-سان
ۋارىسجان قاسىم.......... ئىزلىرىڭغا ياپالمىدىم گۈل ........4-سان
پاتىگۈل ياسىن.......... ئۇقيادەك كىرپىكلەر ئۈستىدە شەبنەم ......7-سان
ئەخمەتجان ئىسمائىل.......... ئاپرېلدىكى ئۇچرىشىش .......7-سان
ئابدۇلھېكىم مەخسۇم.......... ئۆزۈڭنى خىزىر دەپ ئېيتساڭ كۇپايە .......7-سان
ئابدۇراخمان زۇنۇن.......... ھەر تاڭدىن تۇغۇلىدۇ يېڭى كۈيلەر .......7-سان
كامىلجان ھەسەن.......... غالىبلىق ناخشىسى .......7-سان
ھاجى قاۋۇل.......... سەن كەلدىڭ، ئۆزۈمنى سەزدىم ئەرشتە ......7-سان
ئۆمەرجان مۇھەممەدى.......... پەسلىسىز مۇھەببەت ........7-سان
غوجامۇھەممەت مۇھەممەت.......... سەھرا گۈزىلى ........7-سان
بوۋاقى.......... سەن كېمەمگە ئولتۇر ئانىجان ........7-سان
كامىلجان ھەسەن.......... مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم ........8-سان
كۆرەشجان بارات.......... كۆڭۈل ۋە تۇرمۇش .........8-سان
توقسۇن ئابدۇرېشىت.......... روبائىيلار .......8-سان
قۇربان ئابلىمىت.......... كەلسە ........8-سان
ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى.......... دەم بولمىساڭ كۆكسۈمدە پىچاق .......8-سان

## تەرمە گۈللەر

خالىدە ئىسرائىل.......... تىمتاس شەھەر (ھېكايە) ........3-سان
مەھەممەت ئىمىن.......... ئازاب (ھېكايە) .........6-سان

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇھەممەت ئىمىن جاپپار.......... ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ........1-سان
مۇھەممەتجان سادىق.......... شېئىرىيىتىمىزدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ...2-سان
قاۋسىلقان قامجان.......... تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيەت پەزىلىتى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلى .......3-سان

**ئابلىكىم ئابلىمىت**.......« ئاي يامغۇرى » رومانىدىكى تراگېدىيە .......4-سان
**مۇھەممەت ئىمىن**.......تۇرمۇشنى بايقاش ۋە بەدىئىي يىغىلىق .......5-سان
**قاۋسىلقان قامجان**.......ئەدەب ۋە بالىلار ئەدەبىياتى .......6-سان
**تۇرسۇن ھۇسەيىن**.......يۇمۇر ۋە بالىلار ئەدەبىياتى .......6-سان
**ئەنەيتۇللا قۇربان**.......شېئىرىيەت ئىجادىيىتىكى « بوشلۇق » ئىپادىسى ھەققىدە .......6-سان
**كېرىمجان ئابدۇرېھىم**.......مەھەممەت باغراشنىڭ ئىزلەنمە ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى .......8-سان
**باتۇر مەخسۇت**.......ئالىيجاناپ روھ ۋە ھەسرەتلىك مۇھەببەت .......9-سان
**ئەھمەت ئىمىن ھاجى جۇبەيرى**.......تارىخىي رومانچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى .......10-سان
**مەھەممەت تۇرسۇن ئېلى**.......ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللار .......11-سان

## ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا

**ئابلىمىت ئىمىن**.......ئەدەبىياتىمىزدىكى بەزىبىر ئىللەتلەر توغرىسىدا ...7-سان
**ئابدۇۋەلى كېرىم**.......قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر چاچما شېئىر ژانىرى .......8-سان

## ئەسەر ۋە باھا

**بارىجان زەپەر**.......« دەرۋازىۋەن » نىڭ خاسىيىتى .......1-سان
**خەلچەم رېشىت**.......« ئالتۇن چىشلىق ئىت » تىن تۇغۇلغان ئوي-پىكىرلەر ...3-سان
**ئابدۇللا مەتقۇربان**.......ئەل ئوغلىغا ئوقۇلغان مەدھىيە .......4-سان
**ئىسمائىل تۆمۈرى**.......« ئالتۇن چىشلىق ئىت » ھېكايىسى توغرىسىدا ...6-سان

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

**جۇمادىل مامان** (قازاق).......قازاقلارنىڭ قانتى ئۆلەڭ (شېئىرلار) .......6-سان
**خالىپە ساۋۇت** (قىرغىز).......يامغۇر تەپتى (ھېكايە) .......8-سان
**ئاتىكەم زەمىرى** (تاجىك).......مۇز تاغنىڭ يۈرىكى (ھېكايە) .......10-سان
**تۇردى ئاخۇن ئەركباي** (تاجىك)....چوپاننىڭ تويى (شېئىرلار) .......10-سان
**قۇربانەم ئاخۇنباي** (تاجىك)....قۇياشنىڭ زىياسىدۇر ئارمانلىرىم .......10-سان

## چەت ئەل ئەدەبىياتى

ئۆ. ھېنرى..........ئالدىراش ۋاكالەتچىنىڭ رومانىنىڭ تارىخى......7 - سان
جىبران..........مۇزىكا (نەسر) ..........8 - سان
چەت ئەل ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن........9 - سان

## بالىلار ئەدەبىياتى

ئابلىمىت قۇربان ساھابى.........يۇلتۇزۇمنى تاپىمەن (شېئىر) ..........6 - سان
مەھەممەت روزى..........نەي چالدۇ بىر بالا (شېئىر)..........6 - سان
ئابلىكىم ھەسەن..........قۇلۇلە شاھزادە (شېئىر)..........6 - سان
مەتىمىن بارى..........ئىشەندىم (شېئىر)..........6 - سان
ئەركىن داۋۇت..........يۇمران كۆيلەر (شېئىر) ..........6 - سان
ئەنۋەر مۇھەممەد..........قويچى بالا (ھېكايە)..........6 - سان
ئەخمەتجان قۇربان..........باھار شاملى (بالىلار چۆچەكى) ..........9 - سان
ئەخمەتجان قۇربان..........بېخىل ۋە بۇغا (چۆچەك) ..........11 - سان
ھاجى ئەخمەت كۆلتېكىن..........يۇمران گىياھلار (شېئىرلار) ..........11 - سان

## ماقالىلەر

«تارىم» نادىر ئەسەرلەر ۋە تالانت ئىگىلىرىگە
تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ ..........1 - سان
ۋېن لېيىڭ..........«ئاساسىي مۇقامنى چارىي قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلىش» توغرىسىدا ..........1 - سان
مەھەممەت شاۋۇدۇن..........نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرەيلى...2 - سان
قەييۇم تۇردى..........ئۇتۇق ئىلان قىلىنغانلىقىنىڭ 54 يىللىقىنى خاتىرلەيمىز..7 - سان

## پېشقەدەملەر مۇنبىرى

رىشىت مەخسۇت..........روبائىي ۋە پارچىلار..........5 - سان
مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى..........شېئىرلار ..........11 - سان

## ئەدىبلەر سۆھبىتى

ئەي چىك ........... شېئىرىيەت ھەققىدە ..................9-سان
ھازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت خاتىرە ئەسەرلىرىدىكى
شۆيەن ........... توقۇلما ۋە ساختىلىقلار ..........11-سان

## مىراس جەۋھەرلىرى

ئېشەككە قانداق مىنىش كېرەك (مەسەل) ....5-سان
ئەخەت ھاشىم ........... ئىككى مەسەل ...........................3-سان

## كىتابخانىلاردىن خەت

ھېلىم مۇللابېۋ ............. «روھىي ھالەت تەسۋىرى توغرىسىدا» دېگەن
ماقالىنى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم..........3-سان
ئەنۋەر تۇردى .............. ھېكايىچىلىقىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر ........ 7-سان

## يۇمۇرلار ۋە ساتىرالار

يۇمۇرلار ........................................... 6-سان

## ئەدەبىي ھايات ئۇچۇرلار


تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.........................1-سان
«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەسرىي ئەسەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى...2-سان
خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
بىرلىكتە ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈردى.....2-سان
ئۇچۇرلار .........................................2-سان
قايغۇلۇق خەۋەر ..................................4-سان
ئۇچۇرلار .........................................5-سان
ئۇچۇرلار .........................................7-سان
پايتەختتىكى ھەر ساھە زاتلىرى ئەي چىك بىلەن ۋىدالاشتى ........8-سان
ئۇچۇرلار .........................................9-سان
قايغۇلۇق خەۋەر ..................................9-سان
ئۇچۇرلار .........................................10-سان
كىتاب خەۋەرلىرى ..................................11-سان




ئۇچرىشىشتىن خاتىرە



لۈكچۈن بازىرىدا



دېھقان ئاپتورلار ئارىسىدا



ھەر مىللەت ئاپتور-
لىرى قەلبداش



مۇقام ئەۋلادلىرىنىڭ ئويۇنى

قىيۇم تۇرسۇن فوتوسى






《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》 电子排版中心
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1996-يىل 12-سان ( 430-سان ). 46-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. « بوغدا » ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002—9044
国内统一刊号：CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 00528139 号